# ئۇيغۇر
# خەلق چۆچەكلىرى

14

شنجاڭ خەلق نەشرياتى

2

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

14

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ساتتار توختى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندا ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: جېلىل مۇھەممەت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام
مەسئۇل كوررېكتورى: خەيرنىسا ئاسىم

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (14)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ساتتار توختى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم، 1/32 باسما تاۋىقى: 9.75
1993 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
1993 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 5,900
ISBN7—228—02473—7/I·864
باھاسى: 2.55 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

قۇندۇز بىلەن يۇلتۇز ........ 1
سىرلىق شاپتۇل ........ 20
نەيرەڭۋاز ........ 25
بۆرە بالىسى ........ 44
شەپەرەڭنىڭ سەرگۈزەشتىسى ........ 46
ئېيىقچاقنىڭ مېھمان چاقىرىشى ........ 48
تەييارغا ھەييار مۈشۈك ........ 53
قوغۇنچىنىڭ باھاسى ........ 55
نىيەت ........ 57
يانتاقچى يىگىت بىلەن يەكچەشمە ........ 59
ئالتۇن ۋە قەلەم ........ 67
پادىشاھ بىلەن مالچى ........ 69
ئالتۇن ئېگەر ........ 77
ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش ........ 86
ئۇمرشاھ بەگ ........ 94
ئەقىللىك مەلىكە ........ 100
شىپالىق ئوت ........ 107
تۆت تال بۇغداي ........ 112
يەككە تاز بىلەن يەتتە تاز ........ 114
ئۇگەمبەردى ........ 119
قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ مەلۇم بولىدۇ ........ 124
زاكىر بىلەن شاكىر ........ 130
ئادالەت كۆچىتىنىڭ مېۋىسى — گۆھەر ........ 132

تەلۋە كۆيئوغۇل ...... 138

كۆز پەرىخان ...... 147

ئەقىللىك كەنجى قىز ...... 159

كۆڭلەك ...... 164

تۈلكە بىلەن توشقان ...... 166

بەختىنى تاپقان باللار ...... 170

هەر كىشىنىڭ كاللىسىدا بىر خىيال ...... 175

ئالتۇن قول ...... 177

نۇرتاي بىلەن ئىمىنتاي ...... 181

ئالتۇن ئالما ...... 191

قۇياش، ئاي ۋە خوراز ...... 194

كىمنىڭ كارامىتى چوڭ؟ ...... 196

ئەتىرگۈل پەرى ...... 198

بەخت قۇشى ...... 200

ئەڭ قىممەتلىك نەرسە نېمە؟ ...... 203

ئامبالنىڭ چارىسى ...... 206

تاش قازى ...... 208

سىلىقلىقىدىن يىللىقلىقى ياخشى ...... 211

دېۋىنى قورقۇتقان باتۇر ...... 217

ۋەزىرنىڭ پاراستى ...... 222

هاۋاغا ئۇردا سالىدىغان ئۇستا ...... 233

ئېشەكباش پادىشاه ...... 247

ياخشى نىيەت بەختكە هەمراھ ...... 265

قارا چاچ قىز ...... 276

شاهزادىنىڭ خۇلاسىسى ...... 289

# قۇندۇز بىلەن يۇلتۇز

بۇرۇنقى زاماندا گۆر ئوغلى سۇلتان دېگەن بىر شاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ مەملىكەتنى گۈل- لەندۈرگەچكە پۇقرالارنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم، تۇرمۇشى باياشات ئىكەن. گۆر ئوغلى سۇلتانىنىڭ ئەۋەزخان ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن ئەقىللىك، ئىرادىلىك ۋە باتۇر بولۇپ چوڭ بوپتۇ. ئەۋەزخانىنىڭ قىرىق يىگىتى دائىم ئەۋەزخان بىلەن بىرگە شىكارغا چىقىدىكەن، جەڭ ماھارەتلىرىنى ئىگىلەيدىكەن.

پادىشاھ ئەۋەزخانىنىڭ ئون ئالتە ياشقا كىرىپ قىران يىگىت بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆيلەپ قويۇش نىيىتىگە كەپتۇ- دە، ئوردا مەسلىھەتچىلىرىنى چاقىرىپ ئۆز پىكرىنى ئېيتىپتۇ، ئوردا مەسلىھەتچىلىرى تۈرلۈك مۇلاھىزىلەرنى قىلىشىپ بىر قانچە قىزلارنى كۆرسىتىشىپتۇ. ئاخىرى بايلىقتا غەنى دەرىجىگە، ئۆلىمالىقتا ۋەلى دەرىجىگە يەتكەن مىرئەلى دېگەن سوداگەرنىڭ گۈلچېھرە ئىسىملىك قىزىنى مۇۋاپىق كۆرۈشۈپ- تۇ. مەسلىھەت بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، مىرئەلىنىڭ ئۆيى- گە ئەلچى ئەۋەتىپ مىرئەلى بىلەن بىرلىشىپ توي تەييارلى- قىنى باشلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەۋەزخان قىرىق يىگىتىنى ئەگەشتۈرۈپ شىكارغا چىقىپتۇ ۋە شىكاردىن قايتىپ گۈلچېھرەنى كۆرۈپ يان-

ماقچى بوپتۇ. ئۇ مېرئەلىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ ھەممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپتۇ. كېيىن قىرىق يىگىتى بىلەن گۈلچېھرە تۇرىدىغان مېھمانخانىغا كىرىپتۇ. ئۇ مېھمانخانا بوسۇغىسىدىن ئوڭ پۇتىنى ئېلىشىغا مېھمانخانىدا قىرىق كېنىزەكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان گۈلچېھرە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئەۋزخاننىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە:

— ماڭا سەندەك گۆدەكلەرنىڭ كېرىكى يوق، ئۆز لايىقىڭنى تېپىش! — دەپ ئاھانەت قىپتۇ. ئەۋزخان ئالدىدا قىرىق كېنىزەك، كەينىدە قىرىق يىگىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپتۇ. يا ئالدىغا ماڭالماپتۇ، يا كەينىگە يانالماپتۇ، ئاخىرى بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. يىگىتلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ ھۇجرىسىغا ئېلىپ كېتىپتۇ ۋە بولغان ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. گۆر ئوغلى سۇلتان ئەۋزخاننى ئالدىغا چاقىرىپتۇ. ئەۋزخان ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرگەن پېتى ئايىغىغا يىقىلىپ:

— ئەزىز ئاتا! ماڭا رۇخسەت قىلىڭ، ئۆز لايىقىمنى تاپمىغۇچە بۇ يۇرتتا تۇرمايمەن، — دەپ زار - زار يىغلاپتۇ.

گۆر ئوغلى سۇلتان تەختىدىن چۈشۈپ ئەۋزخاننىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ ۋە يول تەييارلىقىنى قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۈچ كۈن يول تەييارلىقى قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى پۈتۈن شەھەر خەلقى يولغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. گۆر ئوغلى سۇلتان ئەۋزخان بىلەن خوشلىشىدىغان ۋاقىتتا:

— ئوغلۇم، «ئەر قانىتى ئات» دېگەن تەمسىل بار، مانا بۇ ئاتامدىن قالغان دۇلدۇلنىڭ بالىسى، يوللار ئۇزۇن، مەنزىل يىراق، سەن بۇ دۇلدۇلنى مىنىپ ئۆز بەختىڭنى ئۆزۈڭ تاپ، ئاتا - ئاناڭنى، تۇغۇلغان ئېلىڭنى ئۇنتۇما، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر! — دەپ دۇئا قىلىپ يىغلاپ يولغا ساپتۇ.

ئەۋزخان ئاتىسى بىلەن خوشلىشىپ، دۇلدۇلغا مىنىپ يولغا چىقىپتۇ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى ئارقىدا قاپتۇ، مېڭىپتۇ-مېڭىپتۇ، چۆللەردىن كېيىن سايلار باشلىنىپ جاھان قىزىپ كې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىپتۇ. ئىسسىق ۋە تەشنالىق ئەۋەزخاننىڭ ئىرادىسىنى يېڭەلمەپتۇ، ئۇ چېكى كۆرۈنمەيدىغان سايدا ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانىكەن، بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزىگە بىر ئاق ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. «ئاھ، بۇ قانداق ئىش؟ بۇ سايدا ئاق ئۆي نېمىش قىلىدۇ؟...» دەپ ئويلاپ ئات چاپتۇرۇپ يېقىنلاپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئىنتايىن چوڭ ئاق سېپىل، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق تۇرغۇدەك. ئەۋەزخان ئات بىلەن دەرۋازىدىن كىرىپتۇ. ئوتتۇرىسى كەڭ كەتكەن تۈپتۈز مەيدان، ئەتراپى بىرقانچە ھۇجرا. دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا چوڭ بىر ئۆي بولۇپ ئىشىكى ئوچۇق تۇرغۇدەك. شۇ ئەسنادا ئاسماندىن بىر كۆك كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ مەيدان ئوتتۇرىسىدا قاراپ تۇرغان ئەۋەزخاننىڭ ئالدىغا چۈشۈپ بىر دومىلاپلا ئاجايىپ گۈزەل بىر قىزغا ئايلىنىپتۇ. ئەۋەزخان بۇ قىزنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بوپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەي گۈزەل! مەن بولسام گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەۋەزخان بولىمەن. مېنىڭ تەشنالىقىمنى قاندۇرۇپ مەن بىلەن بىللە مېنىڭ يۇرتۇمغا بارسىڭىز قانداق؟... دەپ سۆز باشلاپتۇ. پەرى قىز سۆز قىلماپتۇ ۋە دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىشىكى ئوچۇق تۇرغان ئۆيگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئەۋەزخانمۇ دولدۇلنى بىر باستۇرۇپ، ئىككى باستۇرۇپ ئۆينىڭ ئالدىغا كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا پۈتۈن بەدىنىنى قاپقارا تۈك باسقان بىر تۆمۈرچى تۆمۈرنى بازغانلاۋاتقۇدەك. پەرى قىز ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئېگىشىپ سالام بېرىپتۇ. لېكىن بۇ قارا تۆمۈرچى پەرۋاسىز ھالدا ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. پەرى قىز تەكچىدە تۇرغان چىلىمنى ئېلىپ تاماكا ساپتۇ ۋە قارا تۆمۈرچىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ. لېكىن تۆمۈرچى يەنىلا قاپىقىنى ئاچماي بىپەرۋا تۇرغۇدەك. ئەۋەزخان بۇ ئىشلارنى كۆرگەندىن كېيىن چىداپ تۇرالماي يەنە:

— ئەي گۈزەل قىز، مەن بولسام گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ

ئوغلى ئەۋەزخان بولىمەن. مەندەك بىر شاھزادە بىلەن بىزنىڭ ئەلگە كەتىسىڭىز قانداق؟ بىزنىڭ يۇرتىمىزغا بارسىڭىز، سىزنى كۆز قارىچۇقۇمدەك ئاسرايتتىم، — دەپتۇ. قىز يەنىلا سۆز قىلماپتۇ ۋە چىلىمنى تۆمۈرچىگە ئەكىلىپ بەرگەندىن كېيىن ئارقىسىغا يېنىپ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەپتۇ. ئەۋەزخانمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپلا كەپتۇ ۋە يەنە:

— ئەي گۈزەل قىز، مەن بولسام گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئوغلى بولىمەن. بۇنداق چۆلدە يۈرگۈچە بىزنىڭ گۈزەل يۇرتىمىزغا مەن بىللە كەتسىڭىز قانداق؟— دەپ تەلمۈرۈپتۇ. شۇ ۋاقىتتا قىز ئەۋەزخانغا يەر ئاستىدىن بېقىپ:

— ئەي ئەۋەزخان، سېنىڭ ئەھۋالىڭ ماڭا بەش قولدەك ئايان. سەن يەنە ئالتە يىلدىن كېيىن ئۆلىسەن، شۇڭا ئۆز بېشىمغا بالا تېرىپ، تۇل بولۇشنى خالىمايمەن. ئەجىلىڭ توشقۇچە ئۆز يولۇڭغا ماڭ،— دەپتۇ — دە، بىرلا دومىلاپ كۆك كەپتەرگە ئايلىنىپ پەرۋاز قىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئەۋەزخان ئۇنى كۆزدىن يوقىتىپ قويمىسام بولاتتى دېگەندەك، كۆك ئاسماندىن كۆز ئۈزمەي تۇرۇپتۇ. تاكى كۆك كەپتەر ئۇپۇق سىزىقىدىن غايىب بولغاندىن كېيىنلا «مەن سېنى قەيەردىلا بولسا تاپىمەن» دەپ يولغا چىقىپتۇ. ساي تۈگىسە، چۆل باشلىنىپتۇ، چۆل تۈگىسە يەنە ساي باشلىنىپتۇ. دەشت — باياۋان تۈگىمەپتۇ. ئەنە شۇنداق يول يۈرۈپ، تۈپتۈز كەتكەن بىر سايغا كەلگەندە ئۇنىڭ كۆزىگە بىر كۆك ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ كۆك ئۆيگە يېقىنلاپ بېرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا دەرۋازىسى تاقاقلىق ناھايىتى چوڭ بىر كۆك سېپىل تۇرغۇدەك. ئۇسسۇزلۇقتا چاڭقاپ كەتكەن ئەۋەزخان دەرۋازىنى قېقىپتۇ، ئاز ۋاقىتتىن كېيىن دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكى ئېچىلىپ كېلىشكەن بىر قىز چىقىپ دۇلدۇل ئۈستىدە تۇرغان ئەۋەزخانغا سالام بېرىپتۇ. ئەۋەزخان ئۇنىڭغا:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— چاڭقىغان يىگىتكە بىر يۇتۇم سۇيىڭىز بارمىدۇ؟ — دەپتۇ. قىز يەنە تەزىم قىپتۇ ۋە:

— خېنىمدىن سوراي، — دەپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي چوڭ دەرۋازا ئېچىلىپ تۆرت گۈزەل قىزنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاجايىپ ياسانغان بىر قىز چىقىپ ئەۋزخاننىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئەۋزخانمۇ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ. قىز ئەۋزخاننى ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ. بۇلار مېھمانخانىدا قىزىق پاراڭغا چۈشۈپتۇ. قىزلار ئۈزمەي يەل - يېمىش، قەنت - گېزەك، مەززىلىك تائاملارنى توشۇپ ئەۋزخاننى مېھمان قىپتۇ.

سۆز ئارىلىقىدا قىز ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ چۆللەردە ياشىغۇچى مىرئەرەبنىڭ سىڭلىسى گۈلجامالخان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كۆڭۈل بەرگەن يىگىتى بىر قېتىملىق ياۋغا قارشى جەڭدە ھالاك بولغانلىقىنى، ھازىر ئۆزى چۆلدىكى مۇشۇ كۆك سېپىل ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئەۋزخانمۇ ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىپتۇ. ئەۋزخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان گۈلجامال ئۆزىنىڭ بىلگەنلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئەۋزخان ئۇچرىغان پەرىنىڭ يەتتە تاغنىڭ كەينىدىكى دىۋىلەر پادىشاھىنىڭ قىزى يۇلتۇز پەرى ئىكەنلىكىنى، يۇلتۇز پەرىنىڭ تەزىم قىلغىنى ئۆزى كۆڭۈل بەرگەن قارا دىۋە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ يەنە يۇلتۇز پەرىنىڭ ۋىسالىغا يەتمەك تولىمۇ مۈشكۈل، شۇڭا يۇلتۇز پەرىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شام پادىشاھىنىڭ قىزى قۇندۇزنى قولغا كىرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭ يولىدا بارلىقىنى پىدا قىلىش لازىملىقى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىپتۇ. بۇ مەسلىھەتتىن كېيىن ئەۋزخان گۈلجامالدىن قۇندۇزنى قولغا كەلتۈرۈش ئامالىنى سوراپتۇ. گۈلجامالخان دوستانە مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— ھازىر شام شەھىرى پادىشاھىنىڭ قىزى قۇندۇزنىڭ ئەقىل - پاراسەت ۋە گۈزەللىك جەھەتتە پۈتۈن دۇنياغا داڭقى چىقتى. ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئەلنىڭ شاھزادىلىرى ئەلچىلەر ئەۋەتتى. بۇ ئەلچىلەرگە جاۋاب بېرىش شام شەھىرى پادىشاھىغا قىيىن چۈشكەچكە ئۇ: «كىمكى باغدادقا كېلىپ، باغداد بىلەن شام ئارىسىدىكى ئات بەيگىسىگە قاتنىشىپ بەيگىدە ئۇتۇپ چىقسا شۇنىڭغا قۇندۇز قىزىمنى ياتلىق قىلىمەن» دەپ ئېلان چىقارغان. مۇشۇ ئېلانغا ئاساسەن ھازىر ھەرقايسى ئەللەرنىڭ شاھزادىلىرى باغدادقا قاراپ يولغا چىقتى. شۇ قاتاردا مېنىڭ ئاكام مىرئەرەبمۇ بەيگىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەتتى. ئۇ بەيگىدە چوقۇم ئۇتۇپ چىقىدۇ. ئۇ بەكمۇ مەرد يىگىت. شۇڭا سەن ئۇنىڭ بىلەن دوست بولساڭ، ئۇ بەيگىنىڭ مېۋىسىنى ساڭا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. ئۇ پاكار ئەرەب دۇلدۇلغا مىنگەن، بېشىغا كۆك سەللە ئورىغان، ئېسىڭدە بولسۇنكى، دوستلۇق ئۈچۈن مېنى ئارىغا سالغىن!

ئەۋەزخان بۇ بىر كېچىنى گۈلجامالخاننىڭ يېنىدا قىزغىن سۆھبەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، تاڭ سەھەردە يولغا چىقىپتۇ. گۈلجامالخان ئۇنى ئۇزىتىپ ئاق يول تىلەپتۇ.

ئەۋەزخان سايلارنى، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپتۇ. باش - ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان تۈپتۈز كەتكەن چۆلدە ئۇنىڭ كۆزىگە كىچىككىنە بىر قارا نەرسە كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ دۇلدۇلنى تېزلىتىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاپتۇ. قارىسا ئورۇق جەدە بايتالغا مىنگەن، بېشىدا ئۇزۇن كۇلاھ، ئۇستىدە مىڭ خىل قۇراقتا تىكىلگەن جەندە، قولىدا سەكسەن بىر كۆزلۈك سۇلتا تۇتۇۋالغان بىر دىۋانە ھەدەپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقۇدەك. ئەۋەزخان: «ھەر ھالدا بىر ھەمراھقا يولۇقتۇم، يولدا ھەمراھ بىلەن زېرىكمەي ماڭىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا قاتارلىشىپتۇ ۋە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزى دىۋانىنىڭ چىرايىغا چۈشۈپتۇ، كۆرۈپتۇكى
ئاغزىدا بىر تالمۇ چىشى يوق، ئېڭىكىدە بىرەر تال تۈكمۇ
يوق، كۆزلىرىدە تىرىكلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان، ھازىرلا
گۆردىن ئېچىۋالغان مۇردىدەك بىر كىشى تۇرغۇدەك. ئەۋەزخان
ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مېڭىۋېرىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى
بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. لېكىن كوسا زۇۋان سۈرمەپتۇ
ۋە ئارىلاپ ئەۋەزخاننىڭ گۈزەل ھۆسنىگە قاراپ قويۇپتۇ.
بۇلار ئۈچ كۈن بىرگە يول ماڭغاندىن كېيىن، بىر كۈنى
سەھەردە كوسا ئەۋەزخاننى ئۆلتۈرمەك بولۇپ ئۇنىڭغا قول
ساپتۇ. كوسىنىڭ يامان غەرىزىنى سەزگەن ئەۋەزخان ئۇنىڭغا
بىر خەنجەر ئۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ — دە، ئۇنىڭ جەسىتىنى
قۇمغا كۆمۈپ قويۇپ دىۋانىچە كىيىملىرىنى ئۈستىگە كىيىپ،
بايتالنى يېتىلەپ دىۋانە قىياپىتىگە كىرىپ «باغداد قەيەردىسەن؟»
دەپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئۇزۇن ساي ئاخىرلىشىپ، دەل — دەرەخلەر كۆرۈنۈشكە
باشلاپتۇ. ئەۋەزخان خۇشال بولۇپ «باغدادقا يېقىنلىشىپتىمەن»
دەپ، دۇلدۇلنى ئاستىلىتىپ باغداد شەھىرىگە قاراپ مېڭىپتۇ.
يولنىڭ ئىككى تەرىپى چاتقاللىق بولۇپ، يول مېڭىش قىيىن
ئىكەن. ئۇ كېتىۋېتىپ غەلىتە بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ ئېتىنى
توختىتىپتۇ. قۇلىقىغا نۇرغۇنلىغان چىۋىننىڭ غوڭۇلدىغان
ئاۋازلىرى ئاڭلانغاندەك بوپتۇ. قارىغۇدەك بولسا
گەدىنىگىچە قۇماق باسقان بىر تاز:

— مەن ئات تاپماي قويمايمەن، مەن ئات تاپماي
قويمايمەن! — دەپ بېشىغا ئۇرۇپ كېلىۋاتقۇدەك. بېشىغا
ھەربىرنى ئۇرغاندا مىڭلىغان چىۋىن «ۋاژ» قىلىپ ئۇچىدىكەن.
بېشىدىن قولىنى تارتسا مىڭلىغان چىۋىن «ۋاژ» قىلىپ
قونىدىكەن. ئۇ تازمۇ جىلى بولغان ھالدا ھېچنەرسىگە قارىماي
كېلىۋاتقۇدەك. ئەۋەزخان كۆڭلىدە «مەن ئات ئۈستىدە بولغاندىن

كېيىن ئۇ تاز يولنىڭ سىرتىغا چىقىپ ماڭا يول بوشىتىپ بېرەر» دەپ ئاستا مېڭىپتۇ. لېكىن ئۇ تازمۇ ئۇدۇل كېتىۋېرىپتۇ. ئىلاجسىز قالغان ئەۋەزخان يولنىڭ سىرتىغا چىقىپ يول بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. تاز ئەۋەزخاننىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئەۋەزخان بىردىنلا ئويلىنىپ قاپتۇ. ئۇ: «باغداد شەھىرىگە كىرىشتە بىرىنچى قېتىم يولۇققۇرغان كىشىم مۇشۇ، بۇنىڭدىن گەپ سورىماي ئۆتۈپ كېتىشىم ياخشى ئەمەس، گەپ سوراپ ئاندىن ماڭاي» دەپ، دۇلدۇلىنىڭ بېشىدىن تارتىپ توختىتىپتۇ ۋە:

— هەي تاز سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

تاز كەينىگە قاردىماستىنلا:

هەي قەلەندەر، مېنىڭ ئىسمىمنى سوراپ نېمە قىلاتتىڭ؟ بىلگۈڭ كەلسە ئېيتىپ بېرەي. مېنىڭ ئىسمىمنى بۇ شەھەردىكىلەر چاتاقچى تاز، دەيدۇ، — دەپ قويۇپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئەۋەزخان: «بۇ تازنىڭ چاتاقچى تاز، دەپ ئاتالغىنىدىن قارىغاندا قول-دىن ئىش كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دوست بولايچۇ» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە:

— توختا! سەن «ئات تاپماي قويمايمەن» دەيسەن، ساڭا ئات نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— هەي دىۋانە، سەن ئالەمدىن بىخەۋەر ئوخشايسەن. هازىر شام پادىشاھىنىڭ گۈزىلى قۇندۇزنى ئېلىش ئۈچۈن باغدادتا ئات بەيگىسى ئۇيۇشتۇرماقچى. مەنمۇ ئەرلىك غۇرۇرۇم بىلەن بۇ بەيگىگە قاتناشماقچىمەن... — دەپتۇ تاز. ئەۋەزخان ئۇنىڭغا:

— كەل، مانا بۇ بايتالغا مىنىۋال. بىز دوست بولايلى، — دېگەنىكەن. تاز چاققانلىق بىلەن بايتالغا مىنىۋاپتۇ. بۇلار خۇشال هالدا باغدادقا قاراپ ئات چاپتۇرۇپتۇ. باغدادقا كىرىپ كارۋان سارايغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن چاتاقچى تاز ئەۋەزخاننى

ھەيدەپ بەيگىچىلەرنى تىزىملايدىغان مىرزىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ ۋە مىرزىغا قاراپ:

— ھەي مىرزا! بىرىنچى نومۇرغا چاتاقچى تاز، ئىككىنچى نومۇرغا قەلەندەر، دەپ يازغىن، — دەپتۇ.

مىرزا بۇلارنى كۆرۈپ يىرگىنىپتۇ ۋە:

— مىرزىخانىدىن چىقىش، شاھنىڭ قىزى قۇندۇزنى سەندەك تاز، دىۋانىلەرگە بەرمەيدۇ، ئۇنى شاھزادىلەر، بەگزادىلەر ئالىدۇ، —دەپتۇ.ئۇنى ئاڭلىغان چاتاقچى تاز غەزەپلىنىپتۇ ۋە بىر مۇشت بىلەن مىرزىنى يىقىتىپتۇ. بۇ خەۋەر باغداد خەلىپىسىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. خەلىپە چاتاقچى تاز بىلەن ئەۋەزخاننى ئوردىغا ئەكەلدۈرۈپ سوراق قىپتۇ. چاتاقچى تاز خەلىپە ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ:

— ئەي خەلىپە، سىلىنىڭ چىقارغان پەرمانلىرىدا: «كىمدە كىم بولسۇن، ئات بەيگىسىدە بىرىنچىلىكنى ئالىدىكەن، ئۇنىڭغا شام پادىشاھىنىڭ گۈزەل قۇندۇزنى بېرىمىز» دەپ جاكارلانغان. لېكىن مىرزا پەرمانغا خىلاپلىق قىلىپ بىزنى بەيگىگە تىزىملىماي قوغلىدى، — دەپ ئەرز قىپتۇ.

خەلىپە بۇ تازنىڭ ئەرزىنى قوبۇل كۆرۈپ ئۇلارنى قويۇپ بېرىپتۇ.

ئوردىدىن چىققان چاتاقچى تاز ئەۋەزخاننى ئەگەشتۈرۈپ مىرزىخانىغا يەنە كىرىپتۇ. ئۇ يەردە ئۆز ئىسىملىرىنى يازدۇرغاندىن كېيىن قايتىپ چىقىپ ئون بەش كۈنگىچە ئۆزلىرى دەم ئالغاچ، ئاتلىرىنى بېقىشقا باشلاپتۇ. ئەۋەزخان تۆت ياشار دۇلدۇلنى يۈگەنسىز قويۇۋېتىپتۇ. دۇلدۇل خالىغان جايدىن ئوت - چۆپ يەپ، قايتىپ كېلىپ ئەۋەزخان تەييارلىغان بوغۇزنى يەپ، تۇكلىرى پارقىراپ كېتىپتۇ. چاتاقچى تازنىڭ بايتىلى ئالدىغا ئەكىلىپ بەرگەن يەمنىمۇ يېمەي تۇرۇۋاپتۇ.

ئەتە بەيگە باشلىنىدۇ، دېگەن ئاخشىمى ئەۋەزخان چاتاقچى

تازنى چاقىرىپ:

— مېنىڭ ئۇيقۇم قاتتىقراق، ئەتە سەھەردە مېنى ئويغىتىۋەتكىن، — دەپتۇ ۋە قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

چاتاقچى تاز سەھەردە ئويغىنىپ قارىسا نۇرغۇن بەيگىچى ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقۇدەك، ئۇ ئالدىراپ بايتالنى توقۇپ مىنىپتۇ ۋە بىردىنلا ئەۋزخاننىڭ ئاخشامقى گېپى ئېسىگە كېلىپ بايتالنىڭ ئۈستىدىن چۈشمەيلا:

— ھەي قەلەندەر، تۇر، ھەي قەلەندەر تۇرماسەن، — دەپ چاقىرىشقا باشلاپتۇ. لېكىن ئەۋزخان ئويغانماپتۇ. تاز بىر ياقتىن ئاچچىقلاپتۇ، بىر ياقتىن باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قېلىشتىن ئەنسىرەپ كېتىپ قاپتۇ. ھەممە بەيگىچىلەر كېتىپ بولغاندىن كېيىن دۇلدۇل كىشنەشكە باشلاپتۇ. لېكىن ئەۋزخاننى ئويغىتالماپتۇ. ئاخىر دۇلدۇل چىداپ تۇرالماي ئەۋزخاننىڭ بەلبېغىدىن چىشلەپ تارتىپتۇ. ئەۋزخان شۇ چاغدىلا چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. ئۇ چاتاقچى تازدىن ئاغرىنغان ھالدا دۇلدۇلغا مىنىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۈنىنچى كۈنى بەيگىچىلەرنىڭ كەينىدىن يېتىشىپتۇ. ئۇ توختىماي چېپىپ ئون بەش كۈن بولغاندا چاتاقچى تازنىڭ كەينىدىن يېتىپتۇ ۋە.

— ھەي تاز، دوستلۇقنى بىلمەيدىكەنسەن، مېنى ئويغىتىۋەتسەڭ بولماسمىدى، — دەپتۇ. تازمۇ غەزەپلىنىپ:

— ھەي قەلەندەر، شۇنچىمۇ ئۇخلامدۇ كىشى؟ سېنى ئويغىتىمەن دەپ بەيگىچىلەرنىڭ كەينىدە قالدىم؟ — دەپ ئەۋزخانغا يېقىنلاپتۇ. ئەۋزخان:

— ئۇنداق بولسا تېز ماڭايلى، — دەپ بايتالغا قامچا ئۇرۇپ تاز بىلەن بىرگە چېپىپتۇ، بايتال ھە دېگەندىلا دۇلدۇلنىڭ كەينىدە قېلىۋېرىپتۇ. ئەۋزخان ئىلگىرىلەپ يىگىرمە كۈن بولدى دېگەندە پۈتۈن بەيگىچىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇ توختىماي دۇلدۇلنى چاپتۇرۇپ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنى ئال-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىدا يەنە بىر دۈلدۈلنىڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنى قوغلاپتۇ. يىگىرمە تۆتىنچى كۈنى دۈلدۈلنىڭ ئارقىدىن يېتىپتۇ. قارىسا پاكار ئەرەب دۈلدۈلىغا مىنگەن، بېشىغا كۆك سەللە ئورىۋالغان كىشى ئىكەن. «بۇ جەزمەن گۈلجامالخاننىڭ ئاكىسى مىرئەرەب ئىكەندە، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتەي» دەپ دۈلدۈلغا قامچا ئۇرۇپتۇ. ئۇ مىرئەرەبنىڭ ئوڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بوپتۇ، لېكىن ئەرەب دۈلدۈلى يولنىڭ ئوڭ تەرىپىنى توسۇپ، ئۇنىڭغا يول بەرمەپتۇ. سول تەرەپتىن ئۆتەي دەپ سول تەرەپتىن كەلگەنىكەن، ئەرەب دۈلدۈلى يولنىڭ سول تەرىپىنى توسۇپ يول بەرمەپتۇ. ئامالسىز قالغان ئەۋزخان ئەرەب دۈلدۈلنى چىشلەپ يىقىتىشقا ئۆز دۈلدۈلىغا ئىشارەت قىپتۇ. دۈلدۈل ئەرەب دۈلدۈلىنىڭ ئارقا پاچىقىنى چىشلەپ ئۇنى يىقىتىپتۇ ۋە ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىپتۇ. لېكىن ئەرەب دۈلدۈلى چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەۋزخاننىڭ دۈلدۈلىنىڭ ئارقا پۇتىنى چىشلەپ ئۇنى يىقىتىپتۇ ۋە ئالغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئىش بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئەۋزخاننىڭ دۈلدۈلى زادىلا ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەلمەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەۋزخان گۈلجامالنى ئارىغا سېلىپ دوست بولماقچى بوپتۇ ۋە ئەرەب دۈلدۈلىغا يېقىنلىشىپ:

— ئەي دوستۇم مىرئەرەب، سەن سىڭلىڭ گۈلجامالنىڭ يۈزىنى قىلىپ، دوستلۇق ئۈچۈن بەيگىنىڭ مېۋىسىنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بەرسەڭ قانداق؟... — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مىرئەرەب:

— سىڭلىم گۈلجامالنى ئارىغا سالغانلىقىڭ ئۈچۈنلا سەن بىلەن دوست بولۇپ قالاي. ساڭا ئاق يول تىلەيمەن، — دەپ دۈلدۈلنىڭ بېشىنى تارتىپ ئەۋزخانغا يول بوشىتىپ ئۇنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپتۇ.

شام شەھەر خەلقى «بەيگىدە كىم ئۆتۈپ چىقىدىكىن» دەپ شەھەردىن ئۈچ كۈنلۈك يولغا چىقىپ تۇرغانىكەن. قارىغۇدەك

بولسا بېشىدا كۇلاھ، ئۈستىدە جەندە، قولىدا سۇلتا تۇتقان بىر قەلەندەر ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقۇدەك. كىشىلەر ھاڭ - تاڭ قېلىشىپتۇ، ھەر تۈرلۈك گۇماندا بولۇشۇپتۇ. بەزىلەر: «ئېھتىمال بۇ ساراڭ قەلەندەر يېرىم يولدىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ سەپكە قوشۇلۇۋالغان بولسا كېرەك» دېسە، بەزىلەر: «ھەر ھالدا بىرىنچى بولۇپ كەلگەندىن كېيىن چارباغدىكى مېھمانخانىغا باش-لاش كېرەك» دېيىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۇنى چارباغ-دىكى مېھمانخانىغا باشلاپتۇ. ئەۋەزخان كېلىپ يەتتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مىرزا پۇتۇن بەيگىچىلەرنى ھەيدەپ دەپتەرنى ئېلىپ كەپتۇ. ئۇنىڭدىن بۇ قەلەندەرنىڭ بەيگە تىزىملىكىدە ئىسمىنىڭ بار - يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرگەنىكەن، چاتاقچى تاز دەرھال:

— ئەلۋەتتە بۇ قەلەندەرنىڭ تىزىمى بار، ئۇ باشقىلاردىن يېرىم كۈن كېيىن يولغا چىقىپ بىزدىن ئۆتۈپ كەتكەن، — دەپتۇ. مىرزىمۇ شۇ زامان باش لىڭشىتىپ تەستىقلاپتۇ. شام شەھىرىنىڭ پادىشاھى ئۆزىنىڭ بولغۇسى كۈيئوغلىنى كۆرمەكچى بولۇپ خوتۇنى، قىزى ۋە ۋەزىرلىرىنى ئېلىپ چارباغقا كىرىپتۇ. مېھمانخانا ئىشىكىدىن كىرىپ قارىغۇدەك بولسا بېشىدا كۇلاھ، ئۈستىدە جەندە، قولىدا سۇلتا تۇتقان بىر قەلەندەر ئولتۇرغۇدەك. ئۇنى كۆرگەن شاھ گەپ - سۆز قىلماي، ئارقىسىغا يېنىپتۇ. لېكىن ئىشىك يوچۇقىدىن كۆز تاشلىغان قۇندۇز قەلەندەر كىيىمى ئىچىدە ئولتۇرغان شاھزادىنىڭ ھۆسنىگە ئاشىق بوپتۇ. پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ خوتۇنى ئارقىلىق قىزىغا مەسلىھەت سېپتۇ. قىز ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ بەيگىدە ئۆتۈپ چىققان كىشىگە تېگىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ قۇندۇزنى ئەۋەزخانغا بېرىپتۇ. نىكاھ بولىدىغان كۈنى ئەۋەزخان قەلەندەرچە كىيىمىنى سېلىۋېتىپ شاھزادىچە ياسىنىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەۋەزخان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىپتۇ. شاھ ئىنتايىن خۇشاللىنىپتۇ ۋە يارلىق چۈشۈرۈپ ئەۋەزخاننى ئوڭ قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇلار ئىنتايىن خاتىرجەم كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، ئەۋەزخان بولسا بارغانسېرى ئورۇقلاپ خامۇش بولۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن قۇندۇز ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىغانىكەن، ئۇ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ ئاق ئۆيدە يۇلتۇز پەرىنى يولۇقتۇرغانىدىم. ئۇ ماڭا: «سېنىڭ ئالتە يىللىقلا ئۆمرۈڭ قالدى» دېگەنىدى. ھازىر تۆت يىل ئۆتتى. يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن مەن ئۆلسەم سەن تۇل قالىسەن. شۇڭا ساڭا ئىچىم ئاغرىپ غەمدىن ئورۇقلاپ كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قۇندۇز ئەۋەزخانغا تەسەللى بېرىپ:

— بۇنىڭغا تولىمۇ ئەندىشە قىلىپ كەتمەڭ، مەن چوڭ ئانامدىن «پەرىنى سۆيگەن كىشى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدىم. مەن يۇلتۇز پەرى بىلەن دوست، ئۇ پەيشەنبە كەچتە مېنىڭ ھۇجرامغا كېلىدۇ. كېچىچە ئويۇن - تاماشا بىلەن تاڭ ئاتقۇزىمىز. سىز شۇ چاغدا ئۇنى بىر ئاماللاپ سۆيۈۋېلىڭ، — دەپتۇ.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپتۇ. پەيشەنبە كۈنى كەچتە يۇلتۇز پەرى قۇندۇزنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە قۇندۇز بىلەن مۇڭدىشىپتۇ. پاراڭ ئارىلىقىدا يۇلتۇز قۇندۇزغا:

— سېنىڭ ئېرىڭ ئەۋەزخاننىڭ ئىككى يىللىق ئۆمرى قالدى، شۇڭا ئۇنى ياخشىراق كۈتۈپ كۆڭلىنى ئېلىۋال دەپتۇ.

قۇندۇز بۇ گەپنى ئاڭلاپ قايغۇغا چۆمۈپ جىم بولۇپ قاپتۇ. بىھۇدە سۆز قىلىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلغان يۇلتۇز دوستىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن كېلەر پەيشەنبە كەچتە قۇندۇزنى ئۆزىنىڭ ماكانىغا تەكلىپ قىلىپ كېتىپ قاپتۇ. ھەپتە

ئۆتۈپ پەيشەنبە يېتىپ كەپتۇ، قۇندۇزنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئەۋەزخان قۇندۇزنىڭ كىيىمىنى كىيىپ قۇندۇزنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن بىردىنلا قاتتىق بوران چىقىپ ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن ئىككى قول كىرىپ ئەۋەز-خاننى ئاچىقىپ كېتىپتۇ. بۇ يۇلتۇز پەرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قۇندۇزنى ئەكىلىش ئۈچۈن كەلگەن دىۋىلەر ئىكەن. ئۇلار ئەۋەز-خاننى كۆتۈرۈپ يەتتە تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن يۇلتۇز پەرىنىڭ ماكانىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئەۋەزخان قارىغۇدەك بولسا يۇلتۇز پەرى تەختتە ئولتۇرغۇدەك. دىۋىلەر ئەۋەزخاننى تەخت ئالدىغا ئەكىلىپ يەرگە قويۇپتۇ. ئەۋەزخان يەرگە يۈزىنى چاپلاپ، دۇم يېتىۋاپتۇ. يۇلتۇز پەرى ئۇنى ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلسىمۇ، لېكىن ئەۋەزخان مىدىر قىلماپتۇ. يۇلتۇز پەرى تەختتىن چۈشۈپ:

— دوستۇم قۇندۇز، ئۆتكەنكى ئولتۇرۇشتا مەن سېنى خاپا قىلىپ قويدۇم، كەچۈرگىن، بۈگۈن سېنىڭ كۆڭلۈڭنى ئالاي، تۇر ئورنۇڭدىن، — دەپ ئەۋەزخاننىڭ بېشىنى شۇنداق يۆلە-شىگە، ئەۋەزخان بېشىنى كۆتۈرۈپلا يۇلتۇز پەرىنىڭ يۈزىگە بىر-نى سۈيۈۋاپتۇ ۋە قايتا يۈزىنى يەرگە يېقىپ يېتىۋاپتۇ. پەرىلەر-نىڭ قائىدىسىدە ئۆزىنى ھەرگىزمۇ ئىنسانغا سۆيدۈرمەيدىكەن. شۇڭا يۇلتۇز پەرى غەزەپ بىلەن يېنىدىكى دىۋىگە قاراپ:

— بۇ قۇندۇز ئەدەبسىز بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭدىن بەزدىم، ئۇنى دەرھال ئۆز ھۇجرىسىغا ئاپىرىۋەتكىن، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. دىۋە ئەۋەزخاننى كۆتۈرۈپ ئۆز ھۇجرىسىغا ئاپىرىپ قويۇپ-تۇ. ئىشنىڭ قانداق ئاخىرلىشىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان قۇندۇز ئەۋەزخاننى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەمدى سىز ئۆلمەي ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسىز، — دەپ ئۇنى يېنىشلاپ - يېنىشلاپ سۆيۈپتۇ. ئەۋەزخانمۇ خاتىرجەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ قوندۇز بىلەن كۈڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى كېچىسى ئەۋەزخان:

— ئاھ...، دەپتۇ — دە، چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەۋەزخاننىڭ يېنىدا ياتقان قوندۇز ئويغاق ئىكەن. ئۇ ئەۋەزخاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئاھ چېكىشنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئەۋەزخان مەھبۇبىگە كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ چۈشىدە ئۆز ئېلىگە بارغانمىش، دادىسى گۆر ئوغلى سۇلتان بىلەن ئانىسى گۈلجاھان تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئاھ چېكىپ:

— ئوغلۇم ئەۋەزخان، قاچان كېلىسەن؟ سېنى قاچان كۆرىمەن، سېنى كۆرىدىغان كۈنلەرمۇ بولارمۇ؟ — دەپ زار — زار يىغلاپ قارىغۇ بولۇپ قالغانمىش. بۇنى كۆرگەن ئەۋەزخان:

ئاھ، دادام، ئاھ، ئانام! — دەپ ئۆزىنى ئاتا — ئانىسىنىڭ باغرىغا ئاتقانمىش.

— سۆيۈملۈكۈم! — دەپتۇ ئەۋەزخان ئايالىغا، — مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمدىن، ئاتا — ئانامدىن ئايرىلغىلى ئالتە يىل بولدى. چۈشۈمدە ئاتا — ئانامنىڭ مېنىڭ پىراقىمدا يىغلاپ كۆزلىرىنىڭ كور بولغانلىقىنى كۆردۈم. رۇخسەت قىلساڭ يۇرتۇمغا بېرىپ ئاتا — ئانامنى كۆرۈپ كەلسەم، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، مەنمۇ سىز بىلەن بىللە باراي، ئالدى بىلەن ئاتامدىن رۇخسەت ئالايلى، دەپتۇ قوندۇز. ئاندىن ئۇلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۆز تەلىپىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ قىز — ئوغۇللىرىنىڭ تەلىپىنى ئاڭلاپ ئۇلارغا رازىلىق بېرىپتۇ ۋە يول ھازىرلىقىنى قىلىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

بۇلار بىرقانچە قېچىر مال — دۇنيانى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ، كۆپ يول بېسىپتۇ. بىر كۈنى چۆل — جەزىرىلەردىكى بىر قونالغۇغا چۈشۈپ قونۇپتۇ.

ئەۋەزخان سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ چېدىر ئالدىغا چىقىپ

ئەتراپقا نەزەر سېلىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ چېدىردىن كۆز يەتكۈدەك جايدا بىر بايراقنى كۆرۈپتۇ ۋە ھوشيارلىنىپتۇ. شۇ ئەسنادا دۆك تەرەپتىن بىر ئاتلىق ئات چاپتۇرۇپ كەپتۇ. ئۇنىڭ بىر قولىدا ئاق بايراق، بىر قولىدا بىر پارچە خەت بار ئىكەن. ئۇ چېدىر ئالدىغا كېلىپ خەتنى ئەۋەزخاننىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ-دە، توختىماستىن ئات چاپتۇرۇپ كېتىپ قاپتۇ. ئەۋەزخان خەتنى ئېلىپ ئوقۇسا، ئۇنىڭدا: «گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەۋەزخان! سەن مۇندىن ئالتە يىل ئىلگىرى بىزنىڭ شام شەھەرى پادىشاھىنىڭ قىزى قۇندۇزنى ئەكىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەلچىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، نەرسىلىرىنى بۇلاپ كەتكەن ئىكەنسەن، شۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالتە يىلدىن بېرى بىر لەك قوشۇنىمىز بىلەن سېنىڭ كېلىشىڭنى كۈتۈپ ياتقانىدۇق. مانا ئەمدى يېتىپ كەپسەن، دەرھال قورالنى تاشلاپ بىزگە ئەل بولۇپ، ئالدىمىزغا كەل، بولمىسا جەڭگە ھازىرلان» دېگەن سۆزلەر يېزىلىپ خەتنىڭ ئاخىرىغا شاھنىڭ مۆھۈرى بېسىلغانىكەن.

بۇنى ئاڭلىغان ئەۋەزخان خەتنى كۆتۈرۈپ قۇندۇزنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ ۋە ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. بۇلار ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ جەڭگە تەييارلىنىپتۇ. ئەۋەزخان دۇلدۇلغا مىنىپ شەمشىرىنى ئېلىپ، دۇبۇلغا-ساۋۇتلىرىنى كىيىپ جەڭگە چىقىپتۇ، ئارىدا قانلىق جەڭ باشلىنىپتۇ.

جەڭ باشلىنىپ يەتتىنچى كۈنى دۈشمەن تەرەپنىڭ لەشكەر باشلىقى ئۆز قوشۇنىنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بارلىق لەشكىرىنى يىغىپتۇ ۋە!

—ئەي! باتۇرلىرىم، بىز ئازلاپ كېتىۋاتىمىز، بۇ تەرىقىدە ئۇرۇشۇۋەرسەك ئەۋەزخاندىن ئىنتىقام ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىمىز ھالاك بولىمىز. شۇڭا ياخشى تەدبىر كۆرۈشىمىز ئۈچۈن مەسلىھەت بېرىڭلار، — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەممەيلەن جىم تۇرۇپتۇ. شۇ ۋاقىتتا بىر قېرى ئورۇن- دىن تۇرۇپ:

— ئەۋەزخاننى مەخپىي ئېتىۋېتىش كېرەك، — دەپتۇ، بۇ چارە لەشكەر باشلىقىغا يېقىپتۇ. «ئەۋەزخاننى كىم ئاتىدۇ» دېگەندە، يەنە ھېلىقى قېرى ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ:

ئەتىسى تاڭ سەھەردە يەنە قانلىق جەڭ باشلىنىپتۇ. ئەۋەزخان ئات ئوينىتىپ ئۇلارنى قىرىشقا باشلاپتۇ، ئۇلار بىر- دىنلا قېچىشقا باشلاپتۇ. ئەۋەزخان كەينىدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا بىر چوڭ تاشنىڭ دالدىسىغا مۆكۈنۇۋالغان قېرى ئەۋەزخاننىڭ كەينىدىن ئوق ئۈزۈپتۇ. ئوق ئەۋەزخاننىڭ سول بېلىكىگە تېگىپتۇ. ئەۋەزخان ئات ئۈستىدە يېنىچە بولۇپ قاپتۇ. دۇلدۇل دەرھال كەينىگە يېنىپتۇ ۋە قۇندۇز تۇرغان چېدىرنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەپتۇ. شۇ ۋاقىتتا قۇندۇزنىڭ كۆڭلىگە بىر ۋەھىمە چۈشكەندەك بولۇپ سىرتقا چىقىپتۇ. قارىسا ئەۋەزخان دۇلدۇلنىڭ ئۈستىدە يېتىپ قالغان، ئۇ ئەۋەز- خاننى دۇلدۇل ئۈستىدىن چۈشۈرۈپ چېدىرغا ئەكىرىپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ئۆزى كىيىپتۇ. ئەۋەزخاننىڭ جاراھەت- لىرىنى تېڭىپ ئۇنى ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى قورال - ياراقلار- نى ئېلىپ، دۇلدۇلغا مىنىپ دۈشمەن سېپىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئەۋەزخاننىڭ ساق ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپتۇ، ھەر كۈنى جەڭ مەيدانلىرىدا ئايلىنىپ دۈشمەنگە ۋەھىمە سېپتۇ. ئەۋەزخان- نىڭ ياردىلانغانلىقىغا يەتتە كۈن بولغان كۈنى ئۇنىڭ كېسىلى بەك ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. قۇندۇز نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۈمىدسىز ھالدا چېدىرنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا ئاسماندىن بىر كۆك كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ چېدىرنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ ۋە بىر دومىلاپ بىر توپ قىزغا ئايلىنىپتۇ. قارىغۇ- دەك بولسا يۈلتۇز پەرى ئۆزىنىڭ قىرىق كېنىزىكىنى ئەگەش- تۈرۈپ كەلگەنىكەن.

قوندۇز يۇلتۇز پەرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىپتۇ. لېكىن پەرى ئۇنىڭ ئالماي كېنىزەك قىزلارغا ئىشارەت قىپتۇ. قىزلار چۈرىدەپ ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. يۇلتۇز پەرى بولسا تۈپىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلاپتۇ. قوندۇز بۇ ئەھۋاللارغا قاراپ زار قاقشاپ يىغلاپتۇ. چۈش بولغاندا يۇلتۇز پەرى بىر ئىشارەت بىلەن قىزلارنى ناخشا ئېيتىشتىن توختىتىپتۇ ۋە قوندۇزغا قاراپ:

— قوندۇزئاي، ئاڭلاپ تۇرغىن، ئەۋەزخاننىڭ ئەجىلى توشتى، ئۇ بۈگۈن چۈش ۋاقتىدا ئۆلىدۇ، سەن تۇل بولۇپ دۈشمەنلەرگە ئەسىر بولىسەن، بۈگۈن سېنىڭ يىغلايدىغان، بىزنىڭ كۈلىدىغان كۈنىمىز، قېنى سەن يىغلا، بىز كۈلەيلى، — دەپ كېنىزەكلەرگە ئىشارەت قىلغانىكەن، قىزلار ناخشا باشلاپتۇ. يۇلتۇز پەرى قاتتىق كۈلۈپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلاپتۇ. قوندۇزنىڭ يىغىسى ئەۋجىگە چىقىپ ھوشىدىن كېتىشكە تاسلا قاپتۇ. چۈش قايرىلىپ كۈن ئېگىلىپتۇ. ئۇ چاغدا يۇلتۇز پەرى ئىشارەت قىلغانىكەن، قىزلار توختاپتۇ، يۇلتۇز پەرى غەمكىن ھالەتكە ئۆتۈپ قوندۇزنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە تەزىم قىلىپ:

— ئەي دوستۇم قوندۇز، سۆيۈملۈكۈڭ ئەۋەزخان ئۆلمىدى، ئۇ ئەمدى ئۆلمەيدۇ، بۇنىڭدا بەلكىم بىرەر سەۋەب بولۇشى مۇمكىن، — دەپتۇ. قوندۇز يىغىدىن توختاپتۇ ۋە مەردانە ھالدا:

— ئېسىڭدە بارمۇ؟ سەن مېنى كوھقاپقا ئېلىپ بارغىنىڭ؟ شۇ ۋاقىتتا دىۋىلىرىڭ مېنى ئەمەس، ئەۋەزخاننى ئېلىپ بارغان. ئۇ ساڭا ئاشىق بولغاچقا سېنى تەشنالىق بىلەن سۆيۈۋالغان، — دەپتۇ. يۇلتۇز پەرى كۈلۈمسىرەپ:

— بىزنىڭ ئادىتىمىزدە، پەرى قىز ئۆزىنى سۆيگۈچى يىگىتكە چوقۇم تېگىشى كېرەك، شۇڭا ھازىردىن باشلاپ مەن ئەۋەزخاننىڭ نىكاھىدا، — دەپتۇ - دە، كېنىزەكلەرگە كوھقاپقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قايتىشنى بۇيرۇپتۇ ۋە ئۆزى چېدىرغا كىرىپتۇ. ئارقىدىن قۇندۇزمۇ كىرىپتۇ. يۇلتۇز بولسا ئەۋەزخاننىڭ سول قولىنى ئۆزىنىڭ سول قولىنىڭ تۆپىسىگە قويۇپ، ئوڭ قولىغا ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ھۇرۇپ، جاراھەتنى سىلىغانىكەن، ئەۋەزخان ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئىككى قىز ئۇنىڭ ئالدىدا باش ئېگىشىپ تۇرۇپتۇ. ئەۋەزخان ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن دۇلدۇلغا مىنىپ دۈشمەن بىلەن ئۇچ كۈن جەڭ قىلىپ يولنى بوشىتىپتۇ ۋە دادىسىنىڭ شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بۇ نۆۋەت سەپەر كۆڭۈللۈك ئۆتۈپتۇ. ئۆز يۇرتىغا بارغاندىن كېيىن شەھەر خەلقى ئۇنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ، ئوردىغا كىرىپ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان دادىسى گۆر ئوغلى سۇلتاننى، ئانىسى گۈلجاھاننى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىپتۇ، گۆر ئوغلى سۇلتان، گۈلجاھان تەڭلا:

— ئاھ بالام، سېنىڭ دەردىڭدە تولا يىغلاپ كۆزلىرىمىز كور بولدى. ئەمدى سېنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇق، — دېيىشىپتۇ. شۇ ھامان يۇلتۇز پەرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قولىغا ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ھۇرۇپ پادىشاھ ۋە گۈلجاھاننىڭ كۆزلىرىنى سىلىغانىكەن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يورۇپ كېتىپتۇ ۋە ئۆزلىرىنى ئەۋەزخانغا ئېتىپ ئۇنى باغرىغا بېسىپتۇ. ئاندىن قۇندۇز ۋە يۇلتۇزنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ. گۆر ئوغلى سۇلتان ئوغلى ئەۋەزخاننى شاھلىق تەختىگە تەكلىپ قىلىپ:

— سەن ئۆز بەختىڭ يولىدا ئىزدىنىپ، مۇرادقا يەتتىڭ، ئەمدى سېنى خەلق ئارزۇلايدۇ، خەلقنىڭ ئارزۇسى يولىدا ئىزدەن، — دەپتۇ. ئەۋەزخان!

— خوپ ئاتا، ئېيتقانلىرى بولسۇن، — دەپ شاھلىق تەختىگە چىقىپتۇ. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز خەلقىنى باياشات، ئەركىن تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگەنىكەن.

## سىرلىق شاپتۇل

...

بۇرۇنقى زامانىدا ئىلياس ئىسىملىك بىر بالا بولۇپ، كىچىكىدىلا دادىسىدىن يېتىم قالغاچقا، ئاپىسى بىلەن بىللە ياشايدىكەن، ئۇ ئانچە - مۇنچە ئىشقا يارىغۇدەك بولغاندا ئوتۇنچىلىق قىلىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىلياس بالاغەتكە يېتىپ قىز - چوكانلارنى كۆرگەندە لەۋلىرىنى تامشىپ قويىدىغان، پات - پات ئاپىسىغا ئۆيلەپ قويۇش توغرىسىدا باش ئاغرىتىنچىلىقى سالىدىغان بوپتۇ. بىراق ئاپىسىنىڭ ئىلياسنى ئۆيلەپ قويۇشقا قۇربى يەتمىگەچكە، ئىلياسنىڭ تەلىپى جاۋابسىز قېلىۋېرىپتۇ. بىر كۈنى ئىلياس جاڭگالغا ئوتۇن ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتسا پادىشاھنىڭ سەيلىگە چىققان مەلىكىسى ئۇچراپ قاپتۇ. مەلىكىنىڭ ھۆسىن - جامالى شۇنداق كېلىشكەنكى، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس ئىكەن، ئۇنى بىرلا كۆرگەن ھەرقانداق ئەركەك ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويىدىكەن. مەلىكىنىڭ جامالىدىن ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ئىلياس دەرھال ئارقىسىغا قايتىپ ئۆيگە كەپتۇ ۋە!

— ئېھ ئاپا، مەن بۈگۈن شۇنداق بىر دەردكە مۇپتىلا بولدۇمكى، ئەگەر پات ئارىدا بۇ دەردكە شىپا تاپمىسام ماڭا بۇ دۇنيا ھارام. سەن دەرھال ئىشقا كىرىشىپ بۇ دەردتىن خالاس قىلغايسەن، — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوغلىنىڭ يىغالىق نالىسىنى ئاڭلىغان ئانا ئۆز يۈرەك پارىسىنىڭ قانداق دەردكە مۇپتىلا بولغانلىقىنى ئېنىقراق بىلىش ئۈچۈن:

— ئەي ئەزىز ئوغلۇم، مېنىڭ جانجىگەر يۈرەك پارەم، قېنى ئېيتقىنا، نېمە دەردكە مۇپتىلا بولدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئاپىسىنىڭ گېپى تۈگىگىچە تاقىتى - تاق بولغان ئەلياس تىلى كالۋالاشقان ھالدا:

— مەن پادىشاھنىڭ مەلىكىسىگە ئاشىق - بىقارار بولۇپ قالدىم. سەن ئەلچى بولۇپ بېرىپ، مېنى شۇ گۈزەل مەلىكىنىڭ ۋەسلىگە مۇيەسسەر قىلىپ، مۇراد - مەقسىتىمگە يەتكۈزگەيسەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— «قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق» دېگەن گەپ بار، — دەپتۇ ئانا ئۆز ئوغلىنىڭ رايىنى ياندۇرماقچى بولۇپ، — پادىشاھنىڭ قىزىدىن باشقا ھەرقانداق بىر گۈزەل مەلىكىنى دېسەڭ ئۆزۈمنى قۇربان قىلىپ بولسىمۇ ئېلىپ بېرەي، سەن ئۆز مەقسىتىڭنى دەپ ھەرگىزمۇ پادىشاھنىڭ مەلىكىسىگە سۆز ئاچقۇچى بولما، چۈنكى پادىشاھنىڭ زالىملىقىنى بىلمەيسەن. ئۇ پادىشاھنىڭ مەلىكىسىگە ئاشىق بولۇپ يۈرگەن ساڭا ئوخشاش كۆپلىگەن بىگۇناھ يىگىتلەرنىڭ بېشىغا زامىن بولغان، ئەگەر بىز پادىشاھقا ئەلچى بولۇپ بارىدىغان بولساق ئانا - بالا ئىككىمىز ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىمىز.

— «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دېگەن سۆزنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ، — دەپتۇ ئىلياس يەنە ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، — ئاۋۋال سەن بېرىپ باققىن، پادىشاھ ۋە مەلىكەمنىڭ قانداق تەلەپلىرى بارلىقىنى ئېنىق ئۇقۇپ كەلگىن، سېنى كەمبەغەل كۆرۈپ پەيلىنى بۇزسا قايتىپ كېلەرسەن، ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ بىر نەرسە دېيىشەرمىز. ئانا ئوغلىنىڭ مەسلى-

ھەتى بويىچە پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ يول ئاپتۇ، بىرەر ئايلىق سەپەردىن كېيىن ئوردىغا يېتىپ كېلىپتۇ ۋە پادىشاھ ھەم ئۇنىڭ مەلىكىسىنىڭ جامالىنى كۆرۈش تۇگۇل ئوردىنىڭ پەشتاقلىرىنى كۆرۈشكىمۇ مۇۋەپپەق بولالماي جىسەكچىلەر تەرىپىدىن قوغلىنىپتۇ. ئانا ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوغلىنىڭ رايى بويىچە يەنە بىرنەچچە ئەلچىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلارمۇ مۇشۇ ئانىسىغا ئوخشاشلا يېرىم يولدىن قايتىپ كەپتۇ. بۇ ئىشتىن ئۈمىد يوقلۇقىنى سەزگەن ئىلياس ئەقلى - ھوشى لال بولۇپ يەنە ئۆز كەسپىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ بىر كۈنى جاڭگالدا ئوتۇن چېپىۋېتىپ چوڭ بىر قامغاقنى يىلتىزى بىلەن قومۇرغان ئىكەن، قامغاقنىڭ ئورنىدىن ئەلگەكتەك بىر تۆشۈك ئېچىلىپتۇ. ئىلياس ئىككى تىزىنى يەرگە قويۇپ تۆۋەنگە قارىغانىكەن، ئەيۇھاناس! جەننەتمۇ مۇنداق كاتتا بولماس، شۇنداق بىر كاتتا باغۇ - ھەرەم كۆرۈنۈپتۇكى، بۇ جايدىكى تۈرلۈك يەل - يېمىشلەرنى ساناپ تۈگىتىشمۇ، ھەربىرىنىڭ نامىنى ئاتاشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. بۇ ئالامەتلەرنى كۆرگەن ئىلياس ھەيرانۇ - ھەس بولغان ھالدا: «يارەببىم، بۇ ئوڭۇممۇ - چۈشۈممۇ» دەپ باغقا چۈشۈپ بىردەم ئايلانغاندىن كېيىن، بىر تۈپ شاپتۇلنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە بۇ شاپتۇلنىڭ باشقا شاپتۇللاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى، پىشىپ شىرنىسىنىڭ ئېقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال بىرنى ئۈزۈپتۇ ۋە ئىشتىھا بىلەن يەپتۇ. ئۇقولىدىكى بىر تال شاپتۇلنى يەپ بولۇپ، شاپتۇلنىڭ تەملىكلىكىدىن تىلىنى تامشىغان ھالدا يەنە بىرنى يەي دەپ تۇرۇشىغا پۈتۈن قاش - كىرپىك، چاچ - ساقاللىرى ئاپئاق ئاقىرىپ نەۋقىران يىگىتتىن بىر مويسىپىت كىشىگە ئايلىنىپ قاپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن نېمە قىلىشىنى بىلمىگەن ئىلياس باغدا ئايلىنىپ يۈرۈپ يەنە بىر شاپتۇلنىڭ تۈۋىگە كېلىپ بىرنى ئۈزۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

يېگەنىكەن، پۈتۈن باغنىڭ ئىچىدە قارا بوران چىقىپ، يىگىت-نى ئۇيىاقتىن - بۇياققا ئۇچۇرۇپ، ئۇ شاختىن - بۇ شاخقا ئۇرۇپ جېنىنى ئاز قويۇپتۇ. ئۇ قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۇرۇپ ئالدىغا دومىلاپ كەلگەن يەنە بىر خىل شاپتۇلنى يېگەنىكەن، بورانمۇ توختاپ، بوۋايدىن يىگىت قىياپىتىگە قايتىپ كەپتۇ.

— ئەجەبمۇ بىر ئىشقا يولۇقتىما، — دەپ ئويلاپتۇ يىگىت ئەس - ھوشىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، — ئەمدىغۇ پادىشاھنىڭ مەلىكىسى مېنىڭ بولار، — دەپ دەرھال ئۆيىگە چېپىپتۇ. ئۆيىدىن بىرقانچە ساندۇقنى ئېلىپ كېلىپ، ھەربىرىگە ھېلىقى شاپتۇللاردىن ئايرىم - ئايرىم قاچىلاپتۇ. شاپتۇلنى قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن بىر كارۋاننى ياللىۋېلىپ پادىشاھنىڭ شەھرىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇ بىرىنچى ساندۇقتىكى شاپتۇلنى ھەربىر كىشىگە بېرىپ تارقاتقانىكەن، بۇ شەھەردىكى ھەممە كىشى بوۋاي - مومايغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتىدىن تولىمۇ غەلىتىلىك ھېس قىلغان ياساۋۇللار، پۇقرالار ئىلياسقا ھۇجۇم قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇ ماجىرادىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يىگىت يەنە بىر شاپتۇلنى تارقاتقانىكەن، پۈتۈن شەھەر كىرىقاپقا ئايلىنىپ، ئاجىزلىرى ئۆلۈپ، كىچىكلىرى نالە قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئىلياس پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، مال - دۇنياغا تويمىدىڭىز، قىزلىرىڭىزمۇ؟ — دەپ پادىشاھقا تەھدىت سېپتۇ.

— ھەر ئىككىلىسىگە تويمايمەن، — دەپتۇ پادىشاھ يىگىتنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، — بولدى جېنىم ئامان قالىدىغانلا بولسا پۈتۈن تاج - تەختىمدىن، قىزىمدىن ۋاز

كەچتىم، بۈگۈندىن ئېتىبارەن پادىشاھلىقىمنىمۇ، قىزىمنىمۇ ساڭا بەردىم، — دەپ ئۆز مۆھۈرىنى بېسىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يىگىت ئۈچىنچى تۇردىكى شاپتۇلىنى كىشىلەرگە تارقىتىپ جاھاننى تىنجىتقاندىن كېيىن مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىپتۇ.

(«ئاقسۇ ئەدەبىياتى»نىڭ 87 - يىلى 4 - سانىدىن)

## نەيرەڭۋاز

بۇنىڭدىن بىرقانچە مىڭ يىللار ئىلگىرى تەكلىماكان چۆللۈكى باغۇ - بوستانلىق بىر گۈزەل ۋادا ئىكەن. ئۇنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە تارىم دەرياسىنىڭ ياقىلىرىدا بىر - بىرىگە قوشنا كىتەك ۋەزوركىت دېگەن شەھەرلەر بولغانىكەن. بۇ شەھەرلەر ئۆزىنىڭ ئاۋاتلىقى ۋە باياشاتلىقى بىلەن مەشھۇر ئىكەن. شەھىرى كىتەككە تاھىر خىزىم دېگەن ياش بىر كىشى، شەھىرى زوركىتكە خوجا ئەكبەر دېگەن بىر مويسىپىت كىشى پادىشاھ ئىكەن. خوجائەكبەرنىڭ قامىتى سەرۋىدەك، چىرايى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك، كۆزلىرى بۇلاقتەك، ئاغزى ئويماقتەك، مەڭزىلىرى ئانار دەك، قىلىقلىرى ئىللىق باھاردەك بىر چىرايلىق قىزى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى گۈلنىسا بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ، مەلىكە گۈلنىسا دەپ ئاتايدىكەن. مەلىكىنىڭ داڭقى تاھىر خىزىم پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇ بۇ مەلىكىگە غايىبانە ئاشىقى - بىقارار بولۇپ، ئىشقى پىراقىدا گۈلخان بولۇپ يېنىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ بارلىق ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى، ئاقىلۇ - دانىشمەنلىرىنى، يۇرت كاتتىلىرىنى مەجلىسكە چاقىرىپ، مۇنداق دەپتۇ:

— ئى، ۋەزىرلىرىم، دانىشمەنلىرىم، ئەھلى جامائەتلىرىم، مەن خوجائەكبەر پادىشاھقا كۈيئوغۇل بولماقچىمەن، بۇ توغرىدا ھەرقايسىلىرىدىن مەسلىھەت ئالماقچىمەن ھەم ياردەم

تەلەپ قىلماقچىمەن.

مەجلىس ئەھلى ئىچىدىن خۇجادىلگىر دېگەن باش ۋەزىر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، تەزىم قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئى، ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، سىزگە قۇتلۇق بولسۇن، نىيىتىڭىزگە يېتىشكە ئاللا ئىگەم يار - يۆلەك بولسۇن. ھېلىغۇ خۇجائەكبەر پادىشاھقا كۈيئوغۇل بولماقچى ئىكەنسىز، مۇبادا كويىقاپ پادىشاھىغا كۈيئوغۇل بولماقچى بولسىڭىزمۇ بىز سىزنى مۇرادىڭىزغا چوقۇم يەتكۈزىمىز. باشقا مەجلىس ئەھلىلى رىمۇ بىردەكلا: «كۆڭۈلدىكى گەپ بولدى» دېيىشىپتۇ.

تاھىر خىزىم پادىشاھ مەجلىس ئەھلىگە تەشەككۈر بىلدۈرۈپتۇ. مۇزاكىرە ئارقىلىق خۇجادىلگىر باش ۋەزىرنىڭ ئەلچى بولۇپ خۇجائەكبەر پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىشى تەيىن تېپىلىپتۇ. بۇنى تاھىر خىزىم پادىشاھمۇ خوپ كۆرۈپتۇ. خۇجادىلگىر يۈز تۆگىگە سوۋغا - سالام ئارتىپ، خىزمەتچىلەر بىلەن بالىھ زوركىت شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن يول يۈرۈپ، ئاخىرى زوركىت شەھىرىگە يېتىپ كېلىشىپتۇ ۋە خۇجائەكبەر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشىپ، ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ سالام قىلىشىپتۇ. خۇجادىلگىر ئۆزى ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلارنى خۇجائەكبەر پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ ۋە تىزلىنىپ تۇرۇپ، مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي شاھلارنىڭ شاھى، خۇدا ۋەندەكىرەمنىڭ ئەڭ ئەزىز بەندىسى، پۈتۈن ئالەمنىڭ قۇياش ئاپتىپى، جىمى ھاياتلىقنىڭ غەمگۇزارى، پاناھى بولغان پادىشاھ ئالىيلىرىغا خىزمەتكار قۇللىرى بولغان پادىشاھىمىز تاھىر خىزىم ئۆزلىرىگە كۈيئوغۇل بولۇش تەلىپىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىزنى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەنىدى. پادىشاھىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يەردە قويماي، تەلىپىنى ئاتىلارچە مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ئىلىك ئېلىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز.

www.uyghurkitap.com

خوجا دىلگىر سۆزىنى ئاياغلاشتۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئايغـ
غا باش قويۇپتۇ. پادىشاھ ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، ئۆزـ
نىڭ رازىلىقىنى بىلدۇرۇپتۇ. ئەلچىلەر پادىشاھنىڭ بۇ ئىلتىـ
پاتىدىن خۇشاللىقتا چۆمۈپ، پادىشاھقا رەھمەت ئېيتىشىپ،
تەزىم قىلىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، پادىشاھ ئەلچىلەر شەرـ
پىگە كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. زىياپەتتە ھەممە كىشى شاراب
ئىچىپ، رەققاسلارنىڭ نەپىس ئۇسۇللىرىنى كۆرۈپ، نەغمىكەشـ
لەرنىڭ يېقىملىق، شوخ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ، ھوزۇر قىلىپ،
كۆڭۈل ئېچىپتۇ. پادىشاھ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەلىكە
گۈلنىسانى ئورغۇن سوۋغا-سالام بىلەن تاھىر خىزىم پادىشاھـ
نىڭ شەھىرىگە يولغا ساپتۇ. ئۇلار يەنە ئۇزاق يوللارنى
بېسىپ، شەھىرى كىتەك دائىرىسىگە يېتىپ كېلىشىپتۇ. ۋەزىر
خوجادىلگىر ئۆزلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەن خۇش خەۋىرىنى
تاھىر خىزىم پادىشاھقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتىپتۇ.
مەلىكە گۈلنىسانىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان تاھىر
خىزىم پادىشاھ پۈتۈن شەھەر خەلقىنى باشلاپ يول ئۈستىگە
چىقىپتۇ. ئۇلار شەھەر سىرتىدا بەختلىك ئۇچرىشىپتۇ. شەھەر
خەلقى ناغرا - سۇنايلارنى چېلىشىپ، ناخشا ئېيتىشىپ، ئۇسسۇل
ئويناپ بۇ خۇشاللىق ئۇچرىشىشقا قىزغىن تەنتەنە قىلىشىپتۇ
ھەم پادىشاھ بىلەن مەلىكىنى گىلەم ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ،
شەھەرگە ئېلىپ كىرىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ قىرىق كېچە -
كۈندۈز توي بولۇپتۇ. توي مەرىكىسى تۈگىگەندىن كېيىن،
پادىشاھ بىلەن گۈلنىسا بەختلىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈشكە باشـ
لاپتۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ بەختلىك كۈنلىرى ئۇزاققا بارماپتۇ.
ۋاقىت ئۇزارغانسېرى گۈلنىسا ئاتا - ئانىسىنى، سۆيۈملۈك دىياـ
رىنى سېغىنىشقا باشلاپتۇ. ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، چىرايى سارـ
غىيىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن ئەجەبلىنىپ بىر
كۈنى:

— ئەزىزىم، سىزگە نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ گۈلنىسا پادىشاھقا مالاللىق كەلتۈرۈپ قويماسلىق نىيىتىدە.

— ھېچنەرسە بولمىدىم، دەپ راست گېپىنى ئېيتماپتۇ. گۈلنىسا بىر كۈنى خىزمەتچىلىرىنى چاقىرىپ:

— ئۇستا بىر رەمبال تېپىپ كېلىڭلار دەپ بۇيرۇپتۇ. خىزمەتچىلەر شەھەر بازىرىغا بېرىپ رەمبال ئىزدەپتۇ. مۇشۇ كۈنلەردە شەھىرى كىتەككە باشقا بىر يۇرتتىن راغىلە ئىسىملىك بىر دەججال كېلىپ قالغانىكەن. ئۇ، ھەر بىر گېپىدە بىسمىللانى، خۇدانى، پەيغەمبەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي، ئۆزىنى ناھايىتى تەقۋادار قىلىپ كۆرسىتىدىكەن. ئۇ قېرىپ، مۈكچىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئاغزىدا بىرمۇ چىشى يوق ئىكەن ۋە كۆزىدىن توختىماي ياش ئېقىپ تۇرىدىكەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ بىر قاراپلا كىشىنىڭ ئىچكى سىرىنى بىلىۋالالايدىكەن. رەمچى ئىزدەپ چىققان خىزمەتچىلەر كوچا دوقمۇشىدا ئەنە شۇ راغىلەگە يولۇقۇپتۇ.

ئۇلار راغىلەنى پادىشاھنىڭ مەلىكىسىگە رەم سېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. راغىلە بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ، خىزمەتچىلەر بىلەن بىللە مەلىكىنىڭ ھەرىمىگە يېتىپ كېلىشىپتۇ. ئۇ مەلىكىنى كۆرۈش بىلەنلا:

— ئەسسالام، مەلىكەم! مەن خىزمىتىڭىزگە تەييار بولۇپ كەلدىم، — دەپ تەزىم قىپتۇ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قۇتقا، خوش كەپلا، — دەپ قارشى ئاپتۇ مەلىكە.

خىزمەتچىلەر مەلىكىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە داستىخان يېيىپ، راغىلەنى مېھمان قىپتۇ. ئۇ قورسىقى تويغاندىن كېيىن، مەلىكىنىڭ بەختىنى تىلەپ ئۇزۇن دۇئا قىپتۇ. دۇئادىن كېيىن مەلىكە گۈلنىسا:

— ئى، قۇتقا! مەن سىلىنى رەم سالدۇرغىلى چاقىرغان-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com

دىم، — دەپتۇ.

— مەلىكە سەنەم، سىزنىڭ ھاجىتىڭىزنى ئورۇنداشقا مەن تەييار دەپتۇ راغىلە.

— ھەي، قۇتقا، — دەپتۇ مەلىكە كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، — مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى ھۆرمەتلىك ئاتا-ئانامنى، سۆيۈملۈك دىيارىمنى كۆرەلمىدىم، سېغىنىش پىراقىدا ساراڭ بولۇپ كېتىۋاتىمەن، سىلى رەھىم سېلىپ، ئاتا-ئانامنىڭ، يۇرتۇمنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى ماڭا دەپ بەرسىلە، خىزمەتلىرى ئۈچۈن خۇش قىلغۇدەك ھەق بېرەتتىم...

— بولىدۇ، مەلىكەم، سىز ھەق بەرمىسىڭىزمۇ مەن بۇ ئىشلارنى ئەلۋەتتە قىلىمەن...

راغىلە تۇرۋا ئەدىيالدىن ئالىيېشىل تاشلارنى ئېلىپ ئەپسۇن ئوقۇپتۇ ۋە تاشلارغا ھۈرۈپ، گىلەم ئۈستىگە چېچىپتۇ. ئۇ تاشلارغا تازا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، مۇنداق تەبىر ئېيتىپتۇ:

ھەي، مەلىكەم، ھۆرمەتلىك ئاتا-ئانىڭىز، سۆيۈملۈك دىيارىڭىز ئۆزىڭىز كۆرگەندەكلا خاتىرجەم ئىكەن، ئۇلارمۇ سىزنى كېچە-كۈندۈز سېغىنىدىكەن، كۈندە دېگۈدەك يولىڭىزغا قارايدىكەن. سىز ئۇلاردىن ھەرگىز غەم يېمەڭ، خۇدايىم سىلەرنى پات-يېقىندا كۆرۈشكىلى نېسىپ قىلىدىغاندەك قىلىدۇ. ئەمما ... — راغىلە گەپنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ قويۇپتۇ.

— قۇتقا، نېمە بولدى ... گەپنىڭ ئاخىرىنى ئېيتمىدىلىغۇ؟ — مەلىكە گۇلىنسا تەقەززا بولۇپ سوراپتۇ. ئۇنىڭ چىرايلىرىنى غەمكىنلىك قاپلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن راغىلە ئىچ ئاغرىتقان بولۇپ:

— مەلىكەم، ئاخىرىنى ئېيتماي دېگەنىدىم، سوراپ قالدىڭىز، سىزدىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاي، كۆڭلىڭىزگە ئازار يەتمىسە، رەمگە چۈشكەن بىر ئىشتىن سىزنى خەۋەردار قىلغۇم

كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

— ئېيتسىلا قۇتقا، مەن سىلىدىن تىلەي ...

— ئەي مەلىكەم، ئۆزىڭىز شۇنچىلىك چوڭ بىر پادىشاھنىڭ قىزى ئىكەنسىز، تاھىر خىزىم پادىشاھ سىزنى ئارزۇلاپ نىكاھىغا ئالغانىكەن، ئەمدى كېلىپ سىزدىن ... — راغىلە گەپنى يەنە توختىتىپتۇ.

— ھە، ئەمدى كېلىپ قانداق قىلغۇدەك! — دەپ سوراپتۇ ئالدىراپ.

— مۇشۇ كۈنلەردە پادىشاھنىڭ سىزدىن كۆڭلى سوۋۇغىلى تۇرۇپتۇ. پات - يېقىندا سىزنى تالاق قىلىپ تاشلاپ، باشقا بىرىنى نىكاھىغا ئالىدىغاندەك قىلىدۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان گۈلنىسانىڭ دىمى سىقىلىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپتۇ، بېشى قېيىپتۇ، ئاچچىقىغا پايلىماي «شور پېشانەم!»دەپ پېشانىسىگە ئۇرۇپ، رۇجەك تۈۋىگە كېلىپتۇ ۋە ئاسمانغا قاراپ مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىر ئوقۇپتۇ:

ئى، خۇدايىم تۆپىمىزدە تۇرىسەن،
ھەر بىر ئىشنى ئۆزۈڭ ئېنىق كۆرىسەن.
بىرەر يامان ئىش قىلمىدىم ئالدىڭدا،
نىچۈن مېنى مۇنچە دەردكە قويىسەن؟!

شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ كۆزلىرىدىن ھەسرەت ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ. راغىلە مەلىكىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدانغانلىقىدىن خۇشال بولۇپتۇ ۋە ئىچ ئاغرىتقان ھالدا:

— ئەي مەلىكەم، غەم - قايغۇ، ئاچچىق، كۈندەشلىك بىلەن ئۆزىڭىزنى قىينىماڭ! پادىشاھنىڭ يامان غەرىزىنى بىلىشكە قادىر بولغان قۇتقىڭىز، بۇ ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئالالماسمۇ؟! — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەلىكە ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەپ

مۇنداق دەپتۇ:
— ئەي قۇتقا، مەن پۈتۈن ئىقلىمغا داڭقى كەتكەن خۇجا-ئەكبەر پادىشاھنىڭ قىزى بولىمەن، ئەمدىلىكتە تاھىر خىزىم پادىشاھنىڭ كۆڭلى مېنىڭدىن سوۋۇپ، باشقا بىرىگە بۇزرۇ-لىدىغان بولسا، ماڭا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خورلۇق يوق، ئەل ئال-دىدا تاشلاندۇق خوتۇن بولۇپ يۈرگۈنۈمدىن ئۆلۈۋالغىنىم ياخ-شى. ئەگەر قولىڭىزدىن كەلسە. بار ئامالنى ئىشقا سېلىپ، بۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئالسىلا، مەن سىلىنىڭ بۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت يەتكۈدەك مال - دۇنيا بېرەي ...
— بولىدۇ، — دەپتۇ راغىلە، — ئايال كىشى ئاجىز نېمە، بىر - بىرىگە قاياش بولمىسا بولامدۇ؟ سىز خاتىرجەم بولۇڭ، گۈل چىرايىڭىزنى سولدۇرماڭ، ماڭا بىرلا نەرسىنى تەييارلاپ بەرسىڭىز بولدى، قالغان ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن.
— ئۇ قانداق نەرسە؟! — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.
— ئۇغۇ ئانچىلىك چوڭ نەرسە ئەمەس، پادىشاھ ئۇخلاپ قالغاندا، تۈيدۈرماستىن، ئىتتىك ئۇستىرا بىلەن ساقىلىدىن بىر تال كېسىۋېلىپ ماڭا بەرسىڭىز، ئىش پۈتتى دېگەن گەپ، پادىشاھنى ئايىغىڭىز تېگىدە قۇرتتەك ئۆمىلەيدىغان قىلىۋېتىمەن ... ھى ... ھى ... ھى
— بولىدۇ.
مەلىكە ئۇنىڭغا بۇگۈنكى خىزمىتى ئۈچۈن مىڭ تىللا ئىنئام قىپتۇ. راغىلە تىللانى ئېلىپ، مەلىكىنىڭ بەختى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ خوشلىشىپ قايتىپتۇ، ئۇ مەلىكىنىڭ قېشىدىن چىقىپ دەرۋازا ئالدىدا بىردەم چۆگىلەپ يۈرۈپتۇ، ئاندىن مەلىكىگە تۈيدۈرماي، دەرۋازىدا تۇرىدىغان خىزمەتچىلەردىن ئۆزىنىڭ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. خىزمەتچىلەر ئۇنىڭ تەلىپىنى پادىشاھقا يەتكۈزگەندىن كېيىن، پادىشاھ كىرىشكە ئىجازەت بېرىپتۇ.

— ئى، ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم،— دەپتۇ راغىلە كىرگەن پېتى پادىشاھنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ،— كەمىنە قۇلىڭىز دۆلىتىڭىز سايىسىدە ياشاپ كېلىۋاتقان ئاددىي بىر رەمچى بولىمەن، سىزنىڭ ئامانلىقىڭىز بىزدەك ئاجىز، مۆمىن بەندىلەرنىڭ بەختى، مەن كېچە - كۈندۈز خۇدادىن سىزنىڭ ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ، دۇئا - تىلاۋەت قىلىمەن، بۈگۈن سىزنىڭ كەلگۈسى ھاياتىڭىزنى كۆزدە تۇتقان ھالدا بىر رەم سېلىپ بېقىش نىيىتىدە ھۇزۇرىڭىزغا كەلدىم...

— قېنى، كارامىتىڭنى كۆرسىتىپ باققىن!— دەپتۇ پادىشاھ.

راغىلە رەم سېلىپ بولغاندىن كېيىن، پادىشاھقا مۇنداق دەپتۇ!

— ئى، ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، سىزگە يالغان ئېيتاي دېسەم دىلىم، راست ئېيتاي دېسەم تىلىم كۆيۈۋاتىدۇ.

— ھە، ئەھۋال قانداق بولسا راست گېپىڭنى ئېيت!

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز!..

— كەچتىم، ئېيت!...

راغىلە تىترەك ئارىلاش، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە مەلىكىڭىز ھاياتىڭىزغا قەست قىلىدىكەن...

بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپتۇ ۋە:

— قانداق قەست قىلىدىكەن، تېز ئېيت!— دەپتۇ.

راغىلە تېخىمۇ ھىيلىگەرلىشىپ، قورققان بولۇپ:

— مەلىكىڭىز سىز ئۇخلىغان پەيتتىن پايدىلىنىپ، بوغۇزلىۋېتىدىغاندەك قىلىدۇ،— دەپتۇ.

— راست ئېيتىۋاتامسەن؟!

— رەمگە شۇنداق چۈشتى، پادىشاھى ئالەم.

— يالغان چىقىپ قالسىچۇ؟!

— كاللام بىلەن جاۋاب قىلىمەن.

پادىشاھ دەرغەزەپكە كېلىپ:

— جاللات!— دەپ توۋلاپتۇ.

قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان ئىككى جاللات تەييار بوپتۇ، پادىشاھ ئۇلارغا!

— بۇ قىرىنى دەرھال زىندانغا تاشلاڭلار!— دەپتۇ. جاللاتلار ئۇنىڭ پۇت - قولىنى يەرگە تەگكۈدەك ئاپىرىپ زىندانغا سولىۋېتىپتۇ.

پادىشاھ تۈگىمەس خىياللارغا پېتىپ قىلىپ، ئاخىرىدا مەلىكىنى سىناپ بېقىش قارارىغا كېلىپتۇ. پادىشاھ شۇ كۈنى ئوردىدىن ھەرەمگە بالدۇر قايتىپ، مەلىكە بىلەن بىرگە بولۇپتۇ. كەچلىكى بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يەپتۇ، شاراب ئىچىپ كۆڭلىنى ئېچىپتۇ. كېيىن كۆرپىگە سوزۇلۇپ يېتىپتۇ ۋە ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋېلىپ مەلىكىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى كۆزىتىشكە باشلاپتۇ. مەلىكە پادىشاھنى ئۇيقۇغا كەتتى، دەپ ھېسابلاپ، پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ساقىلىنى تۇتۇپ، ئەمدى كېسەي دەپ تۇرۇشىغا پادىشاھ كاپ قىلىپ مەلىكىنىڭ قولىنى تۇتىۋاپتۇ، مەلىكە قورقىنىدىن بىر چىرقىراپلا ھوشىدىن كېتىپتۇ.

— جاللات!... دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ.

پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئىككى جاللات يۈگۈرۈپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغا:

— ماۋۇ بەتنىيەت قاتىل خوتۇننى ئاپىرىپ زىندانغا تاشلاڭلار، زىندانغا تاشلانغان راغىلەنى ئېلىپ كېلىڭلار،— دەپ بۇيرۇپتۇ.

جاللاتلار مەلىكىنى سۆرىگەن پېتى ئاپىرىپ زىندانغا تاشلاپتۇ ۋە ھايال بولماستىن راغىلەنى ئېلىپ كىرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى كۆرۈش بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ.

— ھەي قۇتقا،— دەپتۇ پادىشاھ،— ئۇقۇشماسلىقتىن مەن سېنى زىندانغا سالدۇرۇپ، رىيازەت چەكتۈرۈپتىمەن، سەن بۇنى ھەرگىز كۆڭلۈڭگە ئالما، سەن مېنى بىۋاپا مەلىكىنىڭ

سۇيىقەستىدىن ۋاقتىدا خەۋەردار قىلمىغان بولساڭ، ئاللىقاچان هالاك بولغان بولار ئىدىم. مەن ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن، ئەمدى سەن قالغان ئۆمرۈڭدە كوچىلاردا قېقىندى - سوقۇندى بولۇپ يۈرمەي، مېنىڭ دۆلىتىمدە خالىغانچە ئەركىن ياشا!

پادىشاھ خىزمەتچى خادىملارغا راغىلەنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، خىزمىتىگە ئادەم قويۇشنى تاپشۇرۇپتۇ، ئەتىسى پادىشاھ ئوردا ئالدىدىكى كەڭ مەيدانغا ئېگىز دار ياسىتىپتۇ. جاكارچىلار ئارقىلىق پۈتۈن خەلقنى يىغدۇرۇپتۇ.

جاللاتلار مەلىكە گۈلنىسانى يالاپ ئېلىپ كېلىپتۇ. ئۇنى كۆرگەن شەھەر خەلقى ھەيران قېلىشىپتۇ. كىشىلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈپ، تەرتىپمۇ بۇزۇلۇشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا پادىشاھ پەشتاققا چىقىپ، مۇنداق جاكارلاپتۇ:

— خالايىقلار! مۇنۇ قارا نىيەت خوتۇن مېنى قەتلى قىلماقچى بولغاندا قولۇمغا چۈشتى. بۈگۈن بۇ قارا نىيەت، قاتىل خوتۇننى دارغا ئېسىشنى جاكارلايمەن، كىمكى ماڭا قەست قىلماقچى بولىدىكەن، مانا مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ، بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىڭلار، تووا قىلىڭلار! كىشىلەر ئورۇنلىرىدا تۇرالماي دولقۇندەك مەۋج ئۇرۇپ چايقىلىپتۇ. پادىشاھ جاللاتلارغا:

ئېسىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلىپتۇ.

جاللاتلار مەلىكىنى دارنىڭ ئاستىدىكى شىرەنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ، بويىنىغا سىرتماق سېلىپ شىرەنى تېپىپ ئۆرۈۋېتىپتۇ. مەلىكە داردا بىردەم تىپىرلاپ جان بېرىپتۇ.

راغىلە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ زور مۇۋەپپەقىيىتىدىن خۇشال بولۇپتۇ، كۆڭلىگە ئۇنىڭدىنمۇ زور شۇملۇقلارنى پۈكۈپ، زور كىنت شەھىرى تامان سەپەر قىپتۇ.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، راغىلە خوجا-ئەكبەر پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىدا قارىلىق كىيىم بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

پەيدا بولۇپتۇ. ئۇ ئۇردا دەرۋازىسىنى ساقلاۋاتقان قاراۋۇللارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بېيىت ئوقۇپ يىغلاپتۇ.

ھەي، قاراۋۇل ياش باللار
يوللىرىمنى توسماڭلار.
بىر خەۋەر ئېلىپ كەلدىم،
پادىشاھ ئالدىغا باشلاڭلار.
ۋاي دەردىم، قانداق قىلاي؟....

قاراۋۇللار ئۇنىڭغا ئېچ ئاغرىتىپ:
— ھەي قۇتقا، يىغاڭنى توختات! بېشىڭغا نېمە دەرد چۈشتى، بىزگە تېز ئېيت! — دەپتۇ.
راغىلە يىغلاپ تۇرۇپ:
— بېشىمغا چۈشكەن دەردنى پادىشاھقىلا ئېيتىشىم كېرەك، مېنى تېز پادىشاھ ئالدىغا باشلاڭلار، — دەپتۇ.
راغىلەنىڭ تەلىپى خوجائەكبەر پادىشاھقا يەتكۈزۈلۈپتۇ. پادىشاھ خەۋەرچىلەرگە:
— ئۇنى ئېلىپ كىرىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلىپتۇ. خەۋەرچىلەر راغىلەنى ئوردىغا ئېلىپ كىرىپتۇ، راغىلە پادىشاھنى كۆرۈش بىلەنلا يەنە بېيىت ئوقۇپ يىغلاشقا باشلاپتۇ:

پادىشاھ خوجائەكبەر
ئەي، دانا چۈۋەر رەھبەر
كۆكتە ئۆچتى بىر يۇلتۇز
ئۇندىن كەلدىمۇ خەۋەر؟
ۋاي دەردىم قانداق قىلاي؟..

ھەمراھىمدىن ئايرىلىپ،
سۇندى قاناتىم قايرىلىپ،

مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن،
ئالدىڭىزدا زارلىنىپ.
ۋاي دەردىم قانداق قىلاي؟...

پادىشاھ خوجائەكبەر راغىلەنىڭ بۇ ھالىدىن بىر يامانلىق بولغانلىقىنى سېزىپ، تەنلىرى شۈركۈنۈپ، يۈرەكلىرى جىغىلداپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ راغىلەنى يىغىدىن توختىتىپ سوراپتۇ:
— ھە، نېمە دەردىڭ بار؟
ئۆزلىرىگە بىر خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، پادىشاھى ئالەم.
— قېنى، ئېيت!
— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، ئاندىن ئېيتىمەن.
— ھە، كەچتىم، ئېيت!
— كۈيئوغۇللىرى تاھىر خىزىم ئۆزلىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، قىزلىرىنى دارغا ئېسىپ قەتلى قىلدى، — دەپ گەپنى تامام قىپتۇ، پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھوشىنى يوقىتىپ، ئورنىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قاپتۇ، ئۇ بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن ھوشىنى تېپىپ:
— بۇ گېپىڭ راستمۇ؟ — دەپتۇ.
— راست بولمىسا خەلقى ئالەم ئالدىدا شەرمىسار بولۇپ كېتەي.
— ئۇنداق بولسا بۇ خەۋەرنى ماڭا يەتكۈزۈشكە نېمە سەۋەب بولدى؟
— ئى، ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، مەن مەلىكىلىرىنىڭ قېشىدا خىزمەت قىلىپ، ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى كۆپ كۆرگەنىدىم. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ماڭا كۈن چىقىلغانىدەك، يۇلتۇزلار ئۇزۇلۇپ چۈشكەنىدەك ئېغىر تۇيۇلدى. مەلىكىگە بولغان ساداقىتىمنى ئاقلاش ئۈچۈن سىلىنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلىش نىيىتىگە كەلدىم، قېرى بولساممۇ چۆمۈلىدەك ئۆمىلەپ، شۇنچە ئۇزۇن

مەززىلىنى بېسىپ ئاخىرى نىيىتىمگە يەتتىم، ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق.

پادىشاھ راغىلەنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ھۆرمىتى ئېشىپتۇ. ئۇ خىزمەتچىلەرنى چاقىرتىپ قۇتقىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

پادىشاھ قىزىنىڭ بىھۇدە ئۆلۈپ كەتكىنىگە قاتتىق ئېچىنىپتۇ. قىزى ئۈچۈن تاھىر خىزىمدىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كەپتۇ. ئۇ دەرھال ھەممە ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى، ئاقىلۇ - دانىشمەنلىرىنى، بارلىق لەشكەر باشلىقلىرىنى مەجلىسكە چاقىرىپتۇ. مەجلىستە مۇزاكىرە ئارقىلىق، تاھىر خىزىم ئۈستىگە جازا يۈرۈش قىلىش قارارىغا كەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، پۈتۈن لەشكەرلەر جەڭگە ھازىرلىنىشقا كىرىشىپتۇ. راغىلە ئۆزىگە قاراۋاتقان خىزمەتچىلەرگە تۇيدۇرماي ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ شەھىرى كىتەككە يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۇتتۇرلا تاھىر خىزىم پادىشاھنىڭ يېنىغا كىرىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ ۋە:

— قۇتقا، ئۇزاقتىن بېرى كۆرۈنمىدىڭ، نەلەردە يۈرۈۋاتىسەن؟ — دەپ ئەھۋال سوراپتۇ.

راغىلە پادىشاھقا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ تەزىم قىپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— ئى، ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم! ماڭا قىلغان مېھىر - شەپقىتىڭىزگە مىڭ رەھمەت، غېرىب قۇتقىلىرى دەرگاھىدا تۇرۇپ، شانۇ - شەۋكەتلىرىگە داغ چۈشۈرۈشنى مۇناسىپ كۆرمەي كوچىغا چىقىپ كەتكەنىدىم. كۈن پاتقان يەردە تۈنەپ، تاڭ سەھەردە تۇرۇپ، ھەربىر نامىزىمدا سىلىگە دۇئا قىلدىم. بۈگۈن سىلىنىڭ مۇبارەك دىدارلىرىنى ئەسكە ئېلىپ، ئامان - ئېسەنلىكلىرىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىش مەقسىتىدە رەم سېلىپ باققانىدىم، رەمدە بىر شۇم خەۋەر ئايان بولدى. شۇنىڭدىن سىلىنى

خەۋەردار قىلغىلى كەلدىم.

تاھىر خىزىم سەل جىددىيلىشىپ:

— تېز ئېيت، ئۇ قانداق شۇم خەۋەر؟! دەپ سوراپتۇ.

راغىلە مۇنداق دەپتۇ:

— رەمدە قېيىن ئاتىلىرى خوجا ئەكبەر پادىشاھنىڭ سىلىگە قارشى ئەسكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى، سىلىغۇ دۇنيادا تەڭداشسىز غالىب پادىشاھ، شۇنداق بولسىمۇ دۈشمەنگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

تاھىر خىزىم پادىشاھنىڭ راغىلەگە بولغان ھۆرمىتى ئېشىپ، ئۇنى ئۆزىگە باش مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلەپتۇ. راغىلە ھۆرمەتلىك ئادەمگە ئايلىنىپتۇ.

قېيىن ئاتىسىنىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ساراسىمىگە چۈشكەن تاھىر خىزىم پادىشاھ شۇ كۈنى ۋەزىرلىرى بىلەن لەشكەر باشلىقلىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپتۇ. يىغىندا خوجا ئەكبەر پادىشاھنىڭ جازا يۈرۈشىگە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى مۇزاكىرە قىلىنىپتۇ. يىغىندىن كېيىن تەييارلىق ئىشلىرى ئىشانىشكە باشلاپتۇ. شۇ ئارىلىقتا خوجا ئەكبەر پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى شەھەر ئەتراپىغا باستۇرۇپ يېتىپ كەپتۇ. پادىشاھ شەھەر دەرۋازىسىنى مەھكەم بېكىتىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۆزى باش بولۇپ لەشكەرلەرنى ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىپتۇ. راغىلە ئۇنىڭغا ئەقىل ئۆگىتىپ بىللە يۈرۈپتۇ. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كېچە - كۈندۈز جىددىي جەڭ بوپتۇ. ھېچقايسىسى بىر - بىرىنى يېڭەلمەپتۇ. خوجا ئەكبەر پادىشاھ شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىپ يېتىپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. سىرت بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن شەھەرى كىتەك خەلقى ھەر جەھەتتىن قىيىنچىلىققا ئۇچراپتۇ. لەشكەرلەرنىڭ روھى چۈشۈپ جەڭگىۋارلىقى ئاجىزلىشىپتۇ. مۇشۇ پەيتتە خوجا ئەكبەر پادىشاھ ھۇجۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاھىر خىزىم پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇچراپ، زىيان بارغانسېرى كۆپىيىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تاھىر خىزىم پادىشاھ قاتتىق سارالسىمىگە چۈشۈپتۇ، ئۇ راغىلەنى پىنھان جايغا چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— قۇتقا، سەن مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بالايىئاپەتلەرنى كۆرۈۋاتىسەن، شەھەر خەۋپ ئىچىدە قالدى، مەن قانداق قىلسام بولىدۇ؟ بىر مەسلىھەت كۆرسەت!

راغىلە تۇرۇۋا ئەدىيالىدىن ئالا - بۇلماچ تاشلارنى ئېلىپ زەم سېلىشقا باشلاپتۇ. بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

— دۈشمەنلەرنىڭ شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىشىگە ئاز قالدى. سانىڭ غەلىبە قازىنىشلىرىدىن ئۈمىد يوق ...

تاھىر خىزىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھوش - كاللىسىنى يوقىتىپ، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ ھالىنى كۆرگەن راغىلە پادىشاھقا:

— پادىشاھ بولغان كىشى خەۋپ - خەتەر ئالدىدا گاڭگىراپ قالماسلىقى، بەلكى ئۇنى يېڭىدىغان ئىشەنچىسى بولۇشى لازىم، دەپ نەسىھەت قىپتۇ. تاھىر خىزىم:

— قۇتقا، قانداق قىلىمەن، ماڭا تېزدىن بىر يول كۆرسەت! — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— پادىشاھى ئالەم، كۆڭۈللىرىڭىزگە مالال كەلمىسە، ئاخىرقى قېتىم بېرىدىغان بىر مەسلىھەتىم بار، شۇنى سىلىگە ئېيتىپ باقاي:

— بولىدۇ، ئېيت!

— سىلى پادىشاھلىقنى ماڭا ۋاقىتلىق ئۆتكۈزۈپ بەرسىلە، بىرىنچىدىن خۇداغا، ئىككىنچىدىن پۇقراغا، لەشكەرگە تايىنىپ جەڭ قىلىپ باقاي؛ تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ جەڭدە غەلىبە قىلىپ قالسام، جەڭدىن كېيىن پادىشاھلىقنى قايتۇرۇپ بېرىمەن.

ئۇ ۋاقىتتا شەھىرى كىتتەكلا ئەمەس، زوركىت شەھىرىگىمۇ پادىشاھ بولىلا.

ئاپەتتىن تېزراق قۇتۇلۇپ، تىنچلىقتا ئارام ئېلىشنى كۆزلەپ يۈرگەن تاھىر خىزىمىغا بۇ مەسلىھەت ياغدەك يېقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھلىقنى راغىلەگە ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئالتۇن تاجىنى بېشىدىن ئېلىپ ئۆز قولى بىلەن راغىلەنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ قويۇپتۇ. راغىلەنىڭ پادىشاھ بولغانلىقى پۈتۈن شەھەر خەلقىگە جاكارلىنىپتۇ. راغىلە پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن پۈتكۈل شەھەر خەلقىنى بىر يەرگە يىغىپتۇ. ئاندىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، خالايىققا مۇنداق دەپتۇ:

— پۇقرالىرىم، ئەر - ئايال، قېرى - ياش قېرىنداشلىرىم، مەن سىلەرگە ئوچۇق - ئاشكارا جاكارلايمەنكى، ھازىر ھەممىمىزنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ئانىسى، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جانىجان يۇرتىمىز دۈشمەنلەرنىڭ قامالى ئاستىدا تۇرماقتا. بىزگە كېلىدىغان خەۋپ - خەتەر قاش - كىرپىك ئارىلىقىدا قالدى. ئاتا - بوۋىلىرىمىز «ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويىڭ سامان بولماس» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقانىكەن. بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئىككى يول تۇرۇپتۇ. بىرى، دۈشمەنلەرگە ئەل بولۇپ، قۇللۇقتا سارغىيىپ ياشاش؛ يەنە بىرى، دۈشمەنلەرگە قارشى جەڭ قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاپ، ئەركىن، ئازادە ياشاش. بىز قايسى يولدا ماڭىمىز؟ قېنى ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ راغىلەنىڭ سۆزلىرى خالايىققا تەسىر قىپتۇ. ئۇلار بىردەكلا:

— بىز كېيىنكى يولدا ماڭىمىز، — دەپ جاۋاب قايتۇرۇشۇپتۇ.

خەلقنىڭ ساداسىنى ئاڭلىغان راغىلە تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش ئۈچۈن سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— ئەلۋەتتە كېيىنكى يولدا مېڭىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرگە مۇراجىئەت قىلىمەنكى، ھەممىمىز بىر ياقىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باش، بىر يەكىدىن قول چىقىرىپ دۈشمەنلەرگە قارشى قەھرى-
مانلارچە جەڭ قىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا بىز چوقۇم
مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز.

خالايىق بۇنىڭغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپتۇ. راغىلە ۋەزىر-
لەرنى، دانىشمەنلەرنى، لەشكەر باشلىقلىرىنى ئارقىسىغا سېلىپ،
شەھەر مۇداپىئەسىنى كۈزدىن كەچۈرۈپتۇ. خىزمەتتە بوشاڭلىق
قىلغان باشلىقلارنىڭ ئەملىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا يېڭىدىن
باشلىق تەيىنلەپتۇ. ئۆلگەن لەشكەرلەرنىڭ ئورنىغا يۇقرالاردىن
يېڭى لەشكەر ئېلىپ تولدۇرۇپتۇ. قىسقىسى، ھەر تەرەپلىمە
تەييارلىقلار ياخشى ئىشلىنىپتۇ. شۇنىڭ نەتىجىسىدە، خوجا
ئەكبەر پادىشاھنىڭ بىرقانچە قېتىملىق شىددەتلىك ھۇجۇمى
چېكىندۈرۈلۈپتۇ. خوجا ئەكبەر پادىشاھ شەھىرى كېتەكلەرنىڭ
بۇنداق كۈچىيىپ كېتىشىدىن ھەيران قاپتۇ. ئۇ ھۇجۇم قى-
لىشنى توختىتىپ، شەھەرگە بولغان قامالنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە
باشلاپتۇ. شەھەرگە سىرتتىن بىر تال قۇشنىمۇ كىرگۈزمەپتۇ.
مۇشۇنداق ھالەتتە كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. شەھىرى كېتەك
خەلقىنىڭ يەيدىغان ئوزۇقى، قالايدىغان ئوتۇنى، ئىچىدىغان
سۈيى قالماي، زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەپتۇ. بۇ قىيىنچى-
لىقلار ئۇلارنى ئۇرۇش قىلىش قابىلىيىتىدىن مەھرۇم قىپتۇ.
مۇشۇ پەيتتە خوجا ئەكبەر پادىشاھ ئەسكەرلەرنى قايتا تولۇقلاپ،
شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، شەھىرى كېتەكنى قولغا كەل-
تۈرۈپتۇ. خوجا ئەكبەر پادىشاھ راغىلەنى ئەسىرگە ئاپتۇ. ئۆزىگە
خەۋەر ئېلىپ كەلگەن بۇ دەللىنىڭ ئەمدىلىكتە پادىشاھ بولۇ-
ۋالغانلىقىدىن ھەيران قاپتۇ. تاھىر خىزىنىنىمۇ ئىزدەپ تېپىپ،
قولغا ئاپتۇ. ئاچ - زارلىقتا قالغان شەھىرىكېتەك خەلقىگە كې-
رەكلىك نەرسىلەرنى تارقىتىپ بېرىپ دەردىگە دەرمان بوپتۇ.
يۇرت ئىچىدە تىنچ - ئامانلىق ئورنىتىلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى
ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خوجا ئەكبەر

پادىشاھ جاكارچىلار ئارقىلىق پۈتۈن خەلقنى بىر يەرگە توپلاپتۇ. تاھىر خىزىم بىلەن راغىلەمۇ بىر يەرگە كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئاندىن كېيىن خالايىق ئالدىدا سوراق باشلاپتۇ:

— ئەي ئاسىي قاتىل! مەلىكە گۈلنىسانى نېمىشقا دارغا ئاسقۇزدۇڭ؟! — پادىشاھ تاھىر خىزىمدىن سوراپتۇ. تاھىر خىزىم تىترەپ تۇرۇپ، بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن كېيىن راغىلە سوراق قىلىنىپتۇ. راغىلە ئۆزىنىڭ قىلمىشىنى مۇنداق بايان قىپتۇ:

— مەن ھازىر بىر قېرى كالا، قېرى كالا پەچاقتىن قورقمايدۇ. مېنىڭ كۆرىدىغان كۈنۈم مەشەگىچە. مەن پۈتۈن سىرنى ئاشكارىلاي: «مەن كىچىكىمدىن تارتىپ پىتنە-پاسات تارقىتىپ، كىشىلەرنى بالايىئاپەتكە دۇچار قىلىشنى كەسىپ قىلىپ كەلدىم. بىر كۈندە بىرىنى ئالداپ، بالايىئاپەتكە دۇچار قىلمىسام، كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ. بىر كۈنى مەلىكە گۈلنىسا رەم سېلىپ بېرىشكە مېنى چاقىردى» دەپ ئۆزىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆپچىلىك ئالدىدا ئىقرار قىپتۇ.

خوجا ئەكبەر پادىشاھ، تاھىر خىزىم پادىشاھ ۋە پۈتۈن شەھەر خەلقى يۇقىرىدا بولغان كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ ھەممىسى راغىلەنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا نەپرەت بىلدۈرۈپتۇ. خوجا ئەكبەر پادىشاھ ئەل ئىچىدىكى مۇشۇنداق يامان شۇمبۇيلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن راغىلەنى نەق مەيداندا دارغا ئېسىشنى بۇيرۇپتۇ. راغىلە دارغا ئېسىلىپتۇ. بۇنىڭدىن پۈتۈن شەھەرى كىتەك خەلقى شاد-خۇراملىقتا چۆمۈلۈپتۇ. خوجا ئەكبەر پادىشاھ ئەل ئالدىدا تاھىر خىزىمغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن سېنى ئەقلى-ھوشى جايىدا دەپ كۈيئوغۇل قىلغانىدىم، تازا ئۇچىغا چىققان دۆت ئىكەنسەن. خەير، ئاتا-بالا بولغانلىقىمىز ئۈچۈنلا گۇناھىڭدىن كەچتىم.

سەن قىلغاننى مەن قىلماي، مۇندىن كېيىن ئەقلىي - ھوشۇڭ بىلەن ئىش قىلارسەن. مەن سېنى بۇ شەھەرگە قايتا پادىشاھ قىلىپ تەيىنلەيمەن، ئادىللىق بىلەن ئىش قىلىشىڭنى، يۇرتنى گۈللەندۈرۈپ، گۇناھىڭنى يۇيۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

تاھىر خىزىم ئۆزىنىڭ گۇناھىنى تونۇپ، قېيىن ئاتىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ھۆكرەپ يىغلاپتۇ. خوجا ئەكبەر پادىشاھ ئۇنى ئورنىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:

— خەلقىڭنى رازى قىلساڭلا مەن سەندىن رازى! دەپتۇ.

— بولىدۇ، دادا، مەن بۇنىڭدىن كېيىن سىزنىڭ دېگىنىڭىزنى قىلىمەن، دەپتۇ تاھىر خىزىم پادىشاھ. بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن تاماملىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، خوجا ئەكبەر پادىشاھ زور كەڭ شەھىرىگە قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ.

تاھىر خىزىم پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، شەھىرى كەتتەكنى قايتا گۈللەندۈرۈشكە بەل باغلاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ناسىر شادەي.

(«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 5 - سانىدىن)

## بۆرە بالىسى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا جاڭگالدا بىر توپ بۆرە ياشايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە چىشى بۆرە بالىسىغا:

— بوگۈندىن باشلاپ ئۆزۈڭ ئوۋلاپ يېيىشنى ئۆگەن، — دەپتۇ.

بۆرە بالىسى ئالدىمغا نېمە ئۇچراركىن دەپ ئويىاقتىن - بۇققا مېڭىشقا باشلاپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر چىرايلىق تايچاق چىقىپتۇ. بۆرە يوگۇرۇپ بېرىپ:

— مەن سېنى يەيمەن، دەپتۇ. تايچاق بۆرىگە قاراپ:

— مەن سەندىن ئېگىز تۇرسام، سەن مېنى قانداق يەيسەن؟ — دېسە بۆرە:

— قانداق يېسەم يەيمەن، دەپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلاپتۇ. تايچاق بۆرىگە:

— ھەي بۆرە، بوپتۇ، مېنى يېگىن، ئاۋۋال ماڭا بىر ياردەم قىل دەپتىكەن، بۆرە:

— قانداق ياردەم قىلىمەن دەپ سوراپتۇ:

— تاپىنىمغا ئويۇلغان بىر خەت بار، ئۇ خەتنى ئوقۇپ بەرسەڭ، ئاندىن مېنى يېسەڭ مەيلى، — دەپتۇ - دە، ئارقا پۇتىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. بۆرە ئۇنىڭ پۇتىدىكى خەتنى ئوقۇيمەن دەپ باش لىڭشىتقانىكەن، تايچاق بۆرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۆزىگە بىرنى تېپىپ قېچىپ كېتىپتۇ. بۆرە بىر ھازا خاپا بولۇپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ، يەنە بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىغا كىچىككىنە بىر ئاق ئوغلاق چىقىپتۇ.

— مەن سېنى يەيمەن دەپتۇ بۆرە بالىسى خىرىس قىلىپ.

— ماقۇل دەپتۇ ئوغلاق قورقۇمسىراپ تۇرۇپ، — مېنىڭ بەك قىزىق ئويۇنلىرىم بار، ساڭا ئويناپ بېرەي، ئاندىن مېنى يە، — دەپتۇ. بۆرە ماقۇل بولۇپ قاراپ تۇرغانىكەن، ئوغلاق ئۇ چەتتىن بۇ چەتكە چېپىپ، دومىلاپ، يۈگۈرۈپ، ئويناقشىپ تاغقا چىققان پېتى قېچىپ كېتىپتۇ. قورسىقى ئاچقان بۆرە ئاچچىقلىنىپ تۇرسا قوزىچاق ئۇچراپتۇ.

— سېنى يەيمەن، — دەپتۇ بۆرە خىرىس قىلىپ.

— ماقۇل، — دەپتۇ قوزىچاق غال - غال تىترەپ تۇرۇپ، — سەن مېنى مۇشۇ پېتى يېسەڭ گۆشۈم بەك لاۋزا، كۆردۈڭمۇ، ئەنە ئاۋۇ تاغنىڭ بېشىغا چىقساڭ زىرە بىلەن پىياز بار، ئەكىلىپ قوشۇپ يېسەڭ مەززە قىلىسەن، — دەپتۇ. بۆرە ئاغزىغا كەلگەن شۆلگەينى يۇتۇۋېتىپ، تاغقا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. شۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ قوزىچاق قېچىپ كېتىپتۇ. كۈن بويى ئاچ قورساق قايتقان بۆرە بالىسى يىغلاپ، ئانىسىغا ئەھۋالنى ئېيتقانىكەن، ئۇ بالىسىغا مۇنداق دەپتۇ:

تۇتۇپ يە سەرۋاز،
يەپ قورسىقىڭنى تويغاز.
كىم قويىدۇ سېنى ئىزدىگىلى
زىرە بىلەن پىياز.

«(ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1984 - يىل 2 - مارت سانىدىن ئېلىندى)

## شەپەرەڭنىڭ سەرگۈزەشتىسى

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئورمانلىقتا بىر توپ ھايۋانلار بىلەن بىر توپ قۇشلار ياشايدىكەن، شەپەرەڭ بولسا ھايۋانلارغىمۇ، قۇشلارغىمۇ قوشۇلماي يالغۇز ياشايدىكەن.

كونىلەرنىڭ بىرىدە ھايۋانلار بىلەن قۇشلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بوپتۇ. شەپەرەڭ يا ھايۋانلار تەرەپتە تۇرۇشنى، يا قۇشلار تەرەپتە تۇرۇشنى بىلەلمەي جەڭگە قاتناشماپتۇ. چۈنكى ئۇ ھايۋانلار تەرەپتە تۇراي دېسە قانىتى بار بولۇپ ئۇچالايدىكەن، قۇشلار تەرەپتە تۇراي دېسە چىشى بار بولۇپ نەرسىلەرنى چايناپ يەيدىكەن. شەپەرەڭ قانداق قىلىشنى بىلمەي بېشى تازا قېتىپتۇ، ئويلا - ئويلا ئاخىرى ئەپچىل بىر چارە تېپىپتۇ. ئەگەر قۇشلار غەلىبە قىلىشقا يۈزلەنسە قۇشلارغا قوشۇلۇشنى، ئەگەر ھايۋانلار تەرەپ غەلىبە قىلىشقا يۈزلەنسە ھايۋانلارغا قوشۇلۇشنى ئويلاپتۇ - دە، جەڭ بولۇۋاتقان يەرنىڭ نېرىسىدا تۇرۇپ ئۇلارنى كۈتۈپتۇ.

ئۇ قۇشلارنىڭ ھايۋانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ - دە، جەڭ مەيدانىغا قاراپ ئۇچۇپتۇ، بېرىپ قۇشلار ئارىسىغا قوشۇلۇپتۇ. ئارىدىن بىر قۇش شەپەرەڭدىن: «سەن بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟» دەپ سوراپتۇ. «سەن مېنىڭ قانىتىم بارلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ مەنمۇ سىلەرنىڭ جەمەتىڭلاردىن» دەپتۇ شەپەرەڭ دەرھال كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

«ئۇنداق بولسا سەنمۇ بىز بىلەن بىللە جەڭ قىل» دەپتۇ ھېلىقى قۇش. كۈنلەر، ھەپتىلەر ئۆتۈپتۇ، ئەمما جەڭ يەنىلا توختىماپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەھۋال بىردىنلا ئۆزگىرىپتۇ. شەپەرەڭ ھايۋانلارنىڭ قۇشلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال قۇشلار توپىدىن ئايرىلىپ ھايۋانلار تەرەپكە ئۆتۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر ھايۋان شەپەرەڭدىن: «سەن بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ؟ بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى كۆزەتمەكچىمۇ سەن؟!» دەپ ھەيۋە بىلەن سوراپتۇ. بۇ ھايۋاننىڭ سۆزىدىن چۆچۈگەن شەپەرەڭ مۇلايىم قىياپەتتە: «سەن مېنىڭ چىشىم بارلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ مەنمۇ سىلەرنىڭ جەمەتىڭلاردىن بىرىڭغۇ!» دەپتۇ. ھايۋان بۇنى ئاڭلاپ تازا ئاچچىقى كەپتۇ ـ دە، «سەن كىمنى ئەخمەق قىلىسەن، بىز بايىلا سېنى جەڭ مەيدانىدا قۇشلار ئارىسىدا كۆرگەن ئىدىققۇ» دەپ ۋارقىراپ شەپەرەڭنى قوغلىۋېتىپتۇ. ئۇ قۇشلارنىڭ يېنىغا بارغانىكەن، قۇشلارمۇ ھەيدىۋېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شەپەرەڭ ئۆزى يالغۇز ياشايدىغان بوپتۇ. كۈن ـ ئايلار ئۆتۈپ ھايۋانلار بىلەن قۇشلار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ توختاپ، بارا ـ بارا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق شەكىللىنىپتۇ. ئەمما ئۇلار شەپەرەڭنى ئارىغا ئالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شەپەرەڭ كۈندۈزى ھەرىكەت قىلىشتىن قورقۇپ كېچىسى ھەرىكەت قىلىدىغان بوپتۇ.

(«شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى» 1985 - يىل 26 - مارت سانىدىن ئېلىندى)

## ئېيىقچاقنىڭ مېھمان چاقىرىشى

بىر تۈلكە بولۇپ، ناھايىتى ھۇرۇن ھەم ئاچكۆز ئىكەن. كۈن بويى يەپ - ئىچىپ قورسىقىنى توقلاپ ئۇخلايدىكەن. ئۇخلاپ بولۇپلا يەنە نەرسە - كېرەك ئوغرىلاپ يېگىلى تۇرىدىكەن. شۇڭا ئۇنى كۆرگەنلەرنىڭ ئۆچلۈكى كېلىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ يوغان بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىدا ئۇخلاپ قاپتۇ، ئويغىنىپ قارىسا كۈن پاتاي دەپ قالغان، قورسىقىمۇ بەك ئېچىپ كەتكەن. ئۇ نەگە بېرىپ بىر نەرسە تېپىپ يېسەم بولار؟ دەپ خىيال سۈرۈپتۇ. شۇ ئەسنادا توساتتىنلا بىر ئاسلاننىڭ بىرمۇنچە ئۈششاق ياغلىق توقاچلارنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپتۇ - دە، ئالدىراپ:

— ھەي ئاسلانچاق، ئاسلانچاق، نەگە كېتىۋاتىسەن؟ — دەپ چاقىرىپتۇ.

— بۈگۈن ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئېيىقچاق مېھمان چاقىرغانىكەن، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بەزمە - تاماشا قىلىپ كېلىمىز! — دەپتۇ ئاسلان.

— مېنىمۇ بىللە ئالغاچ بارساڭ قانداق؟ — دەپتۇ تۈلكە. ئاسلان ئۇنىڭغا قاراپ:

— سەن تۈلكە ئىش - ھەرىكەت قىلمايدىغان ھالىڭغا تېخى بىكاردىنلا تەييار ھالاۋەت كۆرسەن دەمسەن؟ ھى، مەن سېنى ئالغاچ بارمايمەن، دېگىنىچە بەدەر چېپىپ كېتىپتۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تۈلكە ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ، يەنە يېتىپتۇ، تۇساتتىن ئۇ ئالا كۈچۈكنىڭ بىر بولاق سوۋغات ئېلىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ-تۇ - دە، شۇ ھامان:

— ھەي ئالا كۈچۈك، ئالا كۈچۈك! نەگە كېتىۋاتىسەن؟ — دەپ چاقىرىپتۇ.

بۈگۈن ھېيت بولغاچقا، ئېيىقچاق مېھمانغا چاقىرىپتۇ. ئۇنىڭ ئۆيىگە بەزمە - تاماشا قىلىشقا كېتىۋاتىمەن! — دەپتۇ ئالا كۈچۈك.

— مېنىمۇ بىللە ئالغاچ بارساڭ قانداق! — دەپتۇ تۈلكە.

ئالا كۈچۈك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ:

— سەن تۈلكە ئىش - ھەرىكەت قىلمايدىغان ھالىڭغا تېخى بىكاردىنلا تەييار ھالاۋەت كۆرمەكچى بولامسەن؟ ھى، مەن سېنى ئالغاچ بارمايمەن! — دېگىنىچە بەدەر يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ.

تۈلكە ئەمدى كېتەي دەپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىزلا يەنە بىر چۈجە خورازنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپتۇ. قولىدا تېخى بىر بولاق سوۋغىمۇ بار ئىكەن. تۈلكە ئالمان - تالمان ئۇنى چاقىرىپ:

— خورازجان، بۈگۈن مۇنچىلىك ياسىنىپ نەگە بارماقچىسەن؟ دەپ سوراپتۇ.

— بۈگۈن ھېيت بولغانلىقتىن، ئېيىقچاق مېھمانغا چاقىرىپتۇ. بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئېسىل تائاملارنى يەپ كۆكۈل ئاچىمىز! — دەپتۇ چۈجە خوراز.

— مېنىمۇ بىللە ئالغاچ بارساڭ قانداق؟ — دەپتۇ تۈلكە.

چۈجە خوراز ئۇنىڭغا بىر ئالىيىپ قويۇپ:

— سەن يېيىشنىلا بىلىپ، ئىش - ھەرىكەت قىلمايدىغان ھالىڭغا تېخى تەييار ھالاۋەتكە ئېگە بولماقچى بولۇۋاتامسەن؟

ھى، مەن سېنى ئالغاچ بارمايمەن! — دەپتۇ.

ئاچچىقىنى باسالماي قالغان تۈلكە ئاغزىنى يامان قىلىپ:

— ھەممىڭ پەس نېمىلەر، خەپ توختاپ تۇرۇش، مېنى ئالغاچ بېرىشمىساڭمۇ ئۆزۈم بېرىۋېرىمەن، ئېيىقچاقنىڭ ئۆيىدىكى ناز - نېمەتلەرنىڭ ئېسىلى ماڭا تەئەللۇق! — دەپ ۋايسىغانچە ئاغزىنى تامشىتىپ ئېيىقچاقنىڭ ئۆيى تەرەپكە مېڭىپتۇ.

ئېيىقچاق ئۆيىدە ئالدىراش ئىشقا كىرىشىپ كەتكەنىكەن، ئۇ ئۆي ئىچىنى سىرىپ - سۈپۈرگەندىن كېيىن جوزا - ئورۇندۇقلارنى پاكىز سۈرتۈپ، ئۈچ خىل تاماق — بېلىق، گۆشنىڭ سۆڭىكى ۋە قۇرت - قوڭغۇزنى تىزىپ قويۇپتۇ. بۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئىشىك چەككەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

— كىم؟ — دەپ ئالدىراپ سوراپتۇ ئېيىقچاق.

— مەن ئاسلان بولىمەن.

ئېيىقچاق ئىشىكنى ئېچىپ:

— ۋاي كېلىڭ، ئاسلانچاق! — دەپ ئاسلاننى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ يەنە ئىشىكنى يېپىپ قويۇپتۇ. ئاسلان سوۋغات ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن توقاچلارنى ئېيىققا ئۇزىتىپتۇ.

— رەھمەت ساڭا ئاسلانچاق، مەنمۇ سېنى داستىخاندىكى نەرسىلەرگە ئېغىز تېگىشكە تەكلىپ قىلىمەن، — دەپتۇ ئېيىقچاق، — سىلەر ئۈچۈن بۇ ئۈچ خىل تاماقنى تەييارلىدىم، تۇزۇت قىلماي خالىغىنىڭچە يەۋەرگىن.

— سۆڭەك بىلەن ئۇششاق قۇرتلارنى كۆڭلۈم تارتمايدۇ، كىچىك بېلىقنى ھەممىدىن ياخشى كۆرىمەن، — دەپتۇ ئاسلان.

ئاسلان تائام يېگىلى تۇرغاندا، ئالا كۈچۈك كىرىپ كەپتۇ. ئۇمۇ ئېلىپ كەلگەن سوۋغىتىنى ئېيىقچاققا ھەدىيە قىپتۇ.

— رەھمەت ساڭا ئالا كۆچۈك، — دەپتۇ ئېيىقچاق، — مەنمۇ سېنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىمەن، مانا بۇلار سۆگەك، قۇرت ۋە كىچىك بېلىقتىن تەييارلانغان ئۈچ خىل غىزا، خالىغىنىڭنى يە، تۈزۈت قىلما.

— مېنىڭ قۇرت ۋە كىچىك بېلىق بىلەن خۇشۇم يوق، گۆشنىڭ سۆڭىكىنى ھەممىدىن ياخشى كۆرىمەن، — دەپتۇ ئالا كۆچۈك.

شۇ ئەسنادا چۈجە خورازمۇ يېتىپ كەپتۇ. ئۇمۇ ئېلىپ كەلگەن سوۋغىتىنى ئېيىقچاققا تاپشۇرۇپتۇ.

— رەھمەت ساڭا چۈجە خوراز، قېنى داستىخانغا مەرھەمەت قىلغىن، — دەپتۇ ئېيىقچاق، — مانا بۇلار سۆگەك، قۇرت ۋە ئۇششاق بېلىقتىن تەييارلانغان تائام، كۆڭلۈڭ نېمىنى تارتسا شۇنى يە، تارتىنما!

— سۆگەك بىلەن بېلىقنى يېگۈم كەلمەيدۇ، ئۇششاق قۇرتلارنى بەك ياخشى كۆرىمەن، — دەپتۇ چۈجە خوراز.

ئۇلار تاماققا ئېغىز تېگىشىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز «دۈك — دۈك، دۈك» ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. كىمكىنە ئىشىكنى قاتتىق چەككەن! — دەپ ھەممەيلەن ھەيران بولۇشۇپتۇ.

— كىم؟ — دەپ سوراپتۇ ئېيىقچاق.

تۈلكە ئىشىك سىرتىدا ۋارقىراپتۇ:

— ئىشىكنى ئىلدام ئېچىش! مەن چوڭ تۈلكە بولىمەن!

تۈلكە ئىشىكنى كۈچىنىڭ بارىچە قېقىپ تۇرۇپ يەنە:

— ئىشىكنى دەرھال ئېچىپ، ياخشى يېمەكلىكلەرنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىش! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۇ چاغدا ئېيىقچاق، ئاسلان، ئالا كۆچۈك ۋە چۈجە خوراز بىرگە باش قوشۇپ چارە — ئامال ئويلاپتۇ.

ئېيىقچاق سۆز ئېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئۆي سالغان چاغدا، بىرمۇنچە تاش ئېشىپ

قالغان، مەن بۇ تاشلارنى سىلەرگە بۆلۈپ بېرەي، ئۆشىك ئىچىلـ
غان ھامان، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا تاش ياغدۇرايلى!

— ۋاي شۇنداق قىلايلى! — دەپ چۇرقىرىشىپتۇ كۆپچىلىك.

ئېيىقچاق دەرھاللا تاشلارنى كۆپچىلىككە تەقسىملەپ بېرىپتۇ.

ئېيىقچاق ئۆشىكنى ئېچىپتۇ. تۈلكە ئۆشىكتىن كىرىشى بىلەنلا:

— يەيدىغان ياخشى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى چاپسان كەلتۈر دەپ ۋارقىراپتۇ.

كۆپچىلىك:

— مە ئالە! مانا ئال! مانا ئال! — دەپ چۇقان سېلىپ تۈلكىگە تاش ياغدۇرۇپتۇ. تۈلكە بېشىنى تۇتقانچە:

— ۋايجان! ۋاييەي! ۋاي ئۆلەي دېدىم! — دەپ كاتـ شىپ قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋېتىپتۇ.

كۆپچىلىك قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ، ناخشا - ئۇسسۇلنى قىزىتىپ، راسا كۆڭۈل ئېچىپتۇ.

(«شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىنىڭ 1986 - يىل 25 - مارت سانىدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## تەييارغا ھەييار مۈشۈك

بۇرۇن بىر ئادەمنىڭ بىر مۈشۈكى بار ئىكەن، ئۇ مۈشۈ- كىنى ئاسلان چېغىدىن باشلاپ نان چايناپ بېقىپتۇ. ئەگەر ئىگىسى نان چايناپ بەرمىسە، مۈشۈك ھېچنەرسە يېمەيدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆي ئىگىسى:

— مۈشۈكۈم، ئەمدى خېلى چوڭ بولۇپ قالدىڭ، چايناپ بەرمىسەممۇ ئۆزۈڭنىڭ قورسىقىڭنى ئۆزۈڭ باقىسەن، ئۆ- يىمىزدە چاشقان كۆپىيىپ قالدى، ئۇلارنىڭ ئەدىبىنى راسا بىر بەرگىن — دەپتۇ.

كىچىكىدىن تارتىپ تەييارنى يەپ ئۆگىنىپ قالغان مۈشۈككە چاشقان تۇتۇپ يېيىش تولىمۇ قىيىن تۇيۇلۇپتۇ - دە، ھەر كۈنلۈكى ئۆي ئىگىسى ئۇخلاپ قالغاندا تەكچىدىكى ناننى ئوغ- رىلىقچە يەيدىغان بوپتۇ.

تەكچىدىكى ناننىڭ ئۇۋاقلىرىنى كۆرگەن ئۆي ئىگىسى: «ئۆيدە چاشقانلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ،» مۈشۈك ئۇلارنى تۇتۇپ بولالمىغان ئوخشايدۇ» دەپ، ياڭاقتەك نانغا زەھەرلىك دورا ئارىلاشتۇرۇپ تەكچىگە سېلىپ قويۇپتۇ.

تۈن يېرىملاشقاندا مۈشۈك ئاستا تەكچىگە كىرىپتۇ - دە، ھېلىقى زەھەرلىك دورا ئارىلاشتۇرۇلغان ناننى تازا مەززە قىلىپ يەپتۇ - دە، شۇ يەردىلا جان ئۈزۈپتۇ. ئەتىسى ئۆز مۈشۈكىنىڭ ئۆلۈمىنى تەكچىدە كۆرگەن ئۆي ئىگىسى ئەھۋالنى

چۈشىنىپ: «ھەي تەييارغا ھەييار مۈشۈكۈم، تەڭنىدىكى ناننى ئوغرىلاپ يېيىشنى ئۆگەنگىچە چاشقان تۇتۇپ يېيىشنى ئۆگەنسەڭچۇ؟!— دەپتۇ.

(«شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى» نىڭ 84 - يىل 27 - يانۋار سانىدىن)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# قوغۇنچىنىڭ باھاسى

يېقىنقى زاماندا، شەھەرگە يېقىن بىر يېزىدا مامۇت دېگەن بىر قوغۇنچى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ قوغۇنلىرى شۇنداق چوڭ، شۇنداق تاتلىق ئىكەن، بىر قېتىم يېگەن كىشى يەنە بىر قېتىم يېسەم دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن. مامۇت ھەر يىلى قوغۇنى پىشقاندا، باش بۇرۇننى يۇرت چوڭلىرىغا، ئاندىن قوۋم-قېرىنداشلىرىغا ئېغىز تەگكۈزىدىكەن. ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن بازارغا ئېلىپ كىرىپ ساتىدىكەن.

مامۇت بىر كۈنى ئەتىگەندە پىشقان قوغۇنلارنى ئۈزۈپ، بازارغا ماڭدۇرۇپتۇ-دە، قوغۇنلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەپىدە ئارام ئېلىپ ئولتۇرسا، ناتونۇش بىر ئادەم ئېرىق ياقىلاپ كېلىپ، غىپپىدە قوغۇنلۇققا كىرىپتۇ، ئۇ چۈنەك ئارىلاپ بىر قوغۇننى ئۈزگەندە قوغۇنچىنىڭ ئوغلى بۇنى كۆرۈپ قېلىپ، دادىسىغا:

— دادا، ئاۋۇ ئادەمنى قارىغىنا، قوغۇننى ئۈزۈۋالدى، — دەپتۇ.

مامۇت قاراپ:

— بوپتۇ بالام، ئۇ يولۇچى ئوخشايدۇ، قوغۇن يەپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇۋالسۇن، — دەپتۇ.

— ۋوي دادا، قوغۇندىن يەنە بىرنى ئۈزدى، — دەپتۇ ئوغلى دادىسىنى نوقۇپ.

— بوپتۇ بالام، ئۇ ئادەم موللا ئوخشايدۇ، موللا دېگەن نەپسىگە ئامراق بولىدۇ، بىرىنى ئۆزى يەپ، يەنە بىرىنى ئۆيگە ئېلىپ كەتمەكچى ئوخشايدۇ، دەپتۇ.

— ۋۇي دادا، ئۇ تويمىغۇر يەنە بىرىنى ئۈزدى، دەپتۇ ئوغلى تېپچەكلەپ.

بوپتۇ بالام، ئۇ ئادەم يولۇچى ئەمەس، موللىمۇ ئەمەس، ھاجى ئوخشايدۇ، ھاجىلارنىڭ بەزىلىرى سودىگەر كېلىدۇ، بىرىنى ئۆزى يەپ، ئىككىسىنى ساتماقچى ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

ۋۇي دادا، ۋۇي دادا، ئۇ ئادەم يەنە بىرىنى ئۈزدى، يەنە ئۈزگىلىۋاتىدۇ، دەپتۇ تېپىرلاپ.

مامۇت قوغۇنچى دىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بالام، ئەمدى بولمىدى، ئۇ ئوغرى ئوخشايدۇ، ئوغرى دېگەن پىشقانىنىمۇ، سويمىنىمۇ ئۈزۈپ، قوغۇنلۇقنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ. جۈر، ئۇنى تۇتۇۋالايلى، — دەپ قولىغا كالتەك ئېلىپ، كەپىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ. قوغۇنچىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆر-گەن ئوغرى ئۈزگەن قوغۇنلارنى قولتۇقىغا قىسىپ قېچىپتۇ. بىراق ئوغرىنىڭ قولتۇقىدىكى تۆت قوغۇن ئېرىقتىن ئۆتە-ئۆتمەيلا سىيرىلىپ چۈشۈپ قاپتۇ.

(«ئىلى گېزىتى» نىڭ 1986 - يىل 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىندى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# نىيەت

پادىشاھ بىر كۈنى شىكارغا چىقىپتۇ. لېكىن سەيلى - ساياھەت قىلىمەن دەپ ئۆز ئادەملىرىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. ئۇ تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈپ، يىراقتا تۇرغان بىر يالغۇز ئۆينى كۆرۈپتۇ ۋە ھارغان ئېتىنى شۇ تەرەپكە قاراپ بۇراپتۇ.

بۇ ئۆيدە بىر موماي يالغۇز قىزى بىلەن تۇرىدىكەن، موماي بۇ كىشىنىڭ پادىشاھ ھەزرەتلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆيگە باشلاپتۇ. ياخشى غىزا - نېمەتلەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەن پادىشاھ بۇ مەززىلىك تاماقلارنى يەپلا ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتۇ، شۇ ئۇخلىغانچە بىر ئاش پىشىم ئۇخلاپتۇ. كەچ بولۇپ قالغانلىقتىن، بۇ يالغۇز مومايىنىڭ ئۆيدە قونۇپ قېلىشقا توغرا كەپتۇ.

بۇ مومايىنىڭ بىر سۈتلۈك سىيرى بار ئىكەن، كەچتە قىزى ھويلىغا چىقىپ سىير سېغىپتۇ. سىير بىر قازان سۈت بېرىپتۇ.

پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ «سىير كۆپ سۈت بېرىدىكەن، مەن ئوردىغا قايتقىنىمدىن كېيىن بۇ مومايدىن ھەركۈنى بىر قازان سۈت تەلەپ قىلىمەن» دەپ نىيىتىنى بۇزۇپتۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ، قىز يەنە سىير سېغىپتۇ. بۇ قېتىم سىير ناھايىتى ئاز سۈت بېرىپتۇ، قىز ئانىسىغا:

— ئانا، سېيرىمىز ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ! ناھايىتى ئاز سۈت چىقتى، — دەپتۇ. موماي بېشىنى چايقاپ:

— ئىھ، پادىشاھى ئالەم، سىزنىڭ نىيەت - ئىقباللىڭىز بۇزۇلغان ئوخشايدۇ، بۈگۈن سېيرىنىڭ سۈتى قاچتى، — دەپتۇ.

پادىشاھ ھەيران بولۇپ، سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— ئەگەر ئەۋلىيالارنىڭ نىيىتى ئادىل بولسا، خەلق زىيان تارتمايدۇ، ئەگەر نىيىتى بۇزۇلسا، خەلق زىيان تارتىدۇ، — دەپتۇ موماي جاۋاب بېرىپ.

بۇ چاغدا پادىشاھ ئويالغىنىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بوپتۇ.

(«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىل 1 - سانىدىن ئېلىندى).

## يانتاقچى يىگىت بىلەن يەكچەشمە

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، ئەنە شۇنداق زامانلارنىڭ بىرىدە، تەكلىماكانغا يېقىن بىر يېزىدا بىر تۇل خوتۇن ياشايدىكەن. ئۇنىڭ قاسىم ئىسىملىك بىرلا ئوغلى بار ئىكەن، بۇ يىگىت ئەقىل - پاراسەتلىك، ئەل - يۇرتقا سادىقەتلىك بولۇپ، پەقەت يانتاقچىلىق قىلىپلا ئانىسى بىلەن ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئېشىكىنى مىنىپ يانتاق چاپقىلى مېڭىپتۇ. مېڭىپ - مېڭىپ ئاخىرى مەھەللىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئېرىق بويىغا يېتىپ كەپتۇ - دە، ئادىتى بويىچە ئېشىكىنى سۇغىرىشقا باشلاپتۇ. دەل شۇ پەيتتە قاسىم ئېرىق بويىدا تۇرغان بىر سۇنايىنى كۆرۈپتۇ ۋە تۆت ئەتراپىغا قاراپتۇ. يىراق بىر ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىگەنىدىن كېيىن «ئىگىسى ئۇچراپ قالسا بېرىپ قويارمەن» دەپ ئويلاپ سۇنايىنى ئېلىپ يەنە يولىغا مېڭىپتۇ. شۇ ماڭغىنىچە مېڭىپ كۈن دەل نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ئاران يانتاقلىققا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئېشىكىنى ئوتقا قويۇپ بېرىپ، ئۆيدىن ئالغاچ كەلگەن بىر قاپاق قېتىقنى سوغۇقراق سالاپ ئىچىش ئۈچۈن بىر نەم يەرنى كولاپ كۆمۈپ قويغانىدىن كېيىن، يانتاق چېپىشقا باشلاپتۇ. بىر ھازا ئۆتكەنىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىغا ئىسسىقتا قاغجىراپ كەتكەن بىر يوغان پاقا ئۇچراپتۇ. قاسىمنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ

«كۆلچەك كۆرسەم قويۇپ بېرىمەن» دەپ پاقىنى ئېلىپ قوينىغا ساپتۇ ۋە ئىشنى قىلىۋېرىپتۇ. چۈش ۋاقتى بولغاندا قاسىم قاتتىق ئۇسساپ كېتىپتۇ - دە، ھېلىقى كۆمۈپ قويغان يەرگە كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرلا كۆزى بار، كۆزى يوغان جامدەك، يۈزى خۇددى تامدەك، بېشىدىكى مۈڭگۈزى بۇغىنىڭكىگە ئوخشاش، قۇيرۇقىنىڭ كۆرۈنۈشى ئېشەكنىڭكىدەك، بويىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تۆگىنىڭكىدەك، ئەمما پۇتلىرى كالىنىڭكىدەك، شۇنداق كۆرۈمسىز بىر مەخلۇق تۇرغۇدەك.

قاسىم بۇ نەرسىنى كۆرۈش بىلەنلا، ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان كەنت خەلقىگە زىيان سېلىپ كېلىۋاتقان يەكچەشمە ئىكەنلىكىنى بىلىپتىيۇ، ئەمما كۆرۈنۈشىدىنلا كىشىلەرنىڭ جېنى چىقىپ كەتكۈدەك شۇنداق سەت، غايەت زور بۇ مەخلۇقنى پەقەت قارا كۈچ بىلەنلا يەڭگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنى بېسىۋاپتۇ.

— ھەي ئادەم نەسلى، ئۈچ كۈندىن بېرى ناشتىسىز، قورسىقىم ئېچىپ، ئۈچەيلىرىم قۇرۇپ كەتكەنىدى. ئەمدى سېنىڭ گۆشۈڭنى يەپ قورسىقىمنى تويغۇزۇپ، قېنىڭنى ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقىمنى قاندۇرمىغىنىمنى كۆر! — دەپ ۋارقىراپتۇ يەكچەشمە.

— ھەي بالاخور، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يەكچەشمىنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكىمنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ تولا كۆرەڭلىمەي بىر قوشۇق قېنىڭنى تىلەپ، ئالدىمغا كېلىپ ئېگىلسەڭ بولارمىكىن! — دەپتۇ قاسىمۇ غەزەپ بىلەن.

يەكچەشمە بۇ يىگىتنىڭ باشقا ئادەملەردەك ئاسانلا تېز پۈكمەيدىغانلىقىنى سېزىپتۇ - دە، دەرھال قوينىدىن يوغان بىر پىتنى ئېلىپ قاسىمنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ. ئاچكۆز يەكچەشمىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەن قاسىمۇ قوينىغا سېلىۋالغان ھېلىقى چوڭ پاقىنى ئېلىپ يەرگە تاشلىغانىكەن، ئىككى سەكرەپلا يەكچەشمىنىڭ تاشلىغان پىتىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

— بۇ ھېساب ئەمەس، باشقىدىن سىنىشىمىز — دەپتۇ يەكچەشمە مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي.

— بولىدۇ، قېنى كارامىتىڭنى بىر كۆرەي، — دەپتۇ قاسىم. يەكچەشمە بار كۈچىنى يىغىپ تۇرۇپ، راسا كېلىشتۈرۈپ بىر يەل قويغانىكەن، خۇددى يولۋاس ھۆركىرىگەندەك بىر ئاۋازنىڭ چىقىشى بىلەن تەڭلا ھەممە يەرنى سېسىقچىلىق قاپلاپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن يىگىت:

— سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ئاڭلىغىن، بولمىسا قورقۇپ كېتىپ، يۈرىكىڭ يېرىلىپ ئۆلۈپ قالىسەن، — دەپتۇ - دە، دۈۋىلەپ قويغان يانتىقىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، يولدا ئۇچراپ قالغان ھېلىقى سۇنايىنى ئېلىپ بولۇشىغا چاپتۇ.

سۇنايىنىڭ ئاۋازىدىن تىترەپ كەتكەن يەكچەشمە بۇ نۆۋەتمۇ ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىدىن دەرغەزەپ بولۇپ، «ئەمدى كۈچ سىنىشىمىز!» دەپ ۋارقىراپتۇ.

— بىز ئىنسان ئەۋلادى، ئەزەلدىن مەرد كېلىمىز، — دەپتۇ قاسىم، — بۇ نۆۋەتتىمۇ يەنە ساڭا بېرەي، يەنە قانداق كارامىتىڭ بولسا چىقارغىن، بىر كۆرەي.

يەكچەشمە بۇ نۆۋەت بارلىق كۈچىنى پۇتىغا يىغىپ، ئادەملەرنىڭ قۇچىقىمۇ يەتمەيدىغان بىر تۈپ دەرەخنى شۇنداق تەپكەنىكەن، دەرەخ قاراسلاپ سۇنۇپ كېتىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن قاسىممۇ قېتىقنى كۆمۈپ قويغان يەرنى پەملەپ تۇرۇپ! — ئەمدى مېنىڭكىنى كۆرگىن! — دەپلا بىر دەسسىگەنىكەن، توپىغا مىلەنگەن قېتىق چاچراپ چىقىپ يەكچەشمىنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى بۇلغىۋېتىپتۇ.

— سەن بىر پەشۋا بىلەن بىر تۈپ دەرەخنى يىقىتقان بولساڭ، مەن بىر پەشۋا بىلەن يەرنىڭ مېگىسىنى چۇۋۇۋەتتىم، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ يەنە نېمە كارامەتلىرىڭ بولسا چىقارغىن، كۆرۈپ باقاي!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان يەكچەشمە كۆڭلىدە «راست ئەمەسمۇ، ئۇ بىر پەشۋا بىلەن يەرنىڭ مېگىسىنى چۇۋۇۋەتكەن تۇرسا. مېنىڭ مېگەم دېگەن قانچىلىك نېمىدى؟» دەپ ئويلاپتۇ – دە، يىگىتنى ئالداپ ئۆلتۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشۈپ:

— ھەي، باتۇر يىگىت، ساڭا قايىل بولدۇم، ئەمدى ئىلتىماسىم شۇكى، بىز مەڭگۈلۈك دوستلاردىن بولساق، بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ مېھمان بولۇپ كەلسەڭ، سېنىڭ باتۇرلۇقىڭنى باشقا يەكچەشمىلەرمۇ كۆرۈۋالسا، — دەپتۇ.

قاسىم يەكچەشمىنىڭ بۇ ھىيلىگەرلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەلىپىدىن باش تارتىدىغانلا بولسا، ئىشلەتكەن ھىيلىسىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ماقۇل بوپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماڭا – ماڭا بىر چوڭ دەرياغا دۈچ كېلىپ قاپتۇ. قاسىم قارىغۇدەك بولسا، يەكچەشمە ھېچ ئىككىلەنمەستىن دەرياغا كىرىپ كېتىۋاتقۇدەك. قاسىم كىرەي دېسە سۇ شۇنداق كۆپ، ئۇ دەرھال بىر ئەقىل تېپىپتۇ – دە، يەكچەشمىگە قاراپ:

— ھەي يەكچەشمە، سەن سۇنى كېچىپ يۈرگىنىڭ بىلەن بىز ئىنسان ئەۋلادى ئۈچۈن بۇنچىلىك سۇنى كېچىپ يۈرۈش بىر ئاۋارىچىلىك، ئىشەنمىسەڭ قاراپ تۇر، مەن بىرلا ئاتلاپ ئۇ قاشقا ئۆتۈپ بولىمەن. بىراق بىز دوست بولغىنىمىز ئۈچۈن، سېنى يالغۇز تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايۋاتىدۇ. مەن ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتسەم سەنمۇ دەريادىن ئۆتۈپ بولغۇچە زېرىكىپ قېلىشىم تۇرغانلا گەپ، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن يىگىتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان يەكچەشمە ئۇنىڭغا:

— ئۇنداقتا مەن سېنى ئېلىپ ئۆتەي، — دەپتۇ ۋە قاسىمنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ دەريادىن ئۆتۈپتۇ. ئۇلار يەنە يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىككى كېچە – كۈندۈز دېگەندە ئاران يەتمەك

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com

چى بولغان مەنزىلگە كەپتۇ ۋە باشقا يەكچەشمەلەر بىلەنمۇ كۆرۈشۈپتۇ.

يەكچەشمەلەر بۇ پالۋان يىگىتكە ئاتاپ كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. بىراق داستىخاندا ئىنتايىن ئاز غىزالانغان يىگىتنى كۆرگەن باش يەكچەشمە ئۇنى ئايرىم ئۆيدە ئارام ئالدۇرۇش باھانىسى بىلەن بابلاشنى كۆزلەپ، قاسىمغا: «بىردەم ئارام ئېلىۋېلىڭ» دەپ زورلاپتۇ. قاسىم: «بۇ ئىشتا چوقۇم سىر بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باش يەكچەشمە قاسىمنى بىر ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئاندىن چىقىپ كېتىپ ئىشىك سىرتىدىن تۇيدۇرماي قۇلۇپ سېلىپ قويۇپتۇ ۋە مەسلىھەتچى يەكچەشمىلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇلار بىلەن قاسىمنى قانداق ئۆلتۈرۈش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئاردىن بىر يەكچەشمە:

— ھەي، بۇنىڭ باش قاتۇرغۇدەك نېمىسى بار دېيىشەلەر؟ دەل ئاشۇ يىگىت ياتقان ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە نۇرغۇنلىغان تاشلار تۇرسا، ھەم ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە يوغان بىر تۈڭلۈك تۇرسا، ئاشۇ تاشلارنى دەل يېرىم كېچە بولغاندا ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلايدىغان بولساق، مىڭ جېنى بولغان بىلەنمۇ ساق قالمايدۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپتىكەن. باش يەكچەشمىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شۇنداق قىلماقچى بولۇشۇپتۇ.

قاسىم يەكچەشمىنىڭ ئىشىكنى قۇلۇپلاپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ قېلىپ ئىشىككە قۇلىقىنى يېقىپ، ئۇلارنىڭ قىلىشقان رەزىل پىلانلىرىنى ئۇقۇپ قاپتۇ ۋە دەرھال يىرتقىنىغا تەكىينى سولاپ، دوپپىسىنى كىيدۈرۈپ قويۇپ، ئۆزى ئويۇققا چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ.

دەل يېرىم كېچە بولغاندا دېگەندەك ھەر يوغان تاشلار تەكىينىڭ ئۈستىگە ئۈزۈلمەي چۈشۈشكە باشلاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن: «بولدى ئەمدى، ھەرقانچە باتۇر بولسىمۇ بۇ چاق-

قىچىلىك كۇكۇم - تالقان بولۇپ كەتتى» دېگەن ئاۋاز بىلەن
تەڭ تاشلار چۈشۈشتىن توختاپتۇ. سەھەر ۋاقتى بولغاندا قاسىم
تاشلارنى يوتقاننىڭ چۆرىسىگە تىزىپ قويۇپ، يالغاندىن
ئۇخلىغان بولۇپ يوتقانغا كىرىپ يېتىۋاپتۇ. يەكچەشمىلەر
كىرىپ قارىسا يىگىت بەخىرامان ئۇخلاۋاتقۇدەك.

قاسىم يەكچەشمىلەرنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلىپ، كۆزىنى
ئاچماي تۇرۇپلا: «ئەجەب پىت تولىكەن، كېچىدىن بېرى ئارام-
خۇدا ئۇخلىيالماي كەتتىم» دەپتىكەن، بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان
يەكچەشمىلەر: «شۇنچىلا تاشلار پىت چاققانچىلىك تۇيۇلغان
بولسا، ھەقىقەتەن باتۇر ئىكەن، تېزدىن بۇ تاشلارنى يۆتكى-
ۋېتەيلى، ھېلى ئويغىنىپ قالسا چاتاق تېرىمىسۇن - يەنە»
دېيىشىپ، كېچىدىن بېرى تاشلىغان تاشلارنى ئەتىگىنى يۆتكەپ
كېتىپتۇ ھەم قاسىم ئورنىدىن تۇرغۇچە ئۇنىڭ ئەتىگەنلىك
تاماقىنى تەييارلاپ قويۇپتۇ.

قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن،
ئۆزىنىڭ قايتىپ كەتمىسە، قىرى ئىنىسىنىڭ قىيىنىلىپ قالىدىغان-
لىقىنى ئېيتىپتۇ ھەم يەكچەشمىلەرنىڭمۇ مېھمان بولۇپ بېرىشىنى
ئۆتۈنۈپتۇ. ئەمما يەكچەشمىلەر قورقۇپ بىر - بىرىگە: «سەن بارغىن،
سەن... بار...ر... غىن» دېيىشىپ زادىلا ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن
ھېلىقى باش يەكچەشمە يەكچەشمىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ياۋاش-
لىرىدىن ئىككىنى تەيىنلەپ، ئۇلارغا بىر خالتا كۈمۈش، بىر
خالتا ئالتۇن كۆتۈرگۈزۈپ، قاسىمغا قوشۇپ يولغا سېلىپ
قويۇپتۇ.

قاسىم ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، يانتاقلىققا كەپتۇ، ئىككى
يەكچەشمىگە يانتاقنى ئارتىپ، ئۈستىگە مىنىپ ئۆيىگە قايتىپ-
تۇ. قاسىم ئۆيىگە ئاز قالغاندا يول بويىدا ئويناپ يۈرگەن بىر
بالىغا گەپ ئۆگىتىپ: «ئانامغا خەۋەر قىلىپ قويغىن» دەپ
ئۆيىگە ئەۋەتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

قاسىم ئىككى يەكچەشمىنى باشلاپ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە يەكچەشمىلەرنى ھويلىغا باشلاپ قويۇپ، ئالتۇن - كۈمۈش قاچىلانغان خالتىسىنى كۆتۈرۈپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ.

قاسىم ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ دەرھال يەكچەشمىلەرنى ئۆجۈقتۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايال قولىغا يوغان بىر قىڭراقنى ئېلىپ قازاننىڭ گىرۋىكىگە سۈركەپ تۇرۇپ: «بالام، ئاۋۋال قايسىنى سويىمىز، ئاۋۇ تەرەپتىكىسى خېلى چوڭدەك كۆرۈنىدۇ، ئاۋۋال شۇنى سويۇپ مەھەللىمىزگە بىر زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بەرسەك قانداق؟» دېگەنىكەن، تاشقىرىدا ئولتۇرغان يەكچەشمىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپ كېتىپتۇ. يەكچەشمىلەرنىڭ قاچقىنىنى سەزگەن قاسىم قولىغا بىر پالتىنى ئېلىپ، ئىچكىرىكى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ: «يەكچەشمىنى تۇتۇڭلار!» دەپ قوغلاپتۇ.

بۇ ياۋاش ئىككى يەكچەشمە ھېچ تەرەپكە قارىماستىن ئۇدۇل ئالدى تەرەپتىكى چوڭ ئورمانلىققا قاراپ قېچىپتۇ، ئۇلار ھاسىراپ - ھۆمىدەپ ئاران كېتىۋاتسا ئالدىدىن بىر تۈلكە چىقىپ كەپتۇ ۋە يەكچەشمىلەرگە قاراپ:

— نېمانچە قورقۇپ كەتتىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

يەكچەشمىلەر بولغان ئەھۋالنى بىر قۇر سۆزلەپ بەرگەنكەن، تۈلكە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— نېمىگە شۇنچە كۈلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ يەكچەشمىلەر.

— ھەي، سىلەر شۇنداق بوي، شۇنچىلا كۈچۈڭلار بىلەن ئاشۇ بىر ئادەمگە تەڭ كېلەلمىدىڭلارمۇ؟ مەنچۇ، مۇشۇنچىلىك تۇرۇپمۇ، داۋاملىق ئاشۇلارنى بوزەك قىلالايمەن، تۇخۇلىرىنى تۇتۇپ يەيمەن، نەرسە - كېرەكلىرىنى بۇلاپ قاچالايمەن، — دەپتۇ تۈلكە.

— ئەگەر ماقۇل كۆرسەڭلار ھازىر ھەممىمىز بىللە بېرىپ، ئۇنى تۇتۇپ باغلاپ ئالدىمىزغا سېلىپ كېلەتتۇق، بىراق،

سىلەر...

— بولىدۇ، ئەگەر راستتىنلا سەن دېگەندەك بولىدىغان بولسا، ئۆزىمىزنى بىر تونۇتۇپ قويايلى، — دەپتۇ يەكچەشمىلەر.

شۇنىڭ بىلەن تۈلكە ئىككى يەكچەشمىنى باشلاپ، قاسىمنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ.

قاسىم يەكچەشمىلەرنىڭ كۆزىدىن غايىب بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن، بىر چاغدا قارىسا، يەنە ھېلىقى ئىككى يەكچەشمىنىڭ بىر تۈلكىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە دەرھال بىر ھىيلە ئويلاپ چىقىپ، يەكچەشمىلەرنىڭ يېقىنراق كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

ئۇلار يېقىنلاشقاندىن كېيىن قاسىم:

— ھە، تۈلكە دوستۇم، ساڭا نېمىدەپ رەھمەت ئېيتسام بولار. ئانا، ئارغامچىنى ئېلىپ تېزرەك چىققىنا، تۈلكە دوستۇم يەكچەشمىلەرنى تۇتۇپ كەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان يەكچەشمىلەر: «ئالدىنىپتىمىز» دەپ، تۈلكىنى بىر پەشۋا بىلەن ئوجۇقتۇرۇۋېتىپ، يەنە قېچىپ كېتىپتۇ. قاسىم يەنە غەلىبە قىلغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ:

— يەكچەشمىنى تۇتايلى، يەكچەشمىنى تۇتايلى! دەپ ۋارقىرىغىنىچە كىشىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، مەھەللىنىڭ چېتىگە بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئاچكۆز مەخلۇق بۇ كەنتكە ئىككىنچىلەپ دەسسىمەس. كىشىلەرگىمۇ زىيان سالماس بوپتۇ. كەنت خەلقىمۇ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

(86 - يىللىق «بوستان» ژۇرنىلىنىڭ 4 - سانىدىن ئېلىندى)

# ئالتۇن ۋە قىلىچ

بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاينىڭ ئەخەت، ئىزىز ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بار ئىكەن.

بوۋاي چوڭ ئوغلىنى ئوقۇشقا بەرگەندە مەكتەپتىن قېچىپ ئوقۇماپتۇ. كىچىك ئوغلى ئىزىز مەكتەپتە ناھايىتى ياخشى ئوقۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ بارلىق مال-دۇنيالىرىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ ئوغۇللىرىغا: «مەن ئۆلۈپ كەتسەم مۇشۇ ئالتۇننى تەڭ بۆلۈشۈڭلار» دەپتۇ-دە، كۆز يۇمۇپتۇ. ئۇلار دادىسىنى يەرلىككە قويغاندىن كېيىن ئەخەت: «ئۇكا، مەن ئالتۇننى بازارغا ئاپىرىپ تەپمۇتەڭ ئىككىگە بۆلدۈرۈپ كېلەي» دەپ ئالتۇننى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئىزىز ئۆيدە دادىسىدىن قالغان قەلەمنى قولىغا ئېلىپ دادىسىنى ئەسلەپ شېئىر يېزىشقا باشلاپتۇ. كۈن كەچ بوپتۇ، ئەخەت كەلمەپتۇ، ئەسلى ئۇ ئالتۇننى ئېلىپ قېچىپ كەتكەن ئىكەن.

دادىسى ۋە ئاكىسىدىن ئايرىلغان ئىزىز پۈتۈن زېھنىنى خەتكە بېرىپ، ئاجايىپ ئۇستا خەتتات بولۇپ چىقىپتۇ. شۇ كۈنلەردە پادىشاھقا بىر خەتتات لازىم بولۇپ قېلىپ، پادىشاھ بۇ ئىشقا ئىزىزنى لايىق كۆرۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ بىر شەھەردە زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن يولغا چىققاندا ئىزىزنى بىللە ئېلىپ بېرىپتۇ.

ئۇلار شەھەرنى تاماشا قىلىۋاتسا، بىر بالا ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئەزگۈدەك نالە قىلىپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقۇدەك، بۇنى كۆرگەن ئېزىزنىڭ يۈرىكى سىيرىلىپ ھېلىقى تىلەمچىگە يېنىدىن بىر تىللانى ئېلىپ سۇنۇپتۇ. تىلەمچى بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغاندا ئېزىز ئۆز ئاكىسى ئەخەتنى تونۇپتۇ. ئەمما ئەخەت شاھانە تون - سەرپاي بىلەن سالاپەتلىك تۇرغان ئۇكىسىنى تونۇماپتۇ. ئېزىز ئاكىسىنى ئۆزى چۈشكەن سارايغا ئېلىپ بېرىپ تونۇشلۇق بېرىپتۇ. ئەخەت ئۇنى تونۇغاندىن كېيىن ئىزادىن يەرگە كىرىپ كەتكىلى تاسلا قاپتۇ.

— ئۇكا، — دەپتۇ ئەخەت قاتتىق ھەسرەتلىنىپ، — ئالتۇن دېگەننى تۈگەيدىكەن، بىلىم تۈگىمەيدىغان بايلىق ئىكەن، — دەپتۇ.

(«شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىنىڭ 1983 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىندى).

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پادىشاھ بىلەن مالچى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، مەشرىقتە بىر مەملىكەت بولغانىكەن، ئۇنىڭ زېمىنى كەڭ، ئاھالىسى كۆپ، لەشكىرى ھېسابسىز ئىكەن. پادىشاھى بولسا ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرىدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ئادىتى بويىچە ياساۋۇللىرىنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇلار بىر جاڭگالغا كەلگەندە ئالدىغا بىر جەرەن ئۇچراپتۇ. پادىشاھ ۋە ياساۋۇللار: بۇ جەرەننى خۇددى ئۈزۈك كۆزىدەك قورشىۋاپتۇ. پادىشاھ ئادەملىرىگە جەرەننى تىرىك تۇتۇشنى، ئۇنى كىم قاچۇرۇپ قويسا، شۇنىڭ كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ياساۋۇللىرى بىلەن جەرەننى قىستاپ كەلگەندە، جەرەن پادىشاھنىڭ بېشىدىن سەكرەپ ئېچىپ كېتىپتۇ. ياساۋۇللار: «پادىشاھ ئەمدى قانداق قىلاركىن» دېگەندەك قىلىشىپ، بىر-بىرىگە قاراپ كۈلۈشۈپتۇ. پادىشاھ ئامالسىز جەرەن قاچقان تەرەپكە قاراپ ئات سېلىپتۇ. قوغلا-قوغلا بىر جىلغىغا بارغاندا جەرەن كۆزدىن غايىب بوپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ھالى خاراب بوپتۇ. ئۇ يا ئالدىغا مېڭىشنى، يا كەينىگە مېڭىشنى بىلمەي، بېشى قېتىپ ئەتراپقا قارىغۇدەك بولسا، يىراقتا بىر كىچىك كەپىدىن ئىس چىقىۋاتقۇدەك. پادىشاھ ئېتىغا مىنىپ ئىس چىقىۋاتقان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. كەپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشەي دەپ تۇرۇشىغا، كەپىدىن بىر كىشى چىقىپتۇ. پادىشاھ

قارىغۇدەك بولسا بۇ كىشى بېشىغا كونا كىگىز قالپاق، ئۈستىبېشىغا ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلگەن كونا جىلىتكە بىلەن تېرە ئىشتان كىيۋالغان، بوي - تۇرقى كېلىشكەن، خۇش خۇي بىر ئادەم ئىكەن. پادىشاھ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، كەينىگە كىرىپتۇ. ھېلىقى كىشى پادىشاھنى يەرگە سېلىپ قويغان ئۆچكە تېرىسىگە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. پادىشاھ نائىلاج ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ كىشى پادىشاھنىڭ ئالدىغا قېتىپ كەتكەن ئىككى زاغرا بىلەن بىر تاۋاق قېتىق ئەكىلىپ قويۇپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇ غىزاغا كۆڭلى تارتمىغان بولسىمۇ، قورساقنىڭ ئاچلىقى ئۇنى بۇ غىزانى يېيىشكە مەجبۇر قىپتۇ. پادىشاھ زاغرىنى قېتىققا چۆكۈرۈپ يېگەنىكەن، شۇنداق مەززىلىك تېتىپتۇكى، ئۇنىڭغا ئۆمرىدە يېگەن تائاملىرى بۇنداق مەززىلىك بولمىغاندەك تۇيۇلۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ زاغرا بىلەن قېتىقنى ئىشتىھا بىلەن يەپ، قورساقنى تويغۇزۇپتۇ. ئاندىن ھېلىقى كىشىگە قاراپ:

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىسمىم ئاياز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى كىشى. ئاندىن پادىشاھتىن سوراپتۇ.

— ئۆزلىرىنىڭ ئىسمى - شەرىپلىرى نېمىكىن؟

— ئىسمىم شاۋاز، — دەپتۇ شاھ، — سىز بۇ جاڭگالدا نېمە ئىش قىلىسىز؟

— مەن بۇ يەردە باينىڭ مېلىنى باقىمەن، ئۆزلىرى قانداق بولۇپ بۇ ياققا كېلىپ قالدىلىكىن؟

— بىز بىرنەچچە سودىگەر ئىدۇق، — دەپتۇ شاھ ئۆزىنىڭ شاھ ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇپ، — سەپەر قىلىپ مۇشۇ ئەتراپقا كەلگەندە بۇلاڭچىلارغا ئۇچراپ تىرىپىرەن بولۇپ كەتتۇق. مەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن. بۈگۈن كېچە سىزگە ھەمراھ بولسام قانداق؟

www.uyghurkitap.com

ئاياز ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

— ھەي باي ئاكا، ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇۋېسىز، مېنىڭ كەپەمدە سىزگە سېلىپ بېرىدىغان يوتقان - كۆرپەممۇ يوق. ئانداق قىلارمەن؟ دەپتۇ.

— كېرەك يوق، سىز نەدە ياتسىڭىز مەنمۇ شۇ يەردە ياتىمەن. — دەپتۇ شاھ.

كەچ كىرگەندە ئاياز پادىشاھقا بىر ئەسكى تېرىنى سېلىپ، بېشىغا بىر نەچچە كېسەكنى قويۇپ بېرىپتۇ. ئۆزى داق يەردە يېتىپتۇ. پادىشاھ ئەسكى تېرىنىڭ ئۈستىدە شۇنداق شېرىن ئۇخلاپتۇكى، ئۆمرىدە بۇنچىلىك شېرىن ئۇخلاپ باقمىغانىكەن، پادىشاھ بىر كەمدە ئويغىنىپ قارىسا، ئۆزىنىڭ يېنىدا ئاياز ئۇخلىماي ئولتۇرغۇدەكمىش، پادىشاھ بۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ:

— سىز بۈگۈن مال بېقىپ چارچىغان تۇرۇقلۇق، يەنە ئۇخلىماي نېمە قىلىپ ئولتۇرىسىز — دەپ سوراپتۇ.

— ھەي باي ئاكا، — دەپتۇ ئاياز پادىشاھقا، — سىز مېنىڭ مېھمىنىم. مەن سىزنى تونۇمىساممۇ، لېكىن بۈگۈن كېچە سىزنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىڭىزگە كاپالەتلىك قىلىشىم كېرەك. بۇ جايدا يىرتقۇچ ھايۋانلار كۆپ، كېچىچە سىزگە بىرەر خېيىم - خەتەر يېتىپ قالمىسۇن دەپ، سىزنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئولتۇرۇۋاتىمەن.

پادىشاھ بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىپتۇ. ئاڭغىچە تاڭمۇ ئېتىپتۇ. پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ قىلىدىغان ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، قېتىق بىلەن زاغرىنى ئىشتىھا بىلەن يەپتۇ. ناشتىدىن كېيىن پادىشاھ كۆپ رەھمەتلىرىنى ئېيتىپ، ئېتىغا مىنىپ، ئوردىغا يېنىپ كەپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشنى ئويلاپ نەچچە كۈنگىچە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «ئاياز مېنىڭ ئېسىل سۈپەت شاھانە بەستىمگە قاراپ كېچىچە ئۇخلىماي مېنى قوغدىغان بولۇشى مۇمكىن، ياكى ماڭا ئىشەنمەستىن

ئۆزىنى قوغداپ ئۇخلىمىغان بولۇشىمىز مۇمكىن، قانداقلا بولمىسۇن بىر سىناپ كۆرەي» دېگەن ئويغا كەپتۇ. ئەتىسى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋەزىرىنى دىۋانە قىياپەتتە ياساندۇرۇپ، ئايازنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپتۇ. ئاياز بۇ دىۋانە سۈپەت ۋەزىرنى پادىشاھقا قانداق مۇئامىلە قىلغان بولسا، ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىپ كۈتۈۋاپتۇ. كېچىچە ئۇخلىماي ۋەزىرنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئەتىسى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ۋەزىر بۇ ئىشتىن قاتتىق تەسىرلىنىپتۇ ۋە ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. ئۈچىنچى نۆۋەتتە پادىشاھ ئۆز ئوغلىنى ئىنتايىن بىچارە قىياپەتتە ياساندۇرۇپ، ئايازنىڭ كەينىگە ئەۋەتىپتۇ. ئاياز بۇنىڭغا ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا مۇئامىلە قىپتۇ. شاھزادە قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى ئەينەن مەلۇم قىپتۇ.

پادىشاھ ئايازنىڭ مەيلى باي بولسۇن ياكى كەمبەغەل بولسۇن ئوخشاش مۇئامىلە قىلغىنىغا قاراپ ئۇنى «ساپ دىل كىشى ئىكەن» دەپ ئىشەنچ قىپتۇ. پادىشاھ دەرھال ئىككى خىزمەتچىسىنى ئايازنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. خىزمەتچىلەر ئايازنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئاياز ئوردىغا كېلىپ تەختتە ئولتۇرغان پادىشاھنىڭ ھېلىقى كۈنى كەپىدە قونغان باي ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. پادىشاھ ئايازنىڭ ئىززىتى ئۈچۈن تەختتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپتۇ. خىزمەتچىلەرگە ئايازنى مۇنچىغا ئاپىرىپ يۇيۇندۇرۇپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئاياز ئوردىدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇش جەريانىدا، ھېلىقى دىۋانە سۈپەت كىشىنىڭ پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ئىكەنلىكىنى، ھېلىقى بىچارە يېتىم بالىنىڭ شاھزادە ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئىشنىڭ تەكتىگە يېتىپتۇ. پادىشاھ ئايازنى ئۆزىگە مەھرەم قىلىپ ئېلىپ قاپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ ئايازنىڭ ئەقلىنى سىنىماقچى بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىيتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇلار بىر مەرگىل يول يۈرگەندىن كېيىن پادىشاھ ئايازدىن:

— يېپىشكە نېمە ياخشى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاياز دەرھاللا:

— تۇخۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇلار بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، ئۇرغۇنلىغان ئوۋ ئوۋلاپ ئوردىغا قايتىپتۇ. ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ يەنە بىر كۈنى ئايازنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىپتۇ. بىر مەزگىل يول يۈرگەندىن كېيىن پادىشاھ ئايازدىن تۇساتتىنلا:

— نېمە بىلەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاياز تېنىمەستىن دەرھاللا:

— تۇز بىلەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ ئايازنىڭ ئەقىللىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. چۈنكى پادىشاھنىڭ بۇ قېتىمقى سوئالى ئۇنىڭ نەچچە يىللاپ ئوۋغا چىقىپ «يېيىشكە نېمە ياخشى» دېگەن سوئالىنىڭ داۋامى ئىكەن. ئايازنىڭ نەچچە يىللار ئىلگىرىكى ئىشنى ئېسىدە ساقلاپ، تەمتىرىمەي جاۋاب قايتۇرغىنىغا قايىل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئايازنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىۋاپتۇ. پادىشاھ ئايازنىڭ توغرا تەكلىپ، مەسلىھەتلىرى نەتىجىسىدە يۇرتنى تېخىمۇ ئادىللىق بىلەن سوراشقا باشلاپتۇ. ئوردا ئىچىدىكى ۋە يۇرتتىكى پارىخور خىيانەتچىلەرنى، زالىم بەگلەرنى بىرمۇ بىر يوقىتىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايازنىڭ ئىناۋىتى كۈندىن-كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ. بۇنى ئوردا ئىچىدىكى بەزى ئەمەلدارلار كۆرەلمەي، ئايازنى پادىشاھقا چېقىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ ئايازنى ۋەزىرلىكتىن ئېلىپ تاشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇرت ئىچى قالايمىقانلىشىپ، ئەرز-شىكايەتلەر كۆپىيىشكە باشلاپتۇ. پادىشاھقا بولغان نارازىلىقمۇ كۆپىيىشكە

باشلاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پادىشاھ ئاياز بىلەن ھىلىقى چېقىمچى ئەمەلدارلارنى سىناپ باقماقچى بولۇپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ ئىككى خۇرجۇن تىللا ـ تەڭگىلەرنى ئېلىپ، ئاياز ۋە باشقا ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن سەيلىگە چىقىپتۇ. ئۇلار شەھەردىن چىققاندىن كېيىن، پادىشاھ ئىككى خۇرجۇندىكى تەڭگە ـ تىللالارنى يولغا چېچىپتۇ ۋە ئېتىغا قامچا سېلىپ ئارقىسىغا قارىماستىن كېتىۋېرىپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندە پادىشاھ كەينىگە قارىغۇدەك بولسا، يالغۇز ئايازلا ئۆزىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقۇدەك، قالغان «ئاتالمىش سادىق» ۋەزىرلەرنىڭ بىرەرسىمۇ كۆرۈنمىگۇدەك. پادىشاھ ئايازدىن:

— سەنمۇ نېمىشقا ئۇلار بىلەن بىللە تىللا ـ تەڭگە تېرىپ قالمايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئاياز:

— مەن پۇلنى كۆرسە ھەممىدىن كېچىدىغان پەسكەشلەردىن ئەمەسمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئوردىغا قايتىپ كېلىپ پادىشاھ ئايازنى ئوڭ قول ۋەزىر ۋە خەزىنىدار قىلىپ تەيىنلەپتۇ. پادىشاھ يەنە ئايازنىڭ بەرگەن مەسلىھەتى بىلەن يۇرت سوراپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە يۇرت ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىقلار تۈگەپ، خەلق يەنە خۇشال ـ خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. ئاياز خەزىنىدار بولغاندىن كېيىن يۇرت ئىچىدىكى كەمبەغەل، تۇل خوتۇن، يېتىم ـ يېسىرلارغا ئازدۇر ـ كۆپتۇر پۇل ـ پىچەك بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىپتۇ. بىراق، ئوردا ئىچىدىكى بەزى ئەمەلدارلارنىڭ بۇنىڭغا ئىچى تارلىق قىلىپ، ئايازنى پادىشاھقا چېقىپتۇ.

— شەۋكەتلىك پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ئۇلاردىن بىرى، — ئاياز خەزىنىدىكى بايلىقلارنى ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىگە بېرىۋەتتى. ئۇ خەزىنىدىكى مال ـ دۇنيا بىلەن بايلىق توپلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شاھلىق تاجىنى تارتىۋالماقچى.

پادىشاھ بۇ چىقىمچىلارنىڭ گېپىنىڭ راست - يالغانلىقىنى دەلىللەش ئۈچۈن ئۇردىدىن ئادەم چىقىرىپ تەكشۈرۈپتۇ. تەكشۈرگۈچىلەر ئايازنىڭ كىشىلەرگە خەزىنىدىن پۇل بەرگەنلىكىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ ئەستايىدىل تەكشۈرمەيلا يەنە ئايازنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپتۇ. خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆزى تاپشۇرۇۋېلىپ، خەزىنىنى ئۆزى تەكشۈرۈپ باقماقچى بوپتۇ. ئەتىسى پادىشاھ خەزىنىگە كىرىپ قارىسا ئىشىك بېشىدا بىر توگۇنچەك ئېسىقلىق تۇرغۇدەك. ئۇنى ئېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئايازنىڭ مال بېقىپ يۈرگەن چاغلىرىدا كىيگەن كونا شىرە چورۇقى ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە: «ئەي ئاياز، ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما، شىرە چورۇقىڭنى قورۇتما» دېگەن خەت چاپلاقلىق تۇرغۇدەك. پادىشاھ ئايازنى چاقىرىپ، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ئاياز سوئالغا جاۋاب بېرىپ، — مەن مال بېقىپ يۈرىدىغان ۋاقتىمدا پۇتۇمغا مۇشۇ چورۇقنى كىيگەنىدىم. سىز مېنى ئەكىلىپ باش ۋەزىر ۋە خەزىنىدار قىلىپ تەيىنلەپ راھەتكە چىقاردىڭىز. مەن شۇنچىۋالا دۇنيانى كۆرۈپ، بۇرۇن كۆرگەن كۈنۈمنى ئۇنتۇپ قالماسلىق، بىچارە پۇقرالارنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن بۇ كونا شىرە چورۇقۇمنى مۇشۇ يەرگە ئېسىپ قويدۇم. ئۇنى ھەر كۈنى نەمدەپ تۇرىمەن. چۈنكى ئۇ قۇرۇپ قالسا قېتىپ كېتىدۇ - دە، پۇتنى ئاغرىتىدۇ. ئۇنى ئىشك بېشىغا ئېسىپ قويۇشۇمدىكى سەۋەب: مەن ھەر كۈنى كىرىپ - چىقىش جەريانىدا ئۇ مېنىڭ پېشانەمگە تېگىپ تۇرسا، مەن ئۆتكەن كۈنۈمنى دائىم ئەسلەپ تۇرىمەن. مەن ئۆتكەن كۈنۈمنى ئۇنتۇپ قالسام، خەلقنىڭ ھال - ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز قالىمەن. مەن بۈگۈنكىدەك راھەت - پاراغەتلەرنىڭ تۇرمۇشقا ئېرىشكىنىمدە، يەنە مىڭلىغان بىچارە كەمبەغەللەرنىڭ

جاپا - مۇشەققەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالسام بولمايدۇ،
پادىشاھ ئايازنىڭ بۇ سۆزىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپتۇ. ئۆزىنىڭ يۇقىرىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماي تېخىمۇ غەپلەتتە قالغانلىقىدىن خىجىل بولۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئايازغا بوھتان چاپلىغانلارنى قاتتىق جازالاپتۇ. ئايازنىڭ تەمىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەلق خاتىرجەم، خۇشال - خۇرام كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

(«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىل 4 - سانىدىن ئېلىندى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئالتۇن ئېگەر

بۇرۇنقى زاماندا كۈنچىقىشتا بىر شەھەر بولغانىكەن. بۇ شەھەرنىڭ بىر پادىشاھى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئاتىسىدىن قالغان شاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىۋاتقىنىغا ئون تۆت يىل بولغانىكەن. ئۇ پادىشاھ بولغان كۈندىن باشلاپ ئۆز ئېلىگە بارلىق ئالۋان - ياساقلارنى سېلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پۇقرالارنىڭ كۈنى تەسلىشىپتۇ. بەگ - تۆرىلەرنىڭ بولسا تۇرمۇشى باياشات ئۆتۈپتۇ. زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق پادىشاھقا ھەقلىق ئەرز - شىكايەتلەرنى قىلسا، ئۇ: «مېنىڭ ئەمر - پەرمانىمغا بويسۇنماي يەنە ماڭا ئەرز قىلىپ كەلدىڭمۇ؟!» دەپ ئۇلارنى تۇتۇپ، تۈرلۈك جازالارغا ھۆكۈم قىلىدىكەن. ئەرز قىلغۇچىنىڭ ۋەكىللىرى كۆپىنچە قېرىلاردىن ئىكەن. شۇڭا پادىشاھ قېرىلارغا بەكمۇ ئۆچ بولۇپ كەتكەنىكەن.

بىر كۈنى كېچىسى پادىشاھ ئاجايىپ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە: ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بىر قوشۇن ئۆز مەملىكىتىگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقانىمىش. قوشۇننىڭ ئادەدى، قورال - ياراقلىرىنىڭ سانىنى مۆلچەرلەپ بېرىش مۇمكىن ئەمەسمىش. كۆزەتكۈچى قاراۋۇللارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، دەم تۇرماق تۇغ - ئەلەملىرىنىڭ سانىنى ئېلىشمۇ مۇمكىن ئەمەسمىش. شاھ ئۆز ياساۋۇل - قاراۋۇللىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي ھاسراپ - ھۆمۈرەپ «ۋاي بولمىدى، يۇرتنى يىغا بېسىپ كەتتى، ئىش يامان

بولدى» دېيىشىپ شاھنىڭ ئالدىدا يەرگە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقان-لىقىنى كۆرۈپتۇ. شاھنىڭ كۆزىدە قەسىرنىڭ ئىچى قاراڭغۇ-لىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپتۇ. بۇ چاغدا شاھ نېمە قىلارىنى بىلمەي ھوشىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. بىر چاغدا شاھ ھوشىغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا دۈشمەن شەھەرگە يېقىنلىشىپ قاپتۇ. ساقاللىرى ئاق، سېرىق، قوڭۇر رەڭدىكى ھەر بومبا ساقاللىق قېرى سەركەردىلەر ھۇجۇمچى قوشۇنلىرىغا بۇيرۇق بېرىپ ھەيۋەتلىك نەرە تارتىپ كېلىۋاتقۇدەك. ئاندىن لەشكەرلىرى بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرۈپ، شەھەر دەرۋازىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ئوت قويۇپ، سېپىللارغا ئاسمان-پەلەك شوتىلارنى قويۇپ، قەلئە ئۈستىلىرىگە چىقىۋاتقۇدەك. يەنە بىردەمدىن كېيىن شەھەرنىڭ ئىچىنى ئوت يالقۇنى قاپلاپ، شاھنىڭ ئوردا-قەسىرلىرى كۆيۈپ، ئىس-تۈتەكلەر كۈن نۇرىنى توسۇپ قاراڭغۇ زۇلمەتكە ئايلىنىپتۇ.

پادىشاھ چۆچۈپ ئويغانسا، تىپتىنچ ھەرەمدە زەرچۇشەكلەر ئىچىدە ياتقانىكەن.

پادىشاھ: «ئاھ خۇدا، ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن، قىيامەت بولىدىمۇ نېمە؟» دەپتۇ. كۆرگەن چۈشىنى ئويلاپ، ياۋنىڭ پۈتۈن سەركەردىلىرى ساقاللىق قېرىلار ئىكەنلىكىنى بىر-بىرلەپ كۆزىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ كۆڭلىدە: «مانا دېمىدىمۇ، ھەممە پېشكەللىك ئاشۇ قېرىلاردىن كېلىدۇ. ماڭا، مېنىڭ تەختىمگە، شاھلىق سەلتەنىتىمگە دەخلى يەتكۈزىدىغان قېرىلارنى بۇ دىيارىمدىن يوق قىلمايدىغان بولسام، پادىشاھ بولماي كېتەي» دەپتۇ. شۇ چاغدا تاڭمۇ ئېتىپتۇ. ئۇ دەرھال دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ۋەزىر-ۋۇزۇرا، مۇنەججىملىرىنى ۋە مەسلىھەت-چىلىرىنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزۈپتۇ. كېڭەشتە ئۆزى كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بېرىپ، بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. چۈشكە توغرا تەبىر بەرگەن كىشىگە نۇرغۇن

ئۇشام بىردىنغانلىقىنى، ئەگەر چۈشىدە توغرا تەبىر بېرەلمىسە، ئۇ كىشىنى جېنىدىن جۇدا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇ چاغدا چۈشىگە توغرا تەبىر بېرەلەيدىغان كىشىلەرمۇ گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. ھەممە ۋەزىر-ئۆلىمالار باشلىرىنى تۆۋەن قىلىپ، تەزىم بىلەن قول باغلاپ سۈكۈتتە تۇرۇشۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھ غەزەپكە كېلىپ!

— ھەممىڭ ھارامتاماق نانتېپەرلار، ھېچقايسىڭ مېنىڭ بېشىمغا كېلىدىغان بالا-قازاغا ئېچىنمايسەن؛ شۇنچىلىك چۈشكىمۇ تەبىر ئېيتىپ بېرەلمەيسەن. ئەمدى مەن ئۆز چۈشۈمگە ئۆزۈم تەبىر ئېيتىپ، ئۆزۈم تەدبىر قوللىنىمەن، ھەر قاندىقىڭ مېنىڭ پەرمانىمغا ئىتائەت قىلىپ، ئىجرا قىلمايدىكەنسەن، دارغا ئاسىمەن، — دەپ غەزەپ بىلەن ھەيۋە قىپتۇ. ۋەزىر-ئۆلىمالار:

— خوش شاھىم، بىز تەييار، — دەپتۇ.

— مېنىڭ سەلتەنەتلىك تەختىمگە قەست قىلىدىغان قېرىلاردۇر، — دەپتۇ شاھ ئۆزىنىڭ چۈشىدە كۆرگەن ساقاللىق سەركەردىلەرنى تىلغا ئېلىپ، — مېنىڭ ئوردامدا بىز ئۈچۈن سەل قارايدىغان ئەمەلدارلاردىن تارتىپ ئەسكەرلەرگىچە ھەر قاندىغىنى ئېغىر جازالايمەن! پادىشاھ شۇ ھامان جايلارغا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ قېرىلار ئۆلتۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ. شاھنىڭ غەزىپىدىن قورققان بارلىق كىشىلەر پەرمانىنى ئىجرا قىلماسلىققا ئامال قىلالماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ مەملىكەتتە قېرىلار قالماپتۇ.

بىر كۈنى شاھ شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇلار مېڭىپ چوڭ بىر دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ. دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقى تاغ بولۇپ، بۇ تاغ ناھايىتى ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك ئىكەن. شاھ شىكارداشلىرى بىلەن سۆزلىشىپ كېلىۋاتقاندا، بىردىنلا دەريانىڭ تېگىدە چوڭ بىر نەرسە پارقىراپ كۆرۈ-

لۇپتۇ. شاھ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختىتىپتۇ. دەريانىڭ تېگىدىكى پارقىراق نەرسىگە سەپسېلىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر ئالتۇن ئېگەر ئىكەن. شاھ ۋەزىر-ۋۇزرالىرىغا ئالتۇن ئېگەرنى كۆرسىتىپ:

— ئەگەر بۇ ئالتۇن ئېگەرنى كىم سۇ ئاستىدىن ئالچىقىپ بەرسە، ئۇنىڭغا نۇرغۇن دۇنيا، قابىلىيىتىگە قاراپ يۇقىرى ئەمەل بېرىمەن، لېكىن ئۇنى ئالچىقالمىسا ئۆلۈم جازاسى بېرىمەن دەپتۇ.

ۋەزىرلەردىن بىرى بۇ تېز ئاقىدىغان چوڭقۇر دەرياغا چۈشۈپ، ئالتۇن ئېگەرنى ئالچىقىپ شاھتىن نۇرغۇن ئالتۇن ئىنئام ئېلىش ۋە تېخىمۇ يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىشىش نىيىتىدە كىيىملىرىنى سېلىپ دەرياغا سەكرەپتۇ. قالغان كىشىلەر مانا چىقىدۇ، ئەنە چىقىدۇ، دەپ ئۇزاققىچە كۈتۈپتۇ، لېكىن چىقماپتۇ.

شاھ ئالتۇن ئېگەرنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ تەقەززاسىدا دەريادىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر ئەمەلدار چۈشۈپ ئۇمۇ چىقماپتۇ. شۇنداق قىلىپ تويىمىغۇر ئەمەلدارلاردىن بىر قانچىسى دەرياغا چۈشۈپتۇ. لېكىن بىرەرسىمۇ قايتىپ چىقماپتۇ.

بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن شاھ كەچ كىرگەندە باشقا ئەمەلدارلىرى بىلەن ئوردىغا قايتىپتۇ. خەلقنى يىغىپ، دەريا ئاستىدىكى ئالتۇن ئېگەرنى كىم ئالچىقىپ بەرسە، ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال - مۈلۈك، ئەمەل بېرىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. لېكىن شاھنىڭ ئوردىسىدىكى سۇ ئۈزۈش ماھىرلىرى بولغان ئەمەلدارلاردىن ھېچقايسىسى دەريادىن چىقمايلا تۈگىشىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان خەلقنىڭ بىرسىمۇ ئالتۇن ئېگەرنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. بولارنىڭ ئارىسىدىن بىر ياش يىگىت: «مەن كەمبەغەل، ئالتۇن ئېگەرنى ئالچىقىپ شاھنىڭ ئىنئامىغا ئېرىشسەم، تۇرمۇشتا قىين

چىلىق تارتىشتىن قۇتۇلمايمەنمۇ؟» دەپ ئويلىنىپتۇ. لېكىن ئۆزىنى مەلۇم قىلىشقا ئالدىرىماپتۇ. يىگىت بۇ ئىشنى ئاتىسىغا مەسلىھەت سېلىپ، ئاتىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن باشلاشنى قارار قىپتۇ.

شاھ قىزلارنى ئۆلتۈرۈشكە كىرىشكەن ۋاقىتتا ھېلىقى يىگىت يەر ئاستىغا بىر يوشۇرۇن گەمە ياساپ، ئاتىسىنى شۇ يەرگە يوشۇرۇپ قويغانىكەن. يۇرتتا قىزلار تۈگەپ بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئالتۇن ئېگەر ۋەقەسى يۈز بېرىپتۇ. يىگىت ئۆيگە كېلىپ ئاتىسىغا ئالتۇن ئېگەر ۋەقەسىنى بايان قىپتۇ ۋە شۇ ئالتۇن ئېگەرنى دەريادىن ئاچىقىپ، بۇ نامرات ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش تەلىپىنى قويۇپتۇ.

— مەن پەقەت ئۆزئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشىنى دەپلا بۇ ئىشقا تەۋەككۈل قىلغىنىم يوق، — دەپتۇ يىگىت ئاتىسىغا، — مۇھىمى سىز بىر قانچە يىلدىن بۇيان كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرمەي يەر ئاستىدا يېتىۋاتىسىز، بۇ ئىشقا مەن چىداپ تۇرالماي قالدىم. سىزنىڭ ياشانغاندا ياتقان يېرىڭىزنىڭ زىنداندىكى گۇناھكارلارنىڭ ياتقان يېرىدىن نېمە پەرقى؟

— ئەقلىڭگە بارىكاللا ئوغلۇم! — دەپتۇ يىگىتنىڭ ئاتىسى، — ئۇنداق بولسا، سەن مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئىش قىلساڭ، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايسەن. ئالتۇن ئېگەر سۇ ئاستىدا ئەمەس، بەلكى سەن ئېيتقان ھېلىقى دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىدىكى تىك تاغنىڭ چوققىسىدا، دەريا تېگىدە كۆرۈنگىنى كۈننىڭ تاغ كەينىگە ئۆتۈشى بىلەن ئالتۇن ئېگەرنىڭ دەرياغا چۈشكەن شولىسى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇنىڭدىن نەچچە زامانلار ئىلگىرى باشقا يۇرتنىڭ لەشكەرلىرى بۇ ئەلگە كېلىپ مەغلۇپ بولغان. ئۇلارنىڭ شاھى قاچىدىغان جاي تاپالماي، تاغنىڭ نەچچە كۈنلۈك ئايىغىدىكى چىغىر يول بىلەن ئورمان ئارىلاپ تاغ ئۈستىگە چىقىپ كەتكەنىكەن. ئۇ تاغنىڭ باشقا

يېرىدە چۈشىدىغان يېرى بولمىغانلىقتىن تاغدىن چۈشەلمەپتۇ، ئارقىسىغا يېنىشتىن قورقۇپ، شۇ تاغنىڭ ئۈستىدە ئۆلۈپ تۈگەتكەنىش. ئېگەر دەل شۇ شاھنىڭ ئېگىرى. بالام، سەن ھەرگىز دەرياغا چۈشمىگىن، ئاشۇ چىغىر يول بىلەن تاغقا چىققاندىن كېيىن، يەنە شۇ يول بىلەن يېنىپ چۈشكىن، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن يىگىت ئاتىسى بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ. يىگىت شۇ ماڭغىنىچە، شەھەرگە كىرىپ، شاھنىڭ ئوردىسىغا قەدەم باسقاندا، قاراۋۇل ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— نېمە ئادەمسەن؟ نېمە ئەرزىڭ بار؟ دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئالتۇن ئېگەرنى دەريادىن ئاپچىقىش ئۈچۈن كەلدىم. شاھىمىزغا ئۆزۈمنى مەلۇم قىلماقچىمەن، — دەپتۇ يىگىت.

— ھەي يىگىت، ئۆزۈڭ ياش ئىكەنسەن، مەن دېگەن يىگىتلەر دەرياغا كىرىپ قايتىپ چىقمىدى. نادانلىق قىلىپ ياش جېنىڭغا زامىن بولما، ئاستا ئارقاڭغا يېنىپ يولۇڭغا ماڭ. — دەپتۇ قاراۋۇل.

— ئەي قاراۋۇل ئاكا، مەن شۇ ئالتۇن ئېگەرنى دەريادىن ئاپچىقىشقا بەل باغلاپ كەلدىم. بۇ ئىشتىن قايتمايمەن، — دەپتۇ يىگىت.

خەۋەرچى بۇنى شاھقا يەتكۈزۈپتۇ. شاھ يىگىتنى قوبۇل قىلىپ، شەرتلەرنى قايتا ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ.

— مەن شاھىمىزنىڭ ئالىي ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇ خەتەرلىك ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا بەل باغلىدىم، — دەپتۇ يىگىت تەمكىنلىك بىلەن.

— ئۇنداق بولسا دەپتۇ شاھ، — ئېگەرنى ئېلىپ كەلسەڭ بېرىدىغان ئىنئامىمىز دېگىنىمىزدىن ئۆزگەرمەيدۇ، ۋەدەم ۋەدە، ئەگەر ئالتۇن ئېگەرنى ئېلىپ كېلەلمىسەڭ بېرىدىغان جازايىمىزمۇ ئۆزگەرمەيدۇ، ساڭا ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىمەن.

يىگىت ئوردىدىن چىقىپ ئۇدۇل تاغقا قاراپ يول ئاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇ ماڭغانچە كەچتە تاغقا ئانچە يىراق بولمىغان بىر مەھەللىگە كېلىپ قونۇپتۇ. ئەتىسى يەنە تاڭ يورۇماستىنلا تاغقا قاراپ يول ئاپتۇ. تاڭ شەپىقى يەر يۈزىگە نۇر چاچقاندا، تاغنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، تاغقا يامىشىپ يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلاپتۇ. كۈن چۈش بولغاندا، تاغ تۆپىسىگە قارىغانىكەن، كۈن نۇردا يالتىراپ، ئەتراپىغا نۇر چېچىپ تۇرغان ئالتۇن ئېگەرنى كۆرۈپتۇ. سەپىلىپ قارىغۇدەك بولسا بېشى خۇددى قۇشنىڭ بېشىغا ئوخشايدىغان، ئاجايىپ ئېسىل بىر ئالتۇن ئېگەر ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىدا ئالتۇن يالىتىلغان ئۈزەڭگە تۇرۇپتۇ. ئېگەر تاسمىلىرىمۇ كۈمۈش ۋە ئالتۇندىن ياسالغانىكەن. يىگىت بۇ نەرسىلەرگە قول تەگكۈزمەي تۇرۇپ ئىككى رەكەت شۈكرانە ناماز ئوقۇپ، خۇداغا شۈكرى سانا ئېيتىپ «بىسمىللا» دەپ تاسمىلار بىلەن ئېگەرنى باغلاپ، تەسلىكتە يۈدۈپ، كەچ كىرگەندە شاھنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھ خۇشاللىقىدىن بىر ھەپتە توي - تاماشا قىلىپ، شەھەر خەلقىگە ئاش تارتىپتۇ. توي - تاماشاغا يىغىلغان خەلق ئالدىدا ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغانلىقىنى نامايان قىلىپ، يىگىتكە بېرىدىغان ئىنئامىنى جاكارلاپتۇ. جاكاردا مۇنۇلار ئوقتۇرۇلۇپتۇ: «بۇ يىگىت بولسا ھېچقانداق كىشى ھەل قىلالمىغان ئىشنى ھەل قىلدى. مېنىڭ بىردىنبىر تەلپىمنى ئورۇندىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى تۆۋەندىكى ئايماقنىڭ ھاكىملىقىغا تەييارلىدىم. بىر ئائىلىلىك كىشىنىڭ ئۆمرىگە يەتكۈدەك مال - دۇنيا بەردىم. تۆۋەندىكى ئايماقتا ھۆكۈمەتنىڭ يىللىق بېجىدىن باشقا بارلىق ئىشلارنى بۇ يىگىت باشقۇرىدۇ.

پادىشاھ توي -تاماشا تۈگىگەندىن كېيىن، يىگىت بىلەن ۋەزىرنى ئايرىم زىياپەتكە چاقىرىپ سۆھبەت ئېلىپ بېرىپتۇ. سۆھبەتتە يىگىتنىڭ ئەسلى زاتىنى بىلمەكچى بولۇپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ. يىگىت جاۋابەن:

— مەن مۇشۇ شەھەردىن يېرىم كۈندىلا بارىدىغان بىر يېزىدىكى كەمبەغەل يىگىت بولىمەن، — دەپتۇ.

— سېنىڭ ئاتاڭ، ئاناڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ شاھ. يىگىت:

— مېنىڭ ئاتا - ئانام ۋە بىر نەچچە ئۇششاق ئۇكىلىرىم بار، — دەپتۇ.

سەن بۇ ئالتۇن ئېگەرنى دەريادىن قانداق ئاچىقتىڭ؟ دەپتۇ شاھ. يىگىت!

— مەن بۇ ئېگەرنى دەريادىن ئاچىقمىدىم، شۇ دەريانىڭ كۈن ئولتۇرۇش ئېتىكىدىكى تاغنىڭ ئۈستىدىن ئەچۈشتۇم، — دەپتۇ.

شاھ بۇ ئىشتىن ئەجەبلىنىپ ۋەسەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— بۇ ئېگەرنىڭ تاغ ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭ؟ — دەپتۇ.

— ساڭا ئالتۇن ئېگەرنىڭ تاغ ئۈستىدە ئىدەنلىكىنى بىرى ئېيتىپ بەردىمۇ ياكى ئۆزۈڭ بىلدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ۋەزىر.

— بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشكە ئاجىز مەن، — دەپتۇ يىگىت.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سوراپتۇ ۋەزىر مۇلايىملىق بىلەن.

ئالتۇن ئېگەرنىڭ قولغا كەلگەنلىكىگە خۇشال بولغان پادىشاھ:

— مەيلى ھەرقانداق ئېيتالمايدىغان نازۇك گېپىڭ بولسىمۇ ئېيتىۋەرگىن، مەن كەچۈرۈمەن، — دەپتۇ.

— بېشىمدىن قورقىمەن، — دەپتۇ يىگىت.

— بېشىڭنىڭ كېتىشىدىن قورقمىغىن، سېنىڭ ھاياتىڭغا ئۇلۇغ شاھىمىز كېپىللىك قىلىدۇ دەپتۇ ھېلىقى ۋەزىر.

— بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە قىرىلارغا قازا، ئەلگە بالا كېلىۋاتقان چاغلاردا، — دەپتۇ يىگىت سۆزىنى باشتىن باشلاپ، — مېنىڭ يېشى ئاتمىشتىن ھالقىغان ئاتام بار ئىدى.

ئۇنىڭغا قازا كېلىشتىن قورقۇپ، يەر ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغانىدىم، مانا ھازىر ئاتامنىڭ يەر ئاستىدىكى گەمىدە يېتىۋاتقىنىغا ئۇزاق يىللار بولدى. ئاتامدىن ئايرىلىساق بىر ئۆيلۈك بەش - ئالتە جان ئادەم پاناھسىز قالاتتۇق. شۇنىڭدىن بېرى ئاتام گەرچە ئىش - ھەرىكەتتە بولالمىسىمۇ، بىزگە يول كۆرسىتىپ تۇرغانلىقتىن ھازىرغىچە خېلى ئوڭۇشلۇق ھايات كەچۈرۈپ كېلىۋاتىمىز، شاھىمىزنىڭ ئالتۇن ئېگەرگە ھاجىتى چۈشكەندە، مەن بۇ ئەھۋالنى ئاتامغا يەتكۈزۈپ، شاھىمىزنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداپ شۆھرىتىنى ئاشۇرماقچى ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم، — يىگىت ئاتىسىنىڭ بەرگەن مەسلىھەت ۋە يوللىرىنى شاھقا تەپسىلىي سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، سۆز ئاخىرىدا، — مەن ئاتامنىڭ ئاقىلانە مەسلىھەتى بويىچە تاغقا چىقىپ ئېگەرنى ئەچۈشتۇم، — دەپتۇ.

— بارىكاللا، ئاتاڭغا رەھمەت دەپتۇ شاھ.

شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ چۈشىدە كۆرگەن ئىشلارغا ئىشىنىپ، بىگۇناھ پۇقرالارنى ئۆلتۈرگەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ. بولارنىڭ سۆھبىتى ئاخىرلىشىپتۇ. شاھ شۇ زامان تېخى ئۆلتۈرمەي زىنداندا ساقلاپ قويغان قېرىلارنى ئازاد قىلىدىغانلىقىنى پۈتۈن ئەلگە جاكارلاپتۇ. ئاندىن كېيىن يىگىتنى ئاتىسى بىلەن تۆۋەندىكى ئايماققا داغدۇغىلىق يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

يىگىت بۇ جايغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خەلقتىن باج - سېلىق ئالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىگە بەرىكەت يېغىپ، باياشات ئۆتۈپتۇ.

(«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىل 4 - سانىدىن ئېلىندى.)

## ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش

زامانى ئاۋۋالدا، زالىملار ئەتىۋار، ئادالەتلىكلەر خار، ھەسەتخورلار مەنسەپتار، ئاق كۆڭۈللەر زار بولغان، پارىخورلار بېيىپ، ساداقەتمەنلەر نامراتلاشقان، بىلىمسىزلەر يۈز تاپقان، ئىلىم ئەھلى خارلانغان، گۈلنىڭ ئورنىنى تىكەن، بۇلبۇلنىڭ ئورنىنى زاغ ئالغان بىر مەملىكەت بولغانىكەن. ئۇ ئەلنىڭ شاھى ناھايىتى دۆت ۋە كالۋا، قىرىق خوتۇنى بولسىمۇ، ھېچ-قايسىدىن پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنىكەن. بۇ شاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى تولىمۇ ئادىل، ئۇنىڭ خوتۇنى دانىشمەن ئىكەن.

ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ، شاھقا قېرىلىق يېتىپتۇ. ئۇ ئۆز پۇشتىدىن تامغان ۋارىسىنىڭ يوقلۇقىدىن غەمگە پېتىپتۇ. ئور-دىدىكى پىتنىخورلار، خانىشلار شاھلىق تەمەسىدە چايانىدەك قۇتراپتۇ. ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن گۇرۇھلارغا بۆلۈ-نۈپتۇ. سول قول ۋەزىر، دىۋان بېگى قاتارلىقلار ئوڭ قول ۋە-زىرنى شاھلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى توسالغۇ دەپ قا-راپ، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش مەقسىتىدە ئاساسسىز بوھتانلارنى چاپلاپ ئۇنى شاھقا چېقىپتۇ. شاھ غەزەپكە كەپتۇ. بىراق ئوڭ قول ۋەزىرگە ئاشكارا قول سېلىشنى ئەپ كۆرمەپتۇ - دە:

— ئۇ تېگىگە يېتەلمەيدىغان، نام - نىشانسىزلا يوقىدى-غان بىر ئەپلىك چارە تېپىڭلار، — دەپتۇ.

پىتنىخورلار شۇ كېچىنىڭ ئۆزىدە سول قول ۋەزىرنىڭ

ئۆيگە تورپلىنىپتۇ. تۈرلۈك ئامال - چارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە دىۋان بېگىنىڭ تەدبىرى ھەممىگە ماقۇل بوپتۇ.

- شەھەردىن ئاتلىق ماڭغاندا تۆت كۈندە يېتىپ بارىدىغان بىر تاغ بار. تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرچوڭ باغ بار. بۇ كوھقاپنىڭ دىۋىلىرىگە تەئەللۇق باغ. بۇ باغدىن ئادەم بالىسىنىڭ بىرەرتال مېۋە ئېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇڭ قول ۋەزىرنى شاھشۇياقىغا ھەر خىل مېۋىلەرنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتسە، ئۇ دىۋىلەرنىڭ قولىدا ئۆلمىگەندىمۇ، باشقا ئىككى خەۋپتە ئۆلىدۇ، - دەپتۇ دىۋان بېگى.

- ئىككى خەۋپ نېمىلەركىن؟ دەپ سوراپتۇ باشقىلار.

- شەھەردىن ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتا بىر بۇلاق بار، دىۋىلەربۇبۇلاققا زەھەر تۆككەن. بۇ يەردىن ماڭغان ھەرقانداق يولۇچى شۇ بۇلاققا چۈشمەي، بۇلاق سۈيىدىن ئىچمەي ماڭالمايدۇ. بۇلاق سۈيىنى ئىچمەي ئۆتۈپ كەتكەن تەقدىردە، ھېلىقى باغنى ساقلايدىغان تۆت ئىت بار. بۇ ئىتلار دىۋە نەسلىدىن، ئۇلار كۈچتۈڭگۈر ۋە غالجىرلار، ھەرقانداق پالۋانمۇ بۇ ئىتقا تەڭ كېلەلمەيدۇ، - دەپتۇ دىۋان بېگى.

ئۇلار بۇ ئاجايىپ تەدبىرنى شاھقا يەتكۈزۈپتۇ. شاھ بۇ تەدبىرنى ماقۇل كۆرۈپتۇ ۋە ئۇڭ قول ۋەزىرگە:

- سەن ماڭا ئادەمنى ياشارتىدىغان، ھەرقانداق كېسەلگە شىپا مېۋىلەردىن تېپىپ كەل! - دەپتۇ.

ئۇڭ قول ۋەزىر ئۆيگە قايتىپتۇ. نېمە قىلىشنى بىلمەي بېشى قېتىپتۇ. خوتۇنى ئەھۋال سورىغانىكەن، شاھ تاپشۇرغان ئىشنىڭ چارىسىنى تاپالماي قىينىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

- سىلىنى ئۇلار دىۋىلەرنىڭ قولى بىلەن يوقىتىشنى كۆزلەپتۇ، - دەپتۇ ۋەزىرنىڭ خوتۇنى، - شاھ دېگەن مېۋىلەر دىۋىلەرنىڭ بېغىدا بار، بۇ باغدا جاھاندا بارلىكى مېۋە-

لەرنىڭ ھەممىسىنى تاپقىلى بولىدۇ. ئۇ باغدىكى ئاق ئەنجۈر ئادەمنى ياشارتىدۇ، سېرىق نەشپۈت ھەرقانداق كېسەلگە شىپا بولىدۇ. قارا ئەنجۈرنى يېگەن ئادەم مەڭگۈلۈك ھايۋانغا ئۆزگىرىپ قالىدۇ. كۆك نەشپۈتنى يېسە ئەسلىگە كېلىدۇ. سىلە شەھەردىن چىقىپ كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ تۆت كۈن ئاتلىق ماڭسىلا. ئاندىن دېۋىلەرنىڭ ماكانىغا بارىلا. ئۆيدىن چىقىپ ئىككى كۈن ماڭغاندىن كېيىن، سۇسىز، گىياھسىز چۆلدىكى بىر بۇلاق بېشىغا بارىلا. بۇلاق سۈيى زەھەرلەنگەن، ھەرگىز ئىچمىسىلە، ئاتنىمۇ سۇغارمىسىلا، يەنە يېرىم كۈن ماڭغاندا بىر كىچىك دەريا بويىغا بارىلا. مانا مۇشۇ يەردە ئۇسسۇزلۇقلىرىنى قاندۇرۇپ، ئاتنى سۇغىرىپ، ھاردۇق چىقارسىلا، تۆتىنچى كۈنى باغقا يېتىپ بارىلا. سىلە دېۋىنىڭ ئۇخلىغان پەيتىنى كۈتسىلە، دېۋىلەر ئۇخلايدۇ. ئەمما باغنى ساقلايدىغان تۆت ئىت ئۇخلىمايدۇ. ئۇلارغا تۇيدۇرماي بىردىن قوينىڭ كاللىسىنى تاشلاپ بېرىلا. ئىتلار كاللىنى غاجىلاپ قاۋىمايدۇ، سىلىگە تەگمەيدۇ! سىلە سۆڭگۈچتىن كىرىپ باشقا ھەرقانداق مېۋىگە تەگمەي، ئاق ئەنجۈردىن تۆتنى، سېرىق نەشپۈتتىن تۆتنى ئالىلا، كۆپ ئېلىش خەتەرلىك. ئەنجۈر، نەشپۈتنى ئېلىپ چىقىپ يولغا راۋان بولىلا. يولدا ئەنجۈردىن بىرنى، نەشپۈتتىن بىرنى يەيلا، شۇنىڭ بىلەن ئۇسسۇمايلا، قورساقمۇ ئاچمايدۇ. ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلمىسىلا، بولمىسا رەقىبلىرى تەنتەنە قىلىدۇ، دوستلىرى ماتەمدە قالىدۇ، بۇ جەرياندا مەنمۇ ھەمدەم بولارمەنۇ، لېكىن تەقدىرنىڭ ئىشىغا بەندە كار قىلالماي قالسا، ئۇششاق باللىرىمىزغا مۇشكۈل بولىدۇ....

ئۇنىڭ قول ۋەزىرى بىر چوڭ خۇرجۇننىڭ ئاغزىغا تۆت كاللىنى، يەنە بىر كۆزىگە ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. دېگەندەك توپتوغرا ئىككى كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن گىياھسىز، سۇسىز چۆلگە چىقىپ قاپتۇ. ھاۋا بەك قىزىپ، ۋەزىرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەشنالىق قىيناپتۇ. شۇ چاغ ئۇنىڭ كۆزىگە بىر تۈپ دەرەخ كۆرۈنۈپتۇ. ۋەزىر زور ئۈمىد بىلەن شۇ دەرەخ تۈۋىگە بېرىپتۇ. بۇ چىنارنىڭ تۈۋىدە تېخىتاۋسىز ئېقىپ تۇرغان بىر بۇلاق بار ئىكەن. ئۇسسۇزلۇق، ئىسسىق ئازابىدا بېشى ئايلانغان ۋەزىر خوتۇنىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلماي، ئاتتىن چۈشۈپتۇ - دە، ئاتنى چىنارغا باغلاپ بولۇپ، قولىغا بىر ئوچۇم سۇ ئاپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر كۆك كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ، ۋەزىرنىڭ قولىغا قانىتى بىلەن ئۇرۇپتۇ. ئۇ «ۋاي...» دەپ قولىنى تارتقانىكەن، ئوچۇمىدىكى سۇ تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ قايتا سۇ ئالماقچى بولغانىكەن، «بۇ سۇنى ئىچمەڭ! «ئىچسىڭىز ئۆلىسىز!» دېگەن ئاۋاز كەپتۇ. ئۇ ھەيرانلىقتا ئەتراپقا قاراپتۇ. كۆكتىكى كۆك كەپتەردىن باشقا ئۇچار قاناتمۇ، ئادەممۇ كۆرۈنمەپتۇ. شۇ چاغدا ۋەزىر كۆك كەپتەرنىڭ ئۆز خوتۇنى ئىكەنلىكىنى پەملەپتۇ - دە، سۇنى ئىچمەي يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىر تۆتىنچى كۈنى يېرىم كېچىدە كۆزلىگەن مەنزىلگە كەپتۇ. ئۇ خۇرجۇندىكى قوينىڭ كاللىسىنى بۇلۇڭدىكى ئىتلارغا تاشلاپ بېرىپتۇ، ئاندىن سۈڭگۈچتىن باغقا كىرىپتۇ. قارىسا باغ ئىچىدە مېۋىلەر مەي بولۇپ پىشىپ كەتكەنىكەن، ۋەزىر ئاي شولىسىدىن پايدىلىنىپ ئىزدەپ، ئاق ئەنجۈر، سېرىق نەشپۈتنى تېپىپ تۆتىنلا ئاپتۇ - دە، باغدىن قايتىپ چىقىپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىر ئوردىغا قايتىپ، بىر ئەنجۈر، بىر نەشپۈتنى شاھقا بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھ ۋە ھىيلىگەر ئەمەلدارلار سۈيىقەستلىرىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى پەملەپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىچىدە چايان قاترايدىغان مەككارلار باشقا سۈيىقەست پىلانلاپتۇ.

— ھازىر ئەلدە ئىسيان تولا، بىز جەڭگە تەييارلانمىساق بولمايدۇ. ئەمما لەشكەرلىرىمىزنىڭ قورال - ياراقلىرى يېتەر-

سىز، شۇنى كۆمۈر كۆيدۈرۈپ، پولات – تۆمۈردىن قورال – يا-
راق ياسىمىساق بولمايدۇ. بىز مۇشۇنى باھانە قىلىپ ئەلگە
ئوتتۇن ئالۋىنى سالساق، يىغىلغان ئوتتۇننى ئوك قول ۋەزىر شە-
ھەر سىرتىدىكى ئايدالاغا مۇنار شەكلىدە قىلىپ تىزسا، ئۇ
ئوتتۇن ئۈستىدىن چۈشۈپ بولغۇچە ئوتتۇنغا ئوت يېقىۋەتسەك...—
دەپتۇ سول قول ۋەزىر.
شاھ سول قول ۋەزىرنىڭ دېگىنى بويىچە پەرمان
چۈشۈرۈپتۇ.
ئوڭ قول ۋەزىر ئۆيگە بېرىپ ئەھۋالنى خوتۇنىغا
ئېيتىپتۇ.
— ئەمدى قۇتۇلۇش تەس، بۇ ئەجەل مېنىڭ بېشىمغا
بىسمەھەل كەلگەن ئوخشايدۇ، — دەپ ھەسرەتلىنىپتۇ.
— سىلە ئەندىشە قىلمىسىلا، سىلە ئوتتۇننى مۇناردەك قى-
لىپ تىزىۋەرسىلە، قالغان ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دەپتۇ
ۋەزىرنىڭ خوتۇنى.
ۋەزىر ئوتتۇننى مۇنارغا ئوخشىتىپ تىزىۋېرىپتۇ، ئوتتۇن تىزى-
لىپ بولغاندىن كېيىن شاھ «ئوت يېقىلسۇن!» دېگەن مەنىدە
كۆز ئىشارىتى قىپتۇ. ياساۋۇللار ئوتتۇنغا تەرەپ – تەرەپتىن
ياغ چېچىپ ئوت يېقىپتۇ، بىردىنلا يەر – جاھاننى ئوت ۋە تۈتەك
قاپلاپ كېتىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ جەزمەن ئۆلىدىغانلىقىغا
ئىشەنگەن شاھ ۋە باشقا ئەمەلدارلار ئوردىغا قايتىپتۇ. ئوڭ
قول ۋەزىرنىڭ خوتۇنى سۇمۇرغ بولۇپ ئۇچۇپ كېلىپ ئېرىنى
ئېلىپ كېتىپتۇ. بۇنى ھېچكىم سەزمەپتۇ. ئۇچىنچى كۈنى تاڭ
ئاتاي دېگەن چاغدا ۋەزىرنىڭ خوتۇنى مۇنداق دەپتۇ:
— سىلى ھېلىقى ئاق ئەنجۈردىن بىرنى،
سېرىق نەشپۈتتىن بىرنى ئېلىپ، مانا بۇ مەن تەييارلاپ قوي-
غان جەننەتنىڭ ھۆر – پەرىلىرىگە ئاق خاس لىباسنى يېپىنىپ،
تاجىنى تاقاپ، ئوتتۇن كۆيدۈرگەن ئايدالادىكى كۈلنىڭ تۆپى-

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

سىكە بېرىپ ئولتۇرىلا، تاڭ ئاتقاندا ناماز ئوقۇيلا، شۇ چاغدا شاھ ۋە باشقا ئەمەلدارلار نەق مەيدانغا كېلىدۇ، سىلە ئۇلارنى كۆرمىگەن بولۇپ، نامازلىرىنى ئوقۇۋېرىدىلا. نامازلىرىنى ئوقۇپ بولۇپ، دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە: «ئۈچ كۈندىن بېرى جەننەتتە ئەجەب مۇ راھەت كۆردۈم، مۇشۇ پانىي ئالەمدىكى ھاياتمۇ ھايات بولۇپتىمۇ؟ مەن جەننەتتە كۆرگەن راھەتنى بەلكىم مۇشۇ پانىي ئالەمگە بىر چاغلاردا ھۆكۈمرانلىق قىلغان سۇلايمان پەيغەمبەرمۇ كۆرمىگەن، ئاللاھ، ئۆزۈڭگە يۈزمىڭ رەھمەت!» دەيلا. دۇئا قىلىپ بولۇپ يانلىرىدىغا كەلگەن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشىلا. شۇنىڭدىن كېيىنكى گەپلەرنى مەن ئەھۋالغا قاراپ دىلىلىرىغا سالىمەن.

ئوڭ قول ۋەزىر خوتۇنىنىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ.

شاھ ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى تاڭ سۈزۈلگەندە كېلىپ كۆرۈپتىكى، ئوڭ قول ۋەزىر بۇ چاغقىچە ھېچكىم كۆرمىگەن ئەڭ كاتتا تاج تاقاپ، كاتتا لىباس يېپىنىپ، قىبلىگە قاراپ، جەننەت راھەتلىرىنى بايان قىلىپ، خۇداغا شۈكرى - سانا ئېيتىپ دۇئا قىلىۋاتقۇدەك. ئۇ ياشىرىپ كەتكەنمىش، چىرايىدىن پەرىشتىدەك نۇر يېغىپ تۇرغۇدەك. ئوڭ قول ۋەزىر شاھ قاتارلىقلارنى كۆرگەن بولسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ:

— ئەي ئىبارا خۇدايا، كەرىمىڭ ئۇلۇغ، مېھىر - شەپقىتىڭ تەگدىشى يوق ئىكەن، مەندەك بىر ئاجىز بەندەڭنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلاپ، جەننەتكە ئېلىپ بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ ناز - نېمەتلىرىگە، راھەت - پاراغەتلىرىگە نائىل قىلدىڭ دەپتۇ، — ۋە:

«ھېچ ھالاۋەت تەڭ كېلەلمەس جەننەتنىڭ راھىتىگە
كۆپ ئىبادەت تەڭ بولماس ئوتتا كۆيگەن تائىتىگە»

دېگەن نەزمىنى ئوقۇپتۇ.

شاھ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى: «بۇ ئوڭىمىزمۇ، چۈشىمىزمۇ؟
دېيىشىپ ھەيرانۇھەس بولۇشۇپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرگە بىلغا
ئۆچمەنلىكلىرىنى ئىچىدە بىلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇق چ
راي كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلار ئوردىغا قايتىپتۇ. شاھ ئوڭ قول ۋەزىر
نى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ گەپ باشلاپتۇ:

— سىز ئوتۇننىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ بولغۇچە، مېنىڭ ئال
دىراڭغۇ، كەم ئەقىل چاپارمەنلىرىم ئوت يېقىۋېتىپتۇ. مەن
ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالدىم. سىزنى قۇتقۇزۇشقا
ئامال قىلالماي يىغلىدۇق، قاقشىدۇق. بۈگۈن ئوت ئۆچكەچكە،
جەسىتىڭىزنىڭ كۈلىنى بولسىمۇ تېپىپ، نامىزىڭىزنى چۈشۈرۈپ،
دەپنە قىلايلى دېيىشكەندۇق، ئەمما بىز سىزنى ھايات ھالەتتە،
ھەتتا ياشارغان ھالەتتە كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز.

— ئالىيلىرىغا رەھمەت، دەپتۇ ئوڭ قول ۋەزىر.

— خوش، بىز ئاللانىڭ سىزنى بىز بىلەن دىدارلىشىشقا
قانداق نېسىپ قىلغانلىقىنىڭ بايانىنى بىلىشكە بولارمىكىن؟ — دەپتۇ شاھ.

— ئوتۇننى تىزىپ بولۇپ چۈشۈۋېلىشىمغا مۇمكىن بول
مىدى، — دەپ سۆز باشلاپتۇ ئوڭ قول ۋەزىر، — رىسقىم
شۇنچىلىك بولار، — دەپ ئاللاغا سېغىندىم، مەن ئوتۇن بىلەن
كۆيدۈم، ئەمما جېنىم چىقمىدى، ئوت پەسەيگەن، ئىس - تۈ-
تەكلەر تارقىلىپ بولاي دېگەندە «تۇر ئورنۇڭدىن!» دېگەن
ھەيۋەتلىك، ئەمما يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلاندى. كۆزۈمنى ئېچىپ
قارىسام مەھشەرگاھتا تۇرۇپتىمەن، ئەتراپىمدا پەرىشتىلەر
ماڭا قاراپ، ئاللادىن ئەمر كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا خىزىر
ئەلەيھىسسالام ئالدىمغا كۈلۈپ كېلىپ:

«ئەي ئاللانىڭ بەختلىك بەندىسى، سېنىڭ پانىي ئالەمدىكى
گۇناھلىرىڭ پانىي ئالەمنىڭ ئۆزىدە كۆيۈپ تۈگىدى. شۇڭا
مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ھازىر بولۇپ، ئاللانىڭ ئالدىدا قىزىللىق
بىلدۈرۈپ، ساڭا ئاللادىن شاپائەت تىلىدى، ئاللا قوبۇل قىلدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاللاتائالا سېنى جەننەتنى زىيارەت قىلسۇن، جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن تويغۇچە يەپ، ھەۋزى كەۋسەردىن قانغۇچە ئىچىپ قانسۇن، ئاندىن پانىي ئالەمگە قايتىپ بارسۇن، چۈنكى مەن ئۇنىڭ جېنىنى ئەزرائىل ئارقىلىق ئالمىدىم، ئۇ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلمەي پانىي ئالەمدە كىشىلەر ياسىغان دوزاختا كۆيدى، مەن قاچان ئەزرائىلغا ئەمرى قىلىپ ئۇنىڭ جېنىنى ئالغۇچە ياشاۋەرسۇن، دېدى. سەن ھازىر جەننەتكە كىرىپ، بەھوزۇر سەيلى – تاماشا قىل، مانا بۇ جەننەت لىباسى تاجىنى ئال» دېدى – دە، غايىب بولدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئالدىمغا قارىسام، ئالەمدە تەڭداشسىز باغۇ – ئىرەم، جەننەتۇل ئەبرى ماكاندا تۇرۇپتىمەن. ئەتراپىمدا جەننەتنىڭ ھۆرلىرى، ئۇلار ماڭا يول باشلىدى، پانىي ئالەمدە مەۋجۇت بولمىغان رەڭگارەڭ ئاجايىپ قىممەتلىك لەئەل – ياقۇت، ئالتۇن گۆھەردىن بىنا قىلىنغان كەڭ، ئاسمان – پەلەك قەسىرلەردە ئالتۇن كۇرسىلاردا ئولتۇرۇپ سەيلى – تاماشا قىلدىم، ناز – نېمەتلەردىن تويغۇچە يېدىم. بۇلارنى ئادەم قانچە يېسە سىڭدىكەن، ئازراق يېسىمۇ قورساق تويۇپ زادى ئاچمايدىكەن.

ئوڭ قول ۋەزىر جەننەتنىڭ كېيىنى قىلىۋاتقاندا شاھ ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئاغزىلىرىدىن ئاققان شۆلگەي ساقال – بۇرۇتلىرىنى بۇلغاپتۇ، ھەممەيلەن جەننەتنى كۆرۈشكە ئالدىراپتۇ. ئەتىسىدىن باشلاپ ھېسابسىز ئوتۇن يىغدۇرۇپ، شاھ، سول قول ۋەزىر، دىۋانبېگى قاتارلىقلار ئوتۇننى تىزىپ مۇنار قىپتۇ ۋە ئۈستىگە چىقىپ، ئوتۇنغا ئوت ياقتۇرۇپتۇ – دە، كۆيۈپ كۈل بولۇپتۇ.

بىچارە پۇقرالار ئۇلارنىڭ زۇلمىدىن بىراقلا قۇتۇلۇپتۇ. ئادالەتپەرۋەر ئوڭ قول ۋەزىر شاھ بولۇپتۇ. ئەل ئاۋات، ئاۋام باياشات ياشاپتۇ.

(«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 – يىل 4 – سانىدىن ئېلىندى.)

# ئۆمەر شاھ بەگ

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن. ئۇزاق
زامانلارنىڭ بىرىدە، يىراق شەرقىي تاماندا، قەدىم ييپەك يو-
لىدا، مازار تاغىنىڭ بويىدا كاتتا بىر يۇرت بار ئىكەن، يۇرت-
نىڭ ئۆزى ئاۋات ئىكەن، نان - ئوزۇقى ناۋات ئىكەن، مىۋى-
لىرى شېكەر ئىكەن، سۇيى ئابى كەۋسەر ئىكەن، كۆنگەي ياقتا
بىر دەريا شاۋقۇنلىنىپ ئاقار ئىكەن، تەسكەي ياقتا ئېگىز تاغ
بولۇتقا باش قويار ئىكەن، ئاشۇ يۇرتتا ئۆمەر شاھ ناملىق
بىر بەگ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ جىسمى پۈتۈنلەي ھىيلە - مىكىر
بىلەن پۈتكەنىكەن. پۇقرالارنى بوزەك قىلىپ ئالۋان - سېلىق
چاچار ئىكەن، يىغقان ئالتۇن - كۈمۈشتىن شاھقا مۇنچاق ئاسار
ئىكەن. پوش - پۇش بىلەن خۇش - خۇشنىڭ مەنىسىنى بى-
لىدىكەن، پۇقرالارغا پوش - پۇشنى، شاھقا خۇش - خۇشنى
بېرەر ئىكەن. ئۇ يۇرت سورىغان چاغلاردا، يانتاق ئۈنۈپ باغ-
لاردا، قوي - كالىلار ئورنىغا قاۋان ھوۋلاپ تاغلاردا، ئالەم
كەڭ ئىكەن. زامان تار، ئىتلار كار ئىكەن، پۇقرالار خار،
يېتىم - يېسىر، قېرىلار قاقشايدىكەن، زار - زار.

ئۇ زاماندا كۆپ ئىكەن، جەڭگە - جېدەل يېغىلىق، ئۇنى
ئاز دەپ چۆشۈرگەن، ئالۋان - ياساق، باج - سېلىق، شۇ ۋە-
جىدىن شاھلارنىڭ ئوردا - تەختىراۋانلىرى، ۋەزىرلەرنىڭ
تاغدەك مال - ۋارانلىرى ھەتتاكى تۆل خوتۇنىنىڭ سۈنۈق

تەڭنە ـ قازانلىرىغىمۇ خاتىرجەملىك نېسىپ بولمايدىكەن. ئايىغى ئۈزۈلمەي داۋام قىلىۋاتقان يېغىلىقلار تۈپەيلىدىن پادىشاھلار كۆندە بىر قېتىم دېگۈدەك ئالمىشىپ تۇرغاچقا كەمبەغەللەر ھاشاردىن، قويلار قاشادىن زار بولسا، بايلار پادىشاھتىن زار ئىكەن. چۈنكى ھەر قېتىم پادىشاھ ئالماشقاندا يېڭى شاھقا سادىقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن غەلۋىرلەپ تىللا، تايلاپ تەتىللا، قوتانلاپ مال سوۋغا قىلىشمىسا پۈتۈن دەپنە ـ دۇنياسىدىن ئايرىلىپ كېسىۋالغان ئۈچەيدەك بولۇپ قېلىشىدىكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىچى ئۆرتىنىپ يېگىنى چىرايىغا چىقمايدىكەن.

مەيلى قانداقلا پادىشاھ ئالماشسۇن ئىمىر شاھ بەككە ھېچقانداق مالامەت يەتمەيدىكەن. ئەكسىچە، ئۇ تېخىمۇ زور ئاتاققا ئىگە بولۇپ كېتىدىكەن.

پادىشاھ ھەر قېتىم بۇ يۇرتقا ئامبال ئەۋەتىپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغىنىدا ئۇ يېڭى كەلگەن ئامبالنىڭ بۇرنىنىڭ ئاستى تۆشۈكمىكەن؟ — دەپ سورايدىكەن.

— ھەئە، تۆشۈككەن دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەيدىسىگە مۇشتلاپ تۇرۇپ:

— شۇنداقلا بولسا ئۇنىڭ بىلەنمۇ كېلىشىپ قالىمىز، — دەيدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئاي پۈتۈپ، ئايلاردىن ھەم يىل پۈتۈپ، يىللار ئەسىرنى كۈتۈپ، بىر چاغدا يېڭىدىن تەختكە چىققان پادىشاھ بۇ يۇرتقا بىر ئامبال ئەۋەتىپتۇكى — ئۇنىڭ ئۆزى كېلىشتىن بۇرۇن داڭقى پۈتۈن يۇرتقا پۇر كېتىپتۇ. ئۇ ئادىللىقتا نۇشۇرۋاندىن، سېخىيلىقتا ھاتەمدىن قېلىشمايدىكەن، خەقنىڭ رىسقىنى يېيىشنى ھارام دەيدىكەن. يېتىمنىڭ بېشىنى سىلايدىغان، پۇقرانى قاقشاتقانلىنى دارغا ئاسىدىغان، خۇشامەت قىلغاننى يارغا باسىدىغان، بېشىنى تىلىدىن كەتكۈزمەيدىغان، يۈزىنى گالدىن چۈشۈرمەيدىغان، ئۆزىگە چاڭ يۇقتۇرمايدىغان، تېمىغا قاڭ سوق-

تۇرمايدىغان، شۇنداق ئامبال ئىمىشكى، ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرمەي تۇرۇپ پۈتۈن يۇرت تەۋرەپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن قورققان زالىم بايلار ئىمىر شاھ بەگنىڭ ھويلىسىغا مەسلىھەتكە كېلىشىپتۇ.

بايلارنىڭ ئاغزىدىن ئامبالنىڭ ھەيۋىسىنى ئاڭلىغان ئىمىر شاھ بەگ ئادىتى بويىچە:

— ئېھ خالايىق، يېڭى كەلگەن ئامبالنىڭمۇ بۇرنىنىڭ ئاستى تۆشۈكمىكەن، — دەپ سوراپتۇ.

— ئىلاھىم ئەلۋەتتە شۇنداقتۇ، — دېيىشىپتۇ، — بايلار.

ئىمىر شاھ بەگ:

— ئۇنداق بولسا بۇ ئامبال بىلەنمۇ كېلىشۋالغۇدەكمىز؟ — دەپ بەخىرامان ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. ئۇنىڭ بەخىرامان ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن بايلار قايتا زوۋان سۈرمەي قايتىشىپتۇ.

ئىمىر شاھ بەگنىڭ ئىنتايىن ئىشەنچلىك بىر مالىيى بولۇپ، ئۇ ئاشۇ مالىيىنى ئالدىغا چاقىرتىپتۇ ـ دە:

— ئاڭلىسام، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن بىر ئامبال ئۆتەڭگە كەپتۇ. ئۇ يەردە ئىككى ـ ئۈچ كۈن دەم ئېلىپ، ئاتلىرىغا يەم ئېلىپ، ئاندىن يولغا چىقىپ، ئۇدۇل شەھەرگە چۈشمىش. سەن كېچىلەپ يولغا چىقىپ ئېشىكىڭنى بولۇشىغا چېپىپ، بۇ ئىككى تاۋۇزنى خورجۇنغا تىقىپ، ئىككى كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە بېسىپ، ئۇ جانابنىڭ ئالدىغا بار، ئامەت ساڭا بولسۇن يار، دەرۋازىنى ساقلاۋاتقان ياساۋۇلغا بۇ بىر تاۋۇزنى بەر، ئۇسسىغىنىدا ھۇزۇرلىنىپ يەر، تەمىنى تېتىپ ساڭا رەھمەت دەر، شۇ چاغدا زوۋانىڭنى ئاچ، زوۋانىڭدىن شېكەر ـ شەربەت چاچ، بۇ تاۋۇزنى ئامبالنىڭ دېگىن، تاۋۇزلار ئالماشمىسۇن، تىلىڭ گاچا، بېشىڭ قاپاقلاشمىسۇن، بۇ جانابنىڭ ئالدىدا سالام بەجا كەلتۈرگىن، بېگىم ھاردۇق سوراشقا ئەۋەتتى دېگىن، ئامبال

سىنىڭ ئالدىڭدا تاۋۇزنى يېسۇن، ئۇنىڭ تاۋۇز يېگىنىنى كۆزۈڭ كۆرسۇن، — دەپ يولغا ساپتۇ.

مالاي خۇرجۇننى ئېشەككە ئارتىپ، قوشقىنىنى چىڭ تارتىپ، ئېشىكىنى سوكۇلدىتىپ خەيرىلىك سائەتتە ئۆتەڭگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا قوش قاناتلىق دەرۋازا، تاملىرى سىپىل، يوللىرى شېغىل ھەيۋەتلىك بىر دەڭنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قولىدا ئايپالتا تۇتقان، كەمىرىگە خەنجەر ئاسقان، يارمىغان كۆتەكتەك كۆرۈنىدىغان بىر ياساۋۇل تۇرغان.

مالاينىڭ ئۆزىگە قاراپ تەپ تارتماستىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ياساۋۇل:

— توختا! نىمە ئادەمسەن، قەيەردىن كەلدىڭ، قەيەرگە بارىسەن؟! — دەپ تووۋلاپتۇ.

— مەن ئەلچى، جانابىي ئالىيلىرىدىن ھال - ئەھۋال سوراپ كەلدىم، — دەپتۇ مالاي.

— ئامبال ھېچكىمنى قوبۇل قىلمايدۇ، كەينىڭگە يان، — دەپتۇ ياساۋۇل.

ياساۋۇلنىڭ ئەلپازىنىڭ يامانلىقىنى كۆرگەن مالاي، ئىمىر شاھ بەگنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە ئېشىكىنى دەرەخكە باغلاپتۇ - دە، ياساۋۇلغا ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن تاۋۇزنى خۇرجۇندىن چىقىرىپ توققۇز تەزىم بىلەن ئۇنىڭغا تەڭلەپتۇ:

— غوجام، بۇ تاۋۇزنى بېگىم ئۆزلىرىگە ئىككى كۈنلۈك يەردىن ئەۋەتتى، ئامبال بېگىمگىمۇ تاۋۇز ئېلىپ كەلگەنىدىم.

تاۋۇزنى كۆرگەن ياساۋۇلنىڭ بىردىنلا گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ، بايىقى ھەيۋىسىدىن قىلچىمۇ ئەسەر قالماپتۇ - دە، سەن مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇر دېگىنىچە تاۋۇزنى قولتۇقلاپ ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپتۇ ۋە ھايال بولمايلا چىقىپ، ئامبال كىرسۇن دەيدۇ، — دەپتۇ. مالاينىڭ خۇشلۇقتىن ئاغزى قۇلىقىغا، چاپىنىنىڭ پېشى تۇۋىقىغا يېتىپ، يەنە بىر تاۋۇزنى بې-

شىدا كۆتۈرگىنىچە ئامبال تۇرغان ئۆيگە كىرىپتۇ. بوسۇغىدىن كىرىپلا يەر سۆيۈپ تىزلانغىنىچە ئامبالنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئايىغىغا باش قويۇپ، قوللىرىنى سۆيۈپتۇ. ئاندىن كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئىزھار قىلىپ چىرايلىق سۆزلەردىن تەسۋىيى تىزىپ: «بۇ تاۋۇزنى ئىمىر شاھ بېگىم ئۆزلىرىگە ئەۋەتكەندى» دەپ تاۋۇزنى شىرە ئۈستىگە قويۇپتۇ.

— رەھمەت، بېگىڭگە مەندىن سالام ئېيتىپ قوي، دەپتۇ ئامبال ۋە تاۋۇزنى كۆتۈرۈپ ئىچكىرىكى ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇشقا مېڭىپتۇ.

— جانابىي ھەزرەتلىرى، — دەپتۇ مالاي يەرگە تىزلىنىپ تۇرۇپ، — بېگىم ئامبالنىڭ تاۋۇزنى يېگىنىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ كەل، دېگەنىدى، — مالاينىڭ گېپىگە ھەيران بولغان ئامبال تاۋۇزنى شىرەگە قويۇپ يېنىدىن خەنجەرنى چىقىرىپ تاۋۇزغا شۇنداق ئۇرغانىكەن، جىرىڭلاپ تۇرغان ئالتۇن - كۈمۈشلەر شىرەگە قۇيۇلۇپتۇ.

كۆز ئالدىدىكى بۇ كارامەتنى كۆرگەن ئامبالنىڭ كۆزلىرى پولتىيىپ، ئاۋازلىرى خىرقىراپ كېتىپتۇ - دە:

— سىلەرنىڭ يۇرتتا بۇنداق تاۋۇز چىقامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ناھايىتى جىق، — دەپتۇ مالاي قۇللۇق بىلەن.

— ئۇنداق بولسا غوجاڭغا دەپقوي، مەن بارغۇچە بۇنداق تاۋۇزلاردىن جىقراق يىغىپ قويسۇن، — دەپتۇ - دە، مالاينى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

ئۈچ - تۆت كۈندىن كېيىن ئامبال بۇ يۇرتقا كەپتۇ. يۇرت خەلقى يۇرتنىڭ بېشىدىن ئامبال يامۇلىغىچە يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە چىقىپ تۇرۇشۇپتۇ، يۇرت كاتتىلىرى ئېسىل تونلىرىنى كىيىشىپ، ئارغىماقلارغا مىنىشىپ، سوۋغا - سالاملارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېلىشىپ، يۇرتقا كىرىش ئېغىزىدا ئامبالنى كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ.

ئامبال يۇرتقا كىرىش بىلەن ئۆزىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ يەر سۆيۈۋاتقان يۇرت كاتتىلىرى بىلەنمۇ كارى بولماستىن، ھەتتا ئامبال يامۇلغىمۇ كىرمەستىن مەپىسىنى ئۇدۇل ئىمىرشاھ بەگنىڭ ئۆيىگە ھەيدەپتۇ.

(«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىل 4 - سانىدىن ئېلىندى.)

## ئەقىللىك مەلىكە

قەدىمكى زاماندا، مەلۇم بىر دەريانىڭ ياقىسىدا، بىر شەھەر بولغانىكەن، ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى تولىمۇ زالىم ئىكەن، خەلق ئۇنىڭ زۇلمىدىن زار - زار قاقشايدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ھەرەم بېغىدىكى راۋاقتا چىقىپ ئولتۇرسا، بىر قاغا «قاق، قاق» قىلىپ قاقىلدىغىنىچە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ دەرھال ۋەزىر، ۋۇزرالىرىنى چاقىرىپ، ئۇلاردىن: «قاغا نېمە دەۋاتىدۇ» دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر - خىزمەتچىلىرى!

«ئەي پادىشاھى ئالەم، سىلى ئەقىل - پاراسەتكە تولغان، بىلمىلىك ئادەم. سىلى بىلمىسىلە بىز پەقەت بىلمەدۇق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ: «بۇ بىكار تانچىلارنىڭ دەرھال كاللىسى ئېلىنسۇن!» دەپ بۇيرۇپتۇ. ئاندىن كېيىن ئالىم - ئۆلىمالارمۇ پادىشاھنى قايىل قىلغۇدەك جاۋاب تېپىپ بېرەلمەي بېشىدىن ئايرىلىپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي پۈتۈن شەھەر بويىچە نۇرغۇن كىشىنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بوپتۇ.

پادىشاھنىڭ مەلىكە مېھراي ئىسىملىك ئەقىللىك ۋە گۈزەل بىر قىزى بار ئىكەن. مەلىكە دادىسىنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە مېھراي دادىسىغا:

«ئەي دادا، سىز شۇنچە پەم - پاراسەتلىك، بىلەرمەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرۇقلۇق، ئۆزىڭىز جاۋاب تاپالمىغان سوئاللارغا جاۋاب تاپ
قۇزمەن دەپ، پۈتۈن شەھەردىكىلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ،
بالا - چاقىلىرىنى يېتىم قالدۇرۇپ، شەھەردىكى ئادەملەرنى
ئاز قويدىڭىز. ئۇلار سىزدىن زېرىكتى. سىز ئۇلاردىن ئايرىلىپ
قېلىشقا ئاز قېلىۋاتىسىز. ناۋادا كۈنلەر ئۆتۈپ بېشىڭىزغا بىر
پالاكەت كەلسە، سىزگە كىممۇ كېلىپ ياردەمدە بولار؟» دەپتۇ.
قىزىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پادىشاھ قاتتىق خاپا
بولۇپ، قىزىنى دەرھال ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. بۇ چاغدا بىر ئاق
كۆڭۈل ۋەزىر: «ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ تا بۇ-
گۈنكى كۈنگە قەدەر بىرەر ئايالنىڭ قېنى تۆكۈلگەن ئەمەس،
ئەڭ ياخشىسى مەلىكىنى زىندانغا تاشلىساق» دەپ پادىشاھقا
مەسلىھەت بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ قىزىنى ئۆلتۈرۈش
نىيىتىدىن يېنىپ، زىندانغا تاشلاپتۇ. لېكىن، ۋەزىر پادىشاھ-
نىڭ قىزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، بىر ساندۇق ياسى-
تىپتۇ - دە، مەلىكىنى مەخپىي زىنداندىن ئاچىقىپ ئۇنى دەر-
يادا ئېقىتىۋەتمەكچى بوپتۇ. مەلىكە ساندۇققا كىرىش ئالدىدا
ۋەزىرگە: «ئەگەر مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن بىر كەمبەغەل يى-
گىتكە تېگىپ ئۇنى دادامنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، خەلقنى بالايى-
ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرىمەن» دەپ قەسەم بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن
مەلىكە دەريادا بىرنەچچە كۈن ئاققاندىن كېيىن بىر قوشنا
مەملىكەتكە بېرىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا دەريا بويىدا ئۇتۇن كې-
سىۋاتقان بىر ئۇتۇنچى، دەريادا ئېقىپ كېلىۋاتقان ساندۇقنى
كۆرۈپ قاپتۇ - دە، يۈگۈرگەن پېتى بېرىپ ساندۇقنى قىر-
غاققا چىقىرىپتۇ، لېكىن ئاغزىنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن ساندۇقنى كۆتۈرۈپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ
بېرىپتۇ.

پادىشاھ ساندۇقنى ئاچقۇزۇپ قارىغۇدەك بولسا، ساندۇق
ئىچىدە، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، بىر

تەگداشسىز ساھىبجامال ياتقۇدەك. پادىشاھ بۇ قىزنى كۆرۈپ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. بىرقانچە كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھ مەلىكىنى چاقىرتىۋېلىپ ئۇنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىش توغرىسىدىكى تەلىپىنى ئىزھار قىپتۇ، مەلىكە:

«ماقۇل، ئەمما مېنىڭ شەرتىم بار، ئالدى بىلەن مەن قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنى بىلىۋالاي، مەن ئېقىپ كەلگەن دەريا بويىغا بېرىپ كېلىشىمگە رۇخسەت قىلغايسىز» دەپتۇ. پادىشا بۇ شەرتكە دەرھال كۆنۈپتۇ ھەم مەلىكە مېھرايىنى بىرقانچە كېنىزەك بىلەن مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، دەريا بويىغا ئۇزىتىپتۇ. مەلىكە دەريا بويىغا بارغاندىن كېيىن، دەرياغا قاراپ ئەل - يۇرتىنى سېغىنىپتۇ ھەم كۆڭلىدە: «مەن ئەسلىدە بىر كەمبەغەل يىگىتكە تېگىپ، دادامنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، خەلقنى ئازاب - كۈلپەتتىن قۇتۇلدۇرىمەن، دەپ قەسەم ئىچكەن تۇرسام، ئەمدى پادىشاھقا خوتۇن بولسام قانداق بولىدۇ» دەپ ئويلاپ ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپتۇ. بۇ چاغدا دەريادا يوغان بىر بېلىق ئۆزىنى ئۇياق - بۇياققا تاشلاپ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغانىكەن، مەلىكە بېلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

بىللە بارغان كېنىزەكلەر چۇرقىرىشىپ يۈگۈرگەن پېتى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ، مەلىكە مېھرايىنىڭ دەردىدە تاج - تەختىنى تاشلاپ، سەرگەردان بولۇپ، مەلىكىنى ئىزدەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

شۇ دەريانىڭ بويىدا بىر بېلىقچى بولۇپ، يالغۇز بالىسى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. بىر كۈنى بوۋاي ئەتىگەندىلا دەرياغا تور تاشلىغانىكەن، يوغان بىر بېلىق تورغا ئىلىنىپ چىقىپتۇ. بېلىقچى بوۋاي خۇشال بولۇپ، بېلىقنىڭ قورسىقىنى يارسا، ئىچىدىن ھېلىقى ساھىبجامال مەلىكە چىقىپتۇ. قارىسا قىزنىڭ جېنى بار ئىكەن. بېلىقچى بوۋاي مەلىكىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ ئوبدان بېقىپتۇ، قىز

كۆندىن - كۆنگە ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپتۇ، بوۋاي ھەر كۈنى ئوغلى بىلەن بىللە دەرياغا تور تاشلاش ئۈچۈن كېتىدىكەن، مەلىكە بولسا بوۋاي بىلەن ئوغلى كەلگۈچە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ، مەززىلىك تاماقلار بىلەن ئۇلارنى خۇشال - خۇرام كۈتۈۋالىدىكەن. ئەمما مەلىكە ھەرگىز زۇۋان سۈرمەيدىكەن. شۇنداقتىمۇ بىلىقچى بوۋاي مەلىكىنى ئۆز قىزىدەك ياخشى كۆرىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ بىر كۈنى مەلىكە مېھراي تۇيۇقسىزلا: «ئەي بوۋا، ئوغلىڭىزغا دېسىڭىز، مېنى ئەمرىگە ئالسا» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بوۋاي ھەيران بولۇپ: «ئەي قىزىم، مەن قول ئىلكىمدە يوق كەمبەغەل بېلىقچىمەن. سىزنى ئوغلۇمغا ئېلىپ بەرگۈدەك بىساتىم يوق، بۇنى قانداق قىلىمىز؟» دەپتۇ.

مەلىكە بوۋاينىڭ غەم - قايغۇسىنى يوقىتىش ئۈچۈن دەرھال: «بوۋا، ئۇنداق دېمەڭ، سىلەر نېمە كىيسەڭلار مەنمۇ شۇنى كىيىمەن، سىلەر نېمىنى يېسەڭلار مەنمۇ شۇنى يەيمەن» دەپتۇ. مەلىكىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەن بوۋاي ئوغلى بىلەن مەلىكىنىڭ نىكاھىنى ئوقۇپ، ئاددىي - ساددا توي قىلىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ناھايىتى خۇشال - خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە مېھراي قولىقىدىكى ھالقىسىنىڭ بىر پېيىنى بوۋايغا بېرىپ: «مۇشۇ ھالقىنى شەھەرگە كىرىپ سېتىپ كېلىڭ» دەپتۇ. بوۋاي مەلىكىنىڭ دېگىنى بويىچە شەھەرگە كىرىپ، ھېلىقى ھالقىنى يېنىدىن چىقىرىشىغا نۇرغۇن كىشى بوۋاينى ئارىغا ئېلىپ: «بۇنداق گۆھەر ھالقا پەقەت پادىشاھنىڭ سارىيىغا لايىق ئىكەن» دەپ ھالقىنى ماختىشىپ سودىدا تالىشىشقا باشلاپتۇ. دەسلەپ ئون تىللا دەپتۇ، كېيىن يۈز تىللا دەپتۇ، ئاخىرى مىڭ تىللاغا چىقىپتۇ. بوۋاي مىڭ تەسلىكتە ئاددەملەر توپىدىن ئايرىلىپ، مىڭ تىللا-

نى قوينىغا سېلىپ خۇشال - خۇرام ئۆيىگە قايتىپتۇ. مەلىكە، بوۋايدىن ئەھۋالنى ئاڭلاپ خۇشال بوپتۇ. بۇ هالقىنى مەلىكە مېھراينىڭ دادىسى ئۆز خەزىنىسىدىكى ئەڭ قىممەتلىك گۆھەر- دىن كۆز قۇيدۇرۇپ ياسىتىپ بەرگەنىكەن. بۇنداق گۆھەردىن دۇنيادا ئىككىنچىسى يوق ئىكەن. مەلىكە ئەنە شۇ مىڭ تىللاغا تامچى، ياغاچچى، نەققاشچى ۋە تۆمۈرچى ئۇستىلارنى چاقىرىپ دەريانىڭ قىرغىقىغا، خۇددى دادىسىنىڭ تەختىگە ئوخشاش را- ۋاق سالدۇرۇپتۇ ھەم ئۆزىنىڭ رەسىمىنى دەرۋازىنىڭ تۆپىسى- گە چاپلاپ قويۇپتۇ. ئارىدىن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى مەلىكىنىڭ ئىشق - پىراقىدا سەرسان بولۇپ يۈر- گەن ھېلىقى پادىشاھ، مەلىكىنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىپ قاپ- تۇ. قارىغۇدەك بولسا دەرۋازىغا مەلىكە مېھراينىڭ سۈرىتى چاپلاقلىق تۇرغۇدەك، شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ، دەرۋازىۋەنگە يېلىنىشقا باشلاپ- تۇ: «بۇ مەلىكە مېنىڭ قولۇمدىن قېچىپ كەتكەن، مەن ئۇنى مىڭ تەسلىكتە ئىزدەپ تاپتىم، مېنى كىرگۈزۈۋەتسەڭلار» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. لېكىن دەرۋازىۋەن: «سەن كىم؟ بىز سېنى تونۇمای- مىز» دەپ كىرىشكە رۇخسەت قىلماپتۇ. بىراق پادىشاھ دەرۋازى- ۋەنگە ھەيۋە قىلىپ قىلىچ ئويناتقىلى باشلاپتۇ. مەلىكە بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ كىرىشىگە ئىجا- زەت بېرىپتۇ، پادىشاھ كىرىپلا مەلىكىگە: «يۈزۈڭنى ئاچ، سەن مېنىڭ» دەپ قىلىچىنى چىقىرىپتۇ، لېكىن مەلىكىنىڭ ئادەملىرى چاققانلىق بىلەن پادىشاھنى باغلاپ، پۇت - قولىغا كىشەن سېلىپ زىندانغا تاشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنى مەلىكە يەنە بىر قولىقىدىكى هالقىنى سات- تۇرۇپ گۈزەل، مەنزىرىلىك بىر شەھەر ياسىتىپتۇ ھەم بۇ شە- ھەرگە «شەھىرى ئاۋات» دەپ نام قويۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى باشقا بىر مەملىكەت پادىشاھى سەيلى - ساياھەت قى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىپ بۇ گۈزەل شەھەرگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇ بۇ شەھەرنى ئۆ-رۈپ: «ئىسىدىغەن ئۆكتەملىك، مېنىڭ شەھىرىمگە ئوخشاش شەھەر سالدۇرغان زادى كىم؟...» دەپ خاپا بوپتۇ. ئۇ دەرۋا-زىدىكى سۈرەتنى كۆرۈپ مەلىكىگە ئاشىقى بىقارار بوپتۇ ۋە ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش نىيىتىدە كەپتۇ. ئەمما مەلىكە بۇ پادى-شاھنىڭ يامان نىيىتىدىن بىخەۋەر بولغاچقا، پادىشاھنىڭ شە-ھەرگە كىرىشىگە رۇخسەت قىپتۇ. پادىشاھ قىزنى كۆرۈپلا: «مېنىڭ ئەمرىمگە ئۆتىسىز...» دەپتۇ. مەلىكە دەرھال: «مېنىڭ ئېرىم بار. سىزنىڭ تەلىپىڭىز شەرىئەتكە دۇرۇس كەل-مەيدۇ» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ: «مەن بىر پادىشاھ تۇرۇقلۇق سېنى ئەمرىمگە ئالالمايمەنمۇ؟» دېگىنىچە قىلىچىنى يالىڭاچلاپ-تۇ. مەلىكە مۇلايىملىق بىلەن پادىشاھدىن:

«شاھىم، سىلىنىڭ نەچچە خوتۇنلىرى بار ئىكەن؟» دەپ سوراپتۇ.

پادىشاھ كۆرەڭلىك بىلەن: «يۈز خوتۇنۇم بار» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مەلىكە: «تەقسىر، سىلىنىڭ يۈز خوتۇنلىرى تۇرۇقلۇق، شۇلارنىڭ ئۈستىگە يەنە مېنى خوتۇنلۇققا ئالماقچىمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، مەلىكىگە ئېتىلىپتۇ. بىراق مەلىكىنىڭ خىزمەتچىلىرى پادىشاھنىڭ پۇت - قوللىرىغا كىشەن سېلىپ زىندانغا تاشلاپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان ئەل - جاما-ئەت مەلىكىنىڭ باتۇرلۇقىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنى پادىشاھ قىلىپ تەيىنلەپتۇ.

مەلىكە تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن قوشۇن تويلاپ دادى-سىنىڭ شەھىرىگە ئاتلىنىپتۇ. مەلىكىنىڭ قوشۇنى دادىسىنىڭ شەھىرىگە بارغاندىن كېيىن دادىسى ئۆزىگە قارشى قوشۇن كېلى-ۋاتقانلىقىنى، لېكىن ئۇلار قايسى پادىشاھنىڭ قوشۇنى ئىكەنلى-كىنى بىلمەيلا ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشقىلى قوشۇن چىقىرىپتۇ.

لېكىن ئۇلار تەڭ كېلەلمەي مەغلۇپ بوپتۇ. شەھەردە پادىشاھقا يار - يۆلەك بولغۇدەك بىرەرمۇ ئادەم چىقماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە دادىسىنىڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئېرىنى دادىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ قىلىپ تەيىنلەپتۇ. ئاندىن كېيىن ھېلىقى زىندانغا تاشلانغان ئىككى پادىشاھنىڭ شەھىرىنىمۇ ئىشغال قىلىپ، ئاخىرى مەلىكە ئۆزى «شەھىرى ئاۋات»قا، ئېرى ھېلىقى ئۈچ شەھەرگە كىرىپ پادىشاھ بولۇپ، ئەلنى ئادىل سوراپتۇ. ئەل پاراۋان بولۇپ، مەملىكەت قۇدرەت تېپىپتۇ، خەلقلەر بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇپتۇ.

(«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىل 1 - سانىدىن ئېلىندى).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شىپالىق ئوت

بۇرۇنقى زاماندا چەت بىر يېزىدا قاۋۇل ئىسىملىك بىر بالا ئۆتكەنىكەن. قاۋۇلنىڭ ئائىلىسىدە دادىسى، ئانىسىدىن باشقا بىر جەدە تاي، بىر شوخ كۈچۈكى بار ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە قاۋۇلنىڭ دادىسىنىڭ كۆزى قارىغۇ بولۇپ قاپتۇ. قاۋۇل دادىسىغا بەك ئامراق بولغاچقا، كېچە-كۈندۈز يىغلاپ، دادىسىنىڭ كۆزىگە شىپا تېپىشنى ئويلايدىغان بوپتۇ.

قاۋۇل بىر كېچىسى چۈشىدە ئاپئاق ساقاللىق لوقمان ھېكىمگە يولۇقۇپ، دادىسىنىڭ كۆزىگە داۋا قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. لوقمان ھېكىم قاۋۇلغا تەسەللى بېرىپ:

— بالام، داداڭنىڭ كۆزى چوقۇم ئېچىلىدۇ. لېكىن ئۇ ساڭا باغلىق. سەن جاپا-مۇشەققەتتىن، خەتەردىن قورقماي، چەمەن تاغقا بارساڭ، ئالۋاستىنىڭ ماكانىدا يوپۇرمىقى ئۇششاق، يىلتىزى سېرىق بىر خىل شىپالىق ئوت بار. ئەنە شۇنى ئەكېلىپ قاينىتىپ داداڭغا ئىچۈرسەڭ ۋە كۆزىگە سۈرمە قىلساڭ، دەرھال ئېچىلغۇسىدۇر. مەن ساڭا ئاق يول تىلەيمەن، — دەپتۇ.

شۇ ئەسنادا كۈچۈكنىڭ قاتتىق ھاۋشىشى بىلەن قاۋۇل ئويغىنىپ كېتىپتۇ.

دادىسىنىڭ كۆزىنى ئاچىدىغان شىپالىق ئوت قاۋۇلنىڭ

خىيالىدىن بىردەم نېرى بولماپتۇ. ئۇ مەھەللىسىدىكى چوڭلاردىن «چىمەن تاغ» نىڭ قەيەردىلىكىنى، ئۇ يەرگە قانداق بارغىلى بولىدىغانلىقىنى سوراشقا باشلاپتۇ. ئۇزۇن يىل سەپەردە يۈرگەن بىر بوۋاي:

چىمەن تاغ دېگەن بەك يىراق، ئاللاھازەل ئاتلىق ئون كۈنلۈك يول. بەش كۈنلۈك يولدا بىر تېمىم سۇ، بىر تال گىياھ ئۇچرىمايدۇ. چىمەن تاغ دېگەن جىن - ئالۋاستىلار ماكانى. ئۇ يەرگە بارغان ئادەم ساق قالمايدۇ. بالام، سەن ئەجەب بۇنى سوراپ قالدىڭغۇ؟ — دەپتۇ. قاۋۇل يىغلاپ تۇرۇپ دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بوۋاي بېشىنى چايقاپ:

— سەن تېخى كىچىك، يول بەكمۇ خەتەرلىك. بۇ نىيىتىڭدىن يان ئوغلۇم، داداڭنىڭ كۆزى ئاستا - ئاستا ئېچىلىپ قالار، — دەپ نەسىھەت قىپتۇ.

قاۋۇل دادىسى ئۈچۈن ھەر نېمە بولۇشقا رازى بولۇپ، چىمەن تاغقا بېرىش نىيىتىدىن يانماپتۇ ۋە يول تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ. بىراق ئانىسى:

— قاۋۇل بالام، ئەمدى ئون ئىككى ياشقا كىردىڭ. مۇنداق خەتەرلىك يولغا سېنى ئەۋەتىشكە كۆڭلۈم چىدىمايدۇ، بارمىغىن، — دەپتۇ.

— ياق ئانا، مەن دادام ئۈچۈن جاپادىن قورقمايمەن، دورىنى چوقۇم ئەكىلىمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىرى بىر ئاي ۋاقىتنى قەرەل قىلىپ، تېيىغا مىنىپ، كۈچۈكىنى ئەگەشتۈرۈپ يولغا چىقىپتۇ. يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ يەتتە كۈندە چىمەن تاغ ئېتىكىگە يېتىپ بېرىپ، بىر كۈن دەم ئاپتۇ.

قاۋۇل كۈچۈكىنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ، — كۈچۈكۈم، سېنىڭ ئايىغىڭ چاققان، لېكىن ئالدىراقسان سەن، يەنە ئىككى كۈندە چىمەن تاغقا يېتىمىز، شىپالىق ئوتنى ئەكىلىشكە كۈچۈڭنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىيېتى
www.uyghurkitap.com

كۆرسەت، — دەپتۇ. كۆچۈك قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ رازى بوپتۇ. قاۋۇل تايىنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ:

— تايچىقىم، تايچىقىم جاپا چەكتىڭ، يەنە ئازراق غەيرەت قىل، — دەپتۇ. تايچاق بېشىنى قاۋۇلغا سۈركەپتۇ. ئۇلار يەنە ئىككى كۈن مېڭىپ چىمەن تاغقا يېتىپتۇ. بۇ تاغ شۇنداق گۈزەل ئىكەنكى، ھەممە يېرى ياپيېشىللىققا تولغان گۈل - چىمەنلىك ئىكەن. تاي كىشنەپ، كۆچۈك ئېغناپ خۇشال بولۇشۇپتۇ.

ئۇلار ھاردۇقىنى چىقارغاندىن كېيىن قاۋۇل كۆچۈككە:

— كۆچۈكۈم، سەن بېرىپ دورىلىق ئوتنىڭ نەدىلىكىنى بىلىپ كەلگىن، شۇنىڭغا دىققەت قىلغىنكى، ھەرگىز قالايمىقان ھاۋشىما، ياۋا جانىۋارلارنى تۇتىمەن دەپ قوغلىما! بىز ئالۋاستى ماكانىدا تۇرىۋاتىمىز، — دەپتۇ.

كۆچۈك ئوتلار ئارىسىغا شۇڭغۇپ، دورىلىق ئوتنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. بىر ئاش پىشىمدىن كېيىن، قايتىپ كېلىپ غىڭشىغىنىچە بۇ دورىلىق ئوتنى ئالۋاستىنىڭ بەك قاتتىق ساقلايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپتۇ.

قاۋۇل غەمگە چۆككەن ھالدا ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى ئالۋاستىنىڭ گۈلدۈرمامىدىن قورقىدىغانلىقىنى ئەسلەپتۇ — دە، ئاسماندا قارا بۇلۇت پەيدا بولۇشىنى كۈتۈپتۇ.

بىر كۈندىن كېيىن تاغنى تۇمان قاپلاپ، چاقماق چېقىپ گۈلدۈرلەشكە باشلاپتۇ. قاۋۇل خۇشال كەيپىياتتا تايىنى يېتىلەپ، كۆچۈككە ئەگىشىپ يولغا چىقىپتۇ. ئالۋاستىلار گۈلدۈرمامىدىن قورقۇپ، تاغ ئۆڭكۈرلىرىگە مۆكۈنۈپتۇ. قاۋۇل ئاخىرى شىپالىق ئوتنى تېپىپ يۇلماقچى بوپتۇ. لېكىن شۇ چاغدا كۆچۈك پۇتلىرى بىلەن يېلتىز تۇۋىنى تاتىلاپتۇ.

قاۋۇل تاي ۋە كۆچۈك بىلەن بىرلىشىپ تارتىپ ئاخىرى شىپالىق ئوتنى يۇلۇپتۇ — دە، ئاندىن:

— تايچىقىم، بار كۈچۈڭ بىلەن چاپ! — دېگىنىچە سەكرەپ تايغا مىنىپتۇ. تايچاق ئۇچقاندەك چېپىپ ئىككى كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە بېسىپتۇ. ئۇلار دەم ئېلىۋاتقاندا قاۋۇل:
— كۈچۈكۈم، سېنىڭ ئايىغىڭ چاققان، ئەگەر ئالۋاستىلار قوغلاپ كەلسە، سەن دورىنى ئالغىن — دە، يۈگۈرگىن، بىز تاي بىلەن ئالۋاستىنى توسىمىز، — دەپتۇ.
— ياق، سىلەر مېڭىڭلار، ئالۋاستى كەلسە مەن ئۇنىڭ پۇت سىڭىرىنى چىشلەپ ماڭالماس قىلىۋېتىمەن، — دەپتۇ.
ئۇلار يەنە يولغا چىقىپ مېڭىپ مەھەللىگە كېلىشكە ئىككى كۈن قالغاندا ئىچىدىغان سۇيى، يەيدىغان ئوزۇقى تۈگەپ كېتىپتۇ. تايمۇ ھېرىپ ئاران مېڭىپتۇ.
قاۋۇل بۇ ئەھۋالدا يۈرتىغا بارالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، كۈچۈككە:
كۈچۈكۈم، سەن كېتىۋەر، بېرىپ بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى ئۆيگە خەۋەر قىل، — دەپتۇ. كۈچۈك يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. قاۋۇلمۇ ئارقىدىن تاينى يېتىلەپ مېڭىۋېرىپتۇ.
ئەمدى گەپنى مەھەللىدىن ئاڭلايمىز.
قاۋۇلنىڭ ئانىسى يىگىرمە نەچچە كۈندىن بېرى مەھەللە چېتىدىكى دۆڭگە چىقىپ تاقەتسىزلىك بىلەن قاۋۇلنىڭ يولىغا قاراپتۇ. قاۋۇلنىڭ ئاغىنىلىرىمۇ ئۇنىڭ يولىغا تەقەززا بولۇۋاتقاندا، كۈچۈك جانىۋار تىللىرىنى غېرىچ ساڭگىلاتقان ھالدا يېتىپ كېلىپ ئانىنىڭ پېشىدىن تارتىپتۇ.
قاۋۇلنىڭ ئاغىنىلىرى ئوزۇقلۇق ئېلىپ، قاۋۇلنىڭ ئالدىغا قاراپ ئات چاپتۇرۇپتۇ. ئۇلار يېرىم كۈن ماڭغاندا قۇم ئۈستىدە قىينىلىپ، ئۈمىلەپ كېلىۋاتقان قاۋۇلنى كۆرۈپتۇ — دە، چاپسان بېرىپ ئۇنىڭ گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىگە سۇ تېمىتىپ، ئوزۇقلاندۇرۇپتۇ.
قاۋۇل ئاغىنىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەھەللىگە قايتىپ كەلگەندە، ئەھلى جامائەت قاۋۇلنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ، ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باتۇرلۇقىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. شىپالىق ئوتنى قايناتىپ دادىسىغا ئىچكۈزۈپتۇ ۋە كۆزىگە سۈرمە قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بوۋاينىڭ كۆزى ئېچىلىپتۇ. بوۋاي خۇشاللىقىدا قاۋۇلنى باغرىغا بېسىپتۇ.

(«شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىنىڭ 1984 - يىل 13 - يانۋار سانىدىن ئېلىندى).

# تۆت تال بۇغداي

بۇرۇنقى زاماندا ناھايىتىمۇ باي بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن. ئۇ-نىڭ بەكرى ئىسىملىك بىرلا ئوغلى بولغانىكەن. ئاتىسى ئالەم-دىن ئۆتكەندىن كېيىن، بەكرى ئۇنىڭدىن قالغان تاغار - تا-غار ئاشلىقلارنى بىر - ئىككى يىلدا بۇزۇپ - چېچىپ تۈگىتىپ، بەكمۇ غۇربەتچىلىكتە قاپتۇ. يەيدىغىنى تۈگەپ، ھەريان چېپىپ ھېچ ئامال قىلالماپتۇ، ئاخىرى بىر تاغارنى قولتۇقىغا قىسىپ سە-پەرگە ئاتلىنىپتۇ.

بەكرى يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ، بىر كۈنى ئۆگزىدە بۇغداي سورۇۋاتقان بىر دېھقاننى يولۇقتۇرۇپتۇ. قارى-سا ھېلىقى دېھقان شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن تۆت تال بۇغداينى ئېرىنمەي ئۆگزىدىن چۈشۈپ ئالغىنىغا تېرىپ ئېلىپ، يەنە ئۆگ-زىگە چىقىپ كېتىپ بارغۇدەك. بۇنى كۆرگەن بەكرى: «بۇ بىر كېپىنى تېزدىن ئاشمىغان بىچارە ئوخشايدۇ، بۇنىڭدىن ئاش سورىغىچە يولۇمغا ماڭاي» دەپ ئويلاپتۇ.

بەكرىنىڭ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن دېھقان!

—ھەي ئوغلۇم، ساڭا نېمە بولدى، سالام - سائەتىڭمۇ يوق ئۆتۈپ كېتىۋاتىسەنغۇ؟— دەپ ۋارقىراپتۇ.

بەكرى ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ھەم ھازىر دېھقاننىڭ ئىشىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بې-

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

رىپ، ئۆزىنىڭ كۆپ گەپ قىلماي يولغا راۋان بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپتۇ.

—ھە، «ئۈنچە - مارجان تاش ئىكەن، ئارپا - بۇغداي ئاش ئىكەن» دېگەننى ئاڭلىمايمىدىڭ.— دەپ ھېكايە قىپتۇ دېھقان،— مەنمۇ كاتتا سودىگەرنىڭ بالىسى ئىدىم، بىر قېتىم كېمىلەرگە مال قاچىلاپ، يىراق سەپەرگە چىقتۇق. دېڭىزدا قاتتىق بوران چىقىپ يولدىن ئېزىپ ئادەمزاتسىز بىر ئارالغا چىقىپ قالدۇق. شۇ چاغدا كېمىدىكى ھەممە مال - دۇنيالار بىز ئۈچۈن يۈك بولۇپ، كېمىنىڭ بۇلۇڭىدا تاشلىنىپ قالغان بىر قاپ بۇغداي جېنىمىزنى ساقلاپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ بىر تال دان كۆرسەممۇ ئېرىنمەي ئېگىلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇ. بېشىڭغا كۈن چۈشكەن بولسا ئەكەل تاغىرىڭنى،— دېھقان شۇنداق دەپ بەكرىنىڭ تاغىرىغا كۆتۈرەلىگۈچىلىك بۇغداي قاچىلاپ بېرىپتۇ.

دېھقاننىڭ سۆزلىرى بەكرىنى قاتتىق ئويغا سېپتۇ. ئۇ ھېلىقى بۇغداينىڭ يېرىمىنى ئوزۇق قىلىپ، يېرىمىنى شۇ يىلى تېرىپتۇ. كۈزدە بىر تال دانىنىمۇ زايە قىلماي يىغىۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، يىلدىن - يىلغا ئاشلىقى كۆپىيىپتۇ. بالا - چاقىلىق بولۇپ كۈنلىرى بەختلىك ئۆتۈپتۇ.

«بەكرى قانداق قىلىپ بېيىپ كەتتىڭ؟» دەپ سورىغانلارغا ئۇ: «ئاشنى خارلىغاننىڭ ھالىغا ۋاي، ئاشنى قەدىرلىگەن بولۇر باي» دەپ جاۋاب بېرىدىغان بوپتۇ.

(«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىل 2 - سانىدىن ئېلىندى).

## يەككە تاز بىلەن يەتتە تاز

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىدا، بىر شەھەردە خۇدا بەردى ئىسىملىك بىر ياماقچى ئۆتكەنىكەن.

ئۇ ئايالى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، يەتتە ئوغلىنى ئۆزى بېقىپ چوڭ قىپتۇ، خۇدابەردى ئۆزىنىڭ كەسپىگە بالىلىرىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىنى دائىم ئويلايدىكەن، ئەمما ئوغۇللىرى بۇنى ئويلاپمۇ قويمايدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى خۇدابەردى كۆڭلىدىكىنى بالىلىرىغا ئېيتىپتۇ.

— ئاۋۋال ئاكىمىز ئۆگەنسە بىزمۇ بىر - بىرلەپ ئۆگىنىمىز، — دېيىشىپتۇ بالىلارنىڭ كىچىكلىرى.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، خۇدابەردى قېرىپ مۈكچىيىپتۇ، ئوغۇللىرى بولسا ئويۇن - تاماشىغا بېرىلىپ كېتىپ ئاتىسىنىڭ ھۈنىرىنى ئۆگىنەلمەپتۇ. بالىلىرىدىن كۆڭلى قالغان خۇدابەردى دوست - يارەنلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر خوتۇنغا ئۆيلىنىپتۇ ۋە بۇ خوتۇندىن بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ. ئايالىنىڭ تىجەشلىك بىلەن ئۆي تۇتۇشى ۋە چەبدەسلىكى ئارقىسىدا ئۇلارنىڭ ھال - ئوقىتى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپتۇ.

«يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك، شۇ كۈنلەردە ياماقچى خۇدابەردىنىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپتۇ. ئۇ چوڭ بالىلىرىغا ئىلگىرىكى تەلىپىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىپكتى
www.uyghurkitap.com

ئېيتقانىكەن، ئۇلار «ھە» دەپلا قويۇپتۇ. يەنىلا ئۆزىنىڭ ئويۇن-تاماشىسى بىلەن بولۇۋېرىپتۇ، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي خۇدابەردى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

خۇدابەردى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يەتتە ئوغلى بىلەن كېيىنكى يەككە ئوغلى ئارىسىدا مىراس تالىشىش باشلىنىپتۇ. يۇرت - جامائەت خۇدابەردىنىڭ بارلىق دەپنە - دۇنياسىنى توققۇز ئۈلۈش قىلىپ، يەتتە ئوغلىغا يەتتە ئۈلۈش، ئانا-بالىغا بولسا ئىككى ئۈلۈشنى بۆلۈپ، دەۋانى لىللا ئايرىپ قويۇپتۇ.

يەتتە ئوغۇل ھويلا ئىچىدىكى بىر ئېغىز ئۆيدە لىڭگىرچاق ياساپ ساتىدىكەن. ئۇلارنىڭ بازارغا ئاپارغان ماللىرى كۈندىن - كۈنگە كاساتلىشىپتۇ. يەككە تازنىڭ ياسىغان لىڭگىر چاقلىرى بازارغا كىرىش بىلەنلا سېتىلىپ تۈگەيدىكەن. بۇنى كۆرگەن يەتتە تازنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى تارلىق قىلىپ، بىر كۈنى كېچىدە ئۇلار مەسلىھەتلىشىپتۇ، ئۇلار يەككە تازنىڭ ياسىغان لىڭگىرچاقلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. ئەتىسى يەككە تاز ئورنىدىن تۇرۇپ قارىغۇدەك بولسا، لىڭگىرچاقلىرىنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ كۈل بولغانىكەن، ئۇ بۇنى يەتتە تازنىڭ قىلغانلىقىنى جەزىم قىپتۇ - دە، ئىككىلىنىپ تۇرماستىن لىڭگىرچاقنىڭ كۈلىنى ئىككى تاغارغا سېلىپ يەكشەنبە كۈنى سەھەردە بازارغا ئېلىپ كەپتۇ. كۆرگەن - بىلگەنلەر ئۇنىڭدىن:

— ھەي تاز، تاغىرىڭدىكى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

يەككە تاز:

بىر تاغاردىكى زىنچە ئالتۇن، يەنە بىر تاغاردىكى كېپەك ئالتۇن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بازار ئەھلىدىن بىرەيلەن ھەيران بولۇپ، «كېپەك ئالتۇن قانداق بولىدىغاندۇ؟» مەيلى ئالسام ئالاي، دەپ بىر تاغىرىنى ئون چارەكتىن، ئىككى تاغىرىنى يىگىرمە چارەك ياكيۇغا سېتى-

ۋاپتۇ، يەككە تاز ھېلىقى كىشىگە:

— ئاغزىنى ھازىر ئاچماي ئۆيگە ئاپىرىپ ئاچسىلا، بولمىسا بۇنى كۆرگەنلەر كۈلۈپ قويسا زىغىچە ئالتۇن كېپەك ئالتۇن كۆمۈرگە، ئالتۇن كۈلگە ئايلىنىپ قالىدۇ، — دەپتۇ ۋە ئىككى تاغار ياڭيۇنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇ بىر داس ياڭيۇنى يۇيۇپ، تازىلاپ قازانغا سېلىۋاتقاندا، يەتتە تاز پايدا - مەنپەئەت توغرىسىدا بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي ئۆيگە كىرىپ كەپتۇ - دە، يەككە تازنىڭ ئوچاق بېشىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھەي تاز، بۇ ياڭيۇلارنى نەدىن ئالدىڭ؟

— سىلەر لىڭگىرچاقلىرىمنى كۆيدۈرۈپ ياخشى قىلغان ئىكەنسىلەر، مەن ئۇنىڭ كۈلى بىلەن كۆمۈرىنى تاغارغا قاچىلاپ ياڭيۇغا تېگىشىپ ئەكەلدىم. مانا بۇ قازانغا سالغان ياڭيۇلار لىڭگىرچاقنىڭ كۈلىگە كەلگەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇلار بۇنىڭغا ھەيران قاپتۇ ۋە ئۆزلىرىمۇ شۇنداق قىلماقچى بوپتۇ. يەتتە تاز ئۆزلىرى ياساپ پۈتتۈرۈپ قويغان لىڭگىرچاقلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ، كۆمۈر بىلەن كۈلىنى ئايرىپ ئون تۆت تاغارغا قاچىلاپ، قوشنىلىرىنىڭ بىرقانچە ئېشەكلىرىنى ئىشامتىشكەمايلىۋېلىپ، بازار كۈنى سەھەردە «يارەببىم ئاللاھ» دەپ شەھەرگە راۋان بوپتۇ. ئۇلار بازارغا يېتىپ كېلىپ، تۆت كوچىنىڭ تۆت دوقمۇشىغا بېرىپ «ماللىرى»نى قاتار تىزىپ قويۇپتۇ ۋە كانىيى يىرتىلغۇدەك توۋلاپتۇ:

— خېرىدار كۆزۈك بولسا كۆرەرسەن، زىغىچە ئالتۇن بىلەن كېپەك ئالتۇن ساتىمىز، نەرخى ئەرزان، سۈپىتى ئوبدان...

ئۆتكەن ھەپتە يەككە تازدىن «مال» ئېلىپ ئۇتتۇرۇۋەتكەن ھېلىقى خېرىدار كېلىپ قارىغۇدەك بولسا ئىش ئۆتكەنكىدەك ئىكەن، خېرىدار شۇ جايدىلا غوۋغا چىقىرىپتۇ، يەتتە

تـازنىڭ سىرىنى پاش قىپتۇ. بۇ گەپ قۇلاقتىن ـ قۇلاققا ئۆتۈپ ئاخىرى يۇرت باشلىقىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇ يەتتە تازنى ئۇرۇپ، ھەر بىرىگە بەش تىللادىن جەمئىي ئوتتۇز بەش تىللا جەرىمانـە قويۇپ، ئىشەكنى جەرىمانە پۇلىغا ھېسابلاپ يەتتە تـازنـى قۇرۇق قول بازاردىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. ئۇمـ-رىدە بۇنداق رەسۋاچىلىقنى كۆرمىگەن يەتتە تـازنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، يەككە تازنى ئۆلتۈرۈش پىلانىنى تۈزۈپتۇ، ئۇلار ئاخىرى ئىككى چارەك بۇغداي ئۇنىدا قۇيماق سېلىپ، ئىككى ـ ئۈچ تا-غارغا قاچىلاپتۇ، ئوتتۇرانچى تاز ئەقىل كۆرسىتىپ مۇنداق دەپتۇ:

ـــ بۇ يەككە تازنى مۇشۇ قۇيماق سالغان تاغارغا سېلىپ، ئېلىپ ماڭايلى، ئۇنداق قىلمىساق بۇ ئىشنى خەلقى ئالەم بىلىپ قالسا رەسۋا بولىمىز.

قالغان ئالتە تاز بۇنىڭ ئەقلىگە بارىكاللا ئېيتىپتۇ ۋە شۇنداق قىپتۇ.

ئۇلار مېڭىپتۇ ـ مېڭىپتۇ، بىر يەرگە كەلگەندە چوڭ بىر دەرياغا دۇچ كەپتۇ، ئۇلار يەككە تاز سولانغان تاغارنى دەريا بويىغا قويۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى مەھەللىگە بېرىپ قېتىق تې-پىپ ئىچىپتۇ. يەككە تاز تـاغاردىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى كۆز-لەپ، تاغارنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ تۇۋلاپتۇ. يېقىن ئەتراپتا بىر ھا-رامزادە تاز قوي بېقىۋاتقۇدەك، ئۇ بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ «نېمە» ئىشتۇ دەپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە كەلسە بىر تاغار تۇرغۇدەك، مالچى تاز تاغارنى ئاچقانىكەن، ئىچىدىن بىر تـاز چىقىپ ھې-لىقى مالچى تازغا ھەجىيىپ قاراپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن:

ـــ ئاداش قۇيماق يەمسىلە؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ـــ بەرسەڭلا يەيمەن، ـــ دەپتۇ مالچى تاز.

يەككە تاز:

ـــ ئۇنداق بولسا تاغارنىڭ ئىچىگە كىرىپ يەڭلار، بولمىسا

ئاكام كۆرۈپ قالسا يېگۈزمەيدۇ، دەپتۇ.

ــ ئۆمرىدە قۇيماق يەپ كۆرمىگەچكە ماقۇل بولۇپ تاغارنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن يەككە تاز تاغارنىڭ ئاغزىنى چىگىپ قويۇپ، مالچى تازنىڭ قويلىرىنى ھەيدەپ كېتىپ قاپتۇ. يەتتە تاز قايتىپ كېلىپ تاغارنى دەرياغا تاشلاپتۇ. ئۇلار ئۆيگە ماڭايلى دەپ تۇرۇشىغا يەككە تاز بىر پادا مالنى ھەيدەپ كېلىۋاتقۇدەك، ئۇلار سىنچىلاپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆزلىرى سۇغا تاشلىۋەتكەن يەككە تاز ئىكەن، چوڭ تاز:

ــ ياپىرىمەي! ماۋۇ تازنىڭ يامانلىقىنى، ھازىر دەرياغا تاشلىۋەتسەك، ئۇياقتىن بىر پادا مالنى ھەيدەپ كېلىۋاتىدۇ ـ يا؟ ــ دەپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

ــ ھەي تاز، قوينى نەدىن تاپتىڭ؟ يەككە تاز:

ــ ھەي ئاكىلا،سىلەر مېنى دەرياغا تاشلىۋەتكەن ئىدىڭلار، دەرياغا چۈشۈپ قارىسام دەريانىڭ ئاستىدا نۇرغۇن مال بار ئىكەن، ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي كېلىپ: «كۈچۈكنىڭ يېتىشچە ئېلىپ مال قىلىۋال» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ مالـ لارنى ھەيدەپ چىقتىم، ــ دەپتۇ.

ــ يەنە بارمىكەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ يەتتە تازنىڭ بىرى.

ــ بار ئىكەن، بار بولغاندىمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. ھەر سېمىز، ھەر سېمىز قويلار ئوتلاپ يۈرىدۇ، ــ دەپتۇ يەككە تاز. ئۇلار يەككە تازنىڭ گېپىنى «راست» دەپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپتۇ. يەككە تاز ھېلىقى مالچى تازنى ئىزدەپ دەريانىڭ بىر يېرىدىن تېپىۋېلىپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ماللىرىنى قولىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا كۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتىپ كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئارىسىدا: «ئورىنى كىم كولىسا ئۆزى چۈشەر» دېگەن ماقال تارقالغان ئىكەن.

(«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىل 4 - سانىدىن ئېلىندى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئىگەمبەردى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا توقسۇنباي دېگەن بىر مەرگەن ئۆتكەنىكەن. ئەل - يۇرت ئۇنى: «ئاتقان ئوقى زايە كەتمەيدۇ» دەپ تەرىپلىشىدىكەن. توقسۇنباي يەتمىش ياشقا كەلگەندە، قوزۇقتا يىگىرمە يىل ئىشلىتىلىق تۇرغان ئوقيانى قايتا قولىغا ئېلىپ، ئۆزىنى بىر سىناپ باقماقچى بولۇپ يەنە ئوۋغا چىقىپتۇ.

توقسۇنباي ئېتىغا مىنىپ، بىر بەلدىن ئېشىپ ئوتلاۋاتقان بىر توپ كېيىكنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قاپتۇ. ئوقيارىنى ئوقلاپ، ئەڭ چەتتە ئوتلاۋاتقان بىر كېيىكنى ئېتىپتۇ. كېيىك شۇ يەرگىلا يىقىلىپتۇ. توقسۇنباي: «خۇدا ماڭا ئۆزۈن ئۆمۈر بېرىپسەن، كۆز نۇرۇمدىنمۇ ئايرىماپسەن» دەپ خۇداغا شۈكرى ئېيتىپ، كېيىكنى بېسىپ بوغۇزلىۋاپتۇ. ياش ۋاقتىدىكى ئادىتى بويىچە كېيىكنىڭ ئىچىنى يارماستىن تۆشىنى ئايرىپ ئاپتۇ، ئازراق كاۋاپ قىلماق بولۇپ، بىر پارچە گۆشنى ئەمدىلا كېسىۋېلىپ قولىغا ئېلىشىغا، گۆش چاچراپ چىقىپ كېسىلگەن ئورنىغا بېرىپ يېپىشىپ قاپتۇ. كېيىكنىڭ تاش ئۈستىدە تۇرغان تۆشىمۇ سىيرىلىپ چۈشۈپ، كېيىكنىڭ گەۋدىسىگە يېپىشىپ قاپتۇ. كېيىك ساپساق بولۇپ ئەسلىگە كېلىپ، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ قېچىپتۇ. بۇ كارامەتكە توقسۇنباي ھەيران بولۇپ:

— ئەي كېيىك، ھېچ بولمىغاندا بۇ سىرنىڭ باش ئاخىرىنى بولسىمۇ بىلىپ قالاي، زادى ھايۋانمۇ سەن، شەيتانمۇ؟! — دەپ

سوراپتۇ. كېيىك كەينىگە قاراپ:

— مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئىگەمبەردىدىن سورا! — دەپتۇ-دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

توقسۇنباي تېخىمۇ ھەيران بولۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. بۇ سىرنىڭ تېگىگە يەتمەك بولۇپ يىراق - يېقىندىكى ئىگەمبەردى ئىسىملىك كىشىلەرنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ، بۇ ئەتراپتا ئۇنداق ئادەم يوقكەن. ئىزدە - ئىزدە چەت ياقىدىكى بىر مەھەللىگە بېرىپ قاپتۇ. بۇ يەردە ئىگەمبەردى ئىسىملىك ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي بارئىكەن، بوۋاي مېھماننى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن قارشى ئاپتۇ، تاماقتىن كېيىن، توقسۇنباي ھېلىقى كېيىكنىڭ ۋەقەسىنى سۆزلەپ، بۇ ئىشنىڭ سىرىنى سوراپتۇ.

ئىگەمبەردى ساقىلىنى سىيلاپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ - دە، ئاخىرىدا: «خۇدا مېنىڭ سىرىمنى ئادەمزاتقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، بۇ كېيىكنى سىلىگە يولۇقتۇرۇپتۇ. ئەمدى ئېيتمىسام بولماس» دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ.

— ياش چاغلىرىم ئىدى، — دەپ ھېكايە قىپتۇ ئىگەمبەردى، — ئاتام ماڭا بىر باينىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرمەكچى بولدى، قېيىن ئاتام بىزگە ئاتاپ يېڭى ئۆي سالغانىكەن. ئۆز ئاتامنىڭ رازىلىقى بىلەن قىزنىڭ ئۆيىگە ئوغۇاچلاپ كىردىم. توي كۈنى مېنى يېنىغا ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن بارمىقىدىن بىر تال ئۈزۈكنى چىقىرىۋالدى - دە، «قامچا بولۇپ كەت!» دېدى. ھېلىقى ئۈزۈك قىزنىڭ قولىدا قامچىغا ئۆزگىرىپ قالدى. ئۇ ماڭا قاراپ «بۈركۈت بولۇپ كەت!» دەپ بىر قامچا ئۇرۇۋىدى، بىر بۈركۈتكە ئايلىنىپ قالدىم.

ئۇچتۇم، ئۇچتۇم. تاڭ سەھەردە بىر كىشىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدىكى باراڭغا قوندۇم. ئۆي ئىگىسى مېنى كۆرۈپ: «تازىمۇ قىران بۈركۈت ئىكەن» دەپ تۇتۇپ ئۇۋىغا سالدى. كۆزۈمگە كۆرۈنگەننىڭ ھەممىسىنى ئالدىم. ھېلىقى كىشى بارغانسېرى بېيىپ، ئىززەت - ھۆرمەت تاپتى. پۇتلىرىمغا ئالتۇندىن زەنجىر-

www.uyghurkitap.com

لەرنی بېكىتتى. بىر كۈنی: «مۇشۇ ئالتۇن زەنجىرنی قىزغا ئېلىپ بارسام، بەلكىم مېنی ئۆز ئەسلىمگە قايتۇرار» دېگەن ئۈمىدتە ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۈم — دە، قىزنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ قوندۇم. قىز مېنی كۆرۈپ، — ھەي جانىۋىرىم كەلدىڭمۇ؟ — دەپ قولغا ئېلىپ باش — كۆزۈمنی سىيلاپ، پۇتۇمدىكی ئالتۇن زەنجىرنی يېشىۋالدی. ئاندىن ھېلىقی ئۈزۈكنی بارمىقىدىن چىقىرىۋېلىپ قامچىغا ئايلاندۇردی — دە، ئىت بولۇپ كەت! دەپ ماڭا بىر قامچا ئۇردی. مەن يوغان بىر ئىتقا ئايلىنىپ قالدىم.

ئۆز تەقدىرىمدىن ھەسرەتلىنىپ بېشىم قايغان تەرەپكە ماڭدىم. يېرىم كېچە بولغاندا سەككىز كىگىز ئۆي تىكىلگەن بىر قويچىلار مەھەللىسىگە يېتىپ كېلىپ، مال قورۇلىرىنىڭ چېتىدە ياتاتتىم، بىر چاغدا ئۇپۇر — توپۇرچىلىكتىن ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام، قويلارغا بۆرە تەگكەنىكەن. بىر توپ بۆرە بىلەن ئېلىشىپ ھەممىسىنی تالاپ يىقتىم. تاڭ ئاتقاندا قويچىلار ئويغىنىپ، قاشانىڭ ئەتراپىدىكی بۆرە ئۆلۈكلىرىگە قاراپ ھەيران بولۇپ قېلىشتى، بىر قېرى قويچىنىڭ ماڭا كۆزی چۈشۈپ: «قاراڭلار، بۇ كىمنىڭ ئىتىدۇ؟ بىزنی كېچە كەلگەن بالا — قازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ!» دېدی.

شۇ كۈندىن باشلاپ قويچىلارنىڭ ئەتىۋارلىق ئىتی بولۇپ قالدىم، ئۇلار مېنی كۆڭۈل قويۇپ باقتی. مەن بولغاچقا كېچىلىری بەخىرامان ئۇخلايدىغان بولدی. ماللىری كۆپىيىپ قورۇغا سىغمىغانلىرىنی سېتىپ ئالتۇنغا ئالماشتۇرۇشتی. بىر كۈنی قويچىلار ئارىسىدا بۇ ئالتۇنلارنی بۆلۈشۈۋېلىش توغرىسىدا ماجىرا چىقتی. شۇ چاغدا ھېلىقی قېرى قويچی:

— ھەي قويچىلار، بىزگە نېمە يېتىشمەيدۇ، بۇ ئالتۇننی بۆلۈشۈپ نېمە قىلىمىز، ئۇنىڭدىن بۇنی سادىق ئىتىمىزنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويايلی، بۇ كەلگەندىن بېری مېلىمىز ئامان، تۇرمۇشىمىز تىنچ بولۇپ قالدی، — دېدی.

قويچىلار تېرىدىن ھەميان تىكىپ ئۇنىڭ ئىچىگە ئالتۇنلار-
نى تىقىپ بويىنۇمغا ئېسىپ قويۇشتى. «ئەمدى بۇ ئالتۇنلارنى
ئاپىرىپ بەرسەم قىز ئىنساپقا كېلىپ مېنى ئەسلىمگە قايتۇرار»
دېگەن خىيالدا شۇ كۈنى قويچىلار مەھەللىسىنى تاشلاپ، ئايا-
لىمنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلدىم. ئايالىم باش - كۆزۈمنى سىلاپ،
بويىنۇمدىن ھەميانىنى يېشىپ ئالدى - دە، يەنە ئۈزۈكنى قام-
چىغا ئايلاندۇرۇپ: «مۈشۈك بولۇپ كەتكىن» دەپ شىلتىدى. شۇ
زامان مۈشۈك بولۇپ قالدىم. تالاغا يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئەمدى
قېچىپ نەگە بارارمەن، — دەپ ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كەلدىم -
دە، ئۆيگە ئاستا قايتىپ كېلىپ، ساندۇقنىڭ ئاستىغا مۆكۈنۈۋالدىم.

ئايالىمنىڭ بىر موماي خىزمەتكارى بولۇپ، ئۇنىڭ چىرا-
يى تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. بىر چاغدا ئۆيگە شۇ موماي
كىرىپ كەلدى. كۆڭلۈمگە: «ھەممە شۇملۇقنى تېرىۋاتقان مۇشۇ
جادۇگەر بولسا كېرەك» دېگەن گۇمان چۈشتى - دە، ئۇنىڭ
كۆزلىرىنى مورلاپ ئويۇۋەتمەكچى بولۇپ، سەكرەپ مورىسىگە
چىقىۋالدىم. ئۇ چۆچۈپ ماڭا قاڭاپ:

— ئەي، سەن ئىنگەمبەردى ئەمەسمۇ؟ ماڭا چېقىلما، سى-
نىڭ بېشىڭغا چۈشكەن كۈنلەرنى بىلىمەن. ئۇ قىزنىڭ سەندىن
باشقا ئوينىشى بار، ھەر كۈنى شۇ يىگىتى بىلەن كۆڭۈل ئاچى-
دۇ. قىزنىڭ خىيالى سېنى كۆزدىن يوقىتىش، ئىشەنمىسەڭ،
قىز ياتىدىغان ھۇجرىغا كىرىپ باقاپ تۇر، ئۇلار قۇچاقلىشىپ
يېتىپ ئۇيقۇغا كەتكەندە قىزنىڭ ئاغزىغا قۇيرۇقىڭنى سۈركە،
ئۇ ھېلىقى ئۈزۈكنى كېچىسى ئاغزىغا سېلىپ ياتىدۇ. قۇيرۇقىڭنى
سۈركىسەڭ كۆڭلى ئاينىپ قەي قىلغاندا ئۈزۈكمۇ يەرگە چۈشى-
دۇ. ئۈزۈكنى ئېلىپ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى كۆك تاشقا: «ئەمدى
ئىنگەمبەردى بولىمەن» دەپ سۈركىسەڭ ئەسلىڭگە قايتىسەن، —
دەپتۇ.

مومايىنىڭ سۆزىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېگىنىچە قىلىۋېدىم، راستىنلا ئەسلىمگە قايتتىم. ئۈزۈكنى قامچىغا ئايلاندۇرۇپ، ئويۇنىشى بىلەن قوچاقلىشىپ ياتقان ئايالنىڭ قېشىغا كېلىپ: «تۆگە بولۇپ كېتىڭلار!» دەپ شىلتىۋېدىم. ئۇلار ئەركەك - چىشى بىر جۈپ تۆگىگە ئايلاندى. ئۆيدىكى مال - مۈلۈكلەرنى تۆگىلەرگە ئارتىپ ئۆز ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم.

ئاتا - ئانام مېنىڭ خەۋىرىمنى ئالالماي بىر كۆزى ياش، بىر كۆزى قان ھالەتتە تۇرغانىكەن. خۇشال كۆرۈشتۇق. تۆگىدىكى ماللارنى چۈشۈرۈپ، ئۈزۈكنى يەنە قىلىچقا ئايلاندۇرۇپ، كېيىك بولۇپ كېتىڭلار! — دەپ تۆگىلەرگە شىلتىۋىدىم، تۆگىلەر كېيىككە ئايلىنىپ چۆلگە چىقىپ كېتىشتى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇلارنى يولۇقتۇرمىغانىدىم. ئۇ ئىشنىمۇ ھېچبىر كىشىگە تىنمىغانىدىم. بەلكىم سىزگە يولۇققان كېيىك شۇ كېيىكلەرنىڭ بىرىدى بولسا كېرەك.

ئىنگەمبەردى ھېكايىسىنى شۇ يەردە تۈگىتىپتۇ. توقسۇنباي: «يائاللا شۇنچىلىك ۋاقىت ئوۋچىلىق قىلىپ يۈرۈپ بۇنداق ۋەقەنى ئاڭلىمىغان ئىكەنمەن» دەپ ئىنگەمبەردىگە رەھمەت ئېيتىپ قايتىپتۇ.

(«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىل 6 - سانىدىن ئېلىندى.)

# قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ مەلۇم بولىدۇ

قەدىمكى زاماندا كۆنچى دەرياسى ياقىسىدا قارلۇق ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ شاھلىق تاجى ئاتىسىدىن مىراس قالغانىكەن. قارلۇق شاھ ئۆمرىدە ئوتتۇز ئۈچ خوتۇن ئالغان بولسىمۇ، يېنىدا پەقەت بىرلا خوتۇنىنى ساقلايدىكەن. چۈنكى بىر خوتۇننى ئالىدىكەن - دە، بىر يىلغىچە تۇغمىسا، «تۇغمىدىڭ» دەپ قوغلايدىكەن؛ تۇغسا، يەنە بىرنى تۇغۇپ قالسا مەندىن كېيىن قالسا شاھلىق تالىشىدۇ، دېگەن باھانە بىلەن ئۇنىمۇ ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىدىكەن. قارلۇق شاھ ئۆزىنىڭ شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تاجىغا تايىنىپ خالىغان خوتۇن - قىزلارنى ئاياغ - ئاستى قىلىدىكەن.

قارلۇق شاھ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن تۇنجى خوتۇنىدىن بىر قىز پەرزەنت كۆرگەن بولۇپ، بۇ قىزنىڭ ئىسمىنى ئانىسىنىڭ ئىسمىغا ماسلاشتۇرۇپ ئايقىز دەپ قويغانىكەن. كېيىنچە ئايخان دەپ چاقىرىدىغان بوپتۇ.

ئايقىزنىڭ ئانىسى ئاتىخان، پادىشاھنىڭ زۇلمىغا چىدىماي شەھەردىن يىراق بىر مەھەللىگە كۆچۈپ بېرىپ، ناھايىتى غۇربەتچىلىكتە نامرات تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئېغىر نامراتلىق تۇرمۇش شارائىتى ئاستىدىمۇ بۇ قىز ناھايىتى چىرايلىق، گەرچە كىيىملىرى يىرتىق بولسىمۇ پەرىزاتتەك گۈزەل چوڭ بوپتۇ.

قىز بۇيىغا يېتىپ قالغان كۆنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالىدىكەن. بۇ قارلۇق پادىشاھنىڭ شىكاردىن قايتقان ۋاقتى بولۇپ، قىزنى كۆرۈش بىلەنلا قورسىقىغا جىن كىرىپتۇ.

بۇ كۈنلەردە قىزنىڭ ئانىسى ئاتىخان بايلارنىڭ ئىشىنى قىلىپ، ئەگەر ئىش تېپىلمىسا تىلەمچىلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرگەن بولغاچقا، شۇ كۈنىمۇ قىزنىغا تالالا - تۈزگە چىقماسلىقنى تاپىلاپ سىرتقا ئىش ئىزدەپ چىقىپ كەتكەنىكەن.

پادىشاھ ھەمراھلىرىغا ئاستاراق مېڭىپ تۇرۇشنى، ئۆزى بۇ ئۈچۈيلىپلا يېتىشۋالىدىغانلىقنى ئېيتىپ يولدىن قايرىلىپ، نېمىگىدۇر ئەنسىرىگەندەك ئۆيگە ئىلدام كىرىۋاتقان قىزغا يېتىشىپ:

— قىزچاق، ئۆيىڭىزدە ئۇسسۇزلۇق بارمۇ؟ — دەپتۇ - دە، ئاتتىن چۈشۈپ، ئىزا تارتىپ زوۋان سۈرمەي كىرىۋاتقان قىزنىڭ ئارقىسىدىن تاپان بېسىپلا ئۆيگە كىرىپتۇ.

بۇ چاغدا پادىشاھ بىلەن دائىم بىللە شىكارغا ۋە سەپەرگە چىقىدىغان ۋەزىر پادىشاھنىڭ سۆزى ۋە ھەرىكىتىگە ھەيران قېلىپ:

— ئادەتتە پادىشاھنىڭ بىرەر ئىشى بولسا باشقىلارنى بۇيرۇيتتى، بۈگۈن ئەجەب... دەپتۇ، لېكىن پادىشاھنىڭ دېگىنى بويىچە كېتىۋېرىپتۇ.

قىز ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان ئېسىل كىيىنگەن بۇ يوچۇن ئادەمنى ئۆيگە كىرگۈزمەي ئىشىكنى تاقىۋېلىشقا يېتىنالماپتۇ. پادىشاھ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئۆيدە باشقا ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى پەملەپ:

— ئاتا - ئانىڭىز نەگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ قىزدىن.

قىز بۇ يوچۇن ئادەمنىڭ سوئالىدىن ھەيران قالغان ۋە ئىزا تارتقان ھالدا بىر چىنە سۇنى ئىككى قولى بىلەن قورۇن-

غۇنچە ئۈزۈتىپ تۇرۇپ:

— دادام يوق، ئانام سىرتتا ئىشلىگىلى كەتتى، — دەپ
جاۋاب بېرىپتۇ.

پادىشاھ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي بىر قولى بىلەن غې-
دىرنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن قىزنىڭ بىلىكىگە ئېس-
لىپتۇ... پادىشاھ هوشسىز ياتقان قىزنىڭ يېنىغا بىرنەچچە يار-
ماق، كۈمۈش تاشلاپ قويۇپ ئۆيدىن چىققىنىدا ھەمراھلىرى
خېلىلا ئۇزاپ كەتكەنىكەن. پادىشاھنىڭ پىكىر - خىيالى تولۇق
خوتۇننىڭ قىزىدا قاپتۇ. ئۇ ئۆز ئەمرىگە ئېلىشنى ئويلاپتۇ. لېكىن
بۇ قەلەندەر تول خوتۇننىڭ قىزىغا ئۆيلەنسەم خان - شاھلار
ئاڭلىسا نېمە دەر، يۈزۈمگە سەت بولارمۇ؟ دېگەن ئەندىشىلەر-
گە كۆتۈپ تۇرغان ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ كېتىپ، قىزنى
ئۇنتۇپتۇ.

ئايقىزنىڭ ئانىسى ئۆيگە كەچ قايتىپ كېلىپ، قىزى ئۇچ-
رىغان پاجىئەنى ئۇقۇپتۇ. ئانا - بالا بىر - بىرىگە ئېسىلىشىپ
يىغلىشىپتۇ. ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىشنىمۇ ئويلىشىپتۇ. لېكىن ئىز -
دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىشنى خالىماپتۇ. يېتىم قىز بىلەن ئانا
بۇ ئېچىنىشلىق زۇلۇمنى يېگىنىشكە بەل باغلاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈ-
ۋېرىپتۇ، ئانا قىزىنى بالدۇرراق تۇرمۇشقا چىقىرىشنى ئويلاپتۇ.
لېكىن قىزىغا زۇلۇم سالغان كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەل-
مەپتۇ. قىزنىڭ ئېيتىپ بەرگەن بەلگىلىرىدىن بۇ يوچۇن
ئادەمنىڭ پادىشاھ ياكى ۋەزىر ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىسىمۇ، لې-
كىن ئۇ باشقا يۇرتنىڭ پادىشاھىمۇ ياكى مۇشۇ يۇرتنىڭمۇ؟
ئەگەر مۇشۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى بولۇپ قالسا نەتىجىسى، قىزنىڭ
باش بولىدۇ. ئانا ھەر خىل پەرەز قىپتۇ، جەزىملەشتۈرەلمەپتۇ.
ھەسرەت چېكىپ: «ئاللا ئۆزۈڭ بار. تەقدىر شۇنداق بولسا ئا-
مال قانچە، بىز سېنىڭ ئالدىڭدا نېمە قىلغان بولغىيتتۇق!» —

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

دەپ نالە قىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ ئايقىزنىڭ ھامىلدارلىقى مەلۇم بولۇشقا باشلاپتۇ. بۇ ۋەقە كىشىلەر ئارىسىغىمۇ تارىلىپ كېتىپتۇ. بەزىلەر «توۋا» دەپ ياقىسىنى تۇتسا، بەزىلەر «قۇلقىم ئاڭلىمىسۇن - ئاڭلىمىدىم» دېيىشىپ جىم بولۇشۇپتۇ. يەنە بەزىلەر بولسا، ئىگە - چاقىسى يوق يېتىم بالا، تۇل خوتۇن ئەمەسمۇ، ئۇۋال بولدى، دەپ ئىچ ئاغرىتىشىپتۇ. ئاتىخان ئانا بۇ ئىزا - ئاھانەتكە چىدىماي، بۇ دۇنيادىن ئايرىلىش نىيىتىدە قىزىغا تارتىشىپ يۈرگەن كۈنلەردە ئۆز ۋاقتىدىكى ئىشتىن ئاز-تولا خەۋىرى بار كىشىلەر ھېسداشلىق قىلىپ يول كۆرسىتىپتۇ. قىزىنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئانا نىيىتىدىن يېنىپ ئاجىز قىزىنى بېقىپتۇ... يىغلاپ - قاقشاپ ئارىدىن ئۇن نەچچە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئايقىز ئوتتۇز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ، ئايخان بولۇپ قاپتۇ. ئاتىخان ئانا زۇلۇم ۋە ئېزىلىش دەستىدىن كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. قىزىنىمۇ تۇرمۇشلۇق قىلالماپتۇ. ئۆز ھاياتىدىن ئەنسىرەپ قىزىنى دادىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىش قارارىغا كەپتۇ. ئانا قىزىغا دادىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ۋە ئارىدىن قانداق ۋەقەلەر بولۇپ مۇشۇ تەقدىرگە يەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. يىغا - زارە قىلىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ پادىشاھقا خەۋەر يەتكۈزۈلۈپتۇ.

ئاتمىش ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان پادىشاھ نۇرغۇن پەرزەنت كۆرگەن بولسىمۇ يېنىدا بىرمۇ بالىسى يوق بولۇپ بۇرۇنقى قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىپ تۇرغانىكەن. بۇ خەۋەر پادىشاھقا ناھايىتى خۇش يېقىپتۇ. خۇشال بولۇپ بۇ ئىش توغرۇلۇق پۈتۈن يۇرتنى خەۋەرلەندۈرۈپتۇ ۋە ئادەم ئەۋەتىپ قىزنى ئانىسى بىلەن بىللە ئوردىغا ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ماڭدۇرۇپتۇ.

ئانا - بالا ئىككىيلەن پادىشاھ بىلەن يۈز كۆرۈشكەندە

قىز پادىشاھقا قاراپ بىركىمگە ئوخشاتقاندەك قىپتۇ، كىمگە ئوخشاتقىنىنى بىلەلمەي ئۇزۇنغىچە سەپسېلىپ قاراپتۇ، بىردىن بۇنىڭدىن ئون ئۈچ يىل بۇرۇنقى پاجىئە كۆز ئالدىغا كېلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سوغۇق تەر بېسىپ تىترەپ كېتىپتۇ. بىر تاتىرىپ، بىر قىزىرىپ، ئىككى قوۋاي بىلەن يۈزىنى ئەتكىنىچە ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ.

پادىشاھ قىزىنى كۆرۈپ بۇ تونۇش چىراينى ئېسىگە ئالالىغان كىشى قىياپىتىگە كىرىۋالدىمۇ ياكى ھەقىقەتەن تونىيالمىدىمۇ، قىز ئانىسىغا ئېسىلىپ يىغلىغىلى تۇرغاندىلا ئاندىن:

— ئاللا ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن، — دەپتۇ - دە، ئوڭ قولى بىلەن پېشانىسىنى تۇتقان پېتى تەختىدە ئولتۇرۇپ قاپتۇ. مۇراسىمغا قاتنىشىۋاتقان مېھمانلار ۋە ئوردا خادىملىرى بۇ ئاتا - بالىلارنىڭ بۇ خىل كۆرۈنۈشىدىن ئەجەبلىنىپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىشەلمەي بىر - بىرىگە سوئال نەزەرىدە قارىشىپتۇ.

كۆرۈشۈش مۇراسىمى ئاخىرلىشىپ، كېمەلچان ئانا بىلەن ئايقىز ئالدىن تەييارلاپ قويغان ھۇجرىغا ئېلىپ كىرىلىپتۇ. ئانا ئۆزى ئېرى بولغان پادىشاھنىڭ قىزىلباش ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپتۇ ۋە بېشى ئايلىنىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپتۇ. چىرماش خىياللار دۇنياسىغا كېتىپتۇ. كەچلىك تاماقنىمۇ ھەر ئىككىسىلا يېمەپتۇ. تۈن يېرىم بولغاندا ئانا قىزىغا بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ قارىسا قىزى ياتقان ئورنىدا يوق تۇرغۇدەك. ئانا قىزىنى تۇۋلاپ ھەسرەت چېكىپ زارلىنىپتۇ. لېكىن قىزىدىن ھېچقانداق سادا بولماپتۇ. ئانىنىڭ ئەنسىز ئاۋازى قانچە پەس ئېتىلسىمۇ بۇلارنىڭ ھۇجرىسىغا يېقىن ھۇجرىلاردىكى كېنىزەك ۋە دېدەكلەر ئويغىنىشىپتۇ. ئۇلار ئاتىخان ئانىنىڭ يېنىغا كىرىشىپتۇ. ئەھۋالنى ئۇقۇپ ھەر خىل خىياللار قىلىشىپتۇ ۋە

قىزلى ئىزدەپتۇ. ئىزدە ــ ئىزدە بىر كونا ئۆيدىن ئۆلۈكنى تېپىپ كېلىپتۇ. بىر ئۇچى كېسىلگەن چوڭ گۆلمۇك قىزىل ياغلىق قىزنىڭ گېلىنى قىسىپ بوغۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قىزنىڭ بوغۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى پەملەپتۇ. ئانا نەچچە قېتىم هوشىدىن كېتىپ ــ نەچچە قېتىم هوشىغا كېلىپ، ئاچچىق غەزەپ بىلەن پۈتۈن كوچىنى يىغىپ ئۆرە تۇرۇپ، ۋەقەنى باشتىن ــ ئاياق سۆزلەپ، پادىشاھنىڭ ئەپت ــ بەشىرىسىنى ئېچىپتۇ. بۇ ۋەقە شۇ ھامان يۇرت ئىچىگە تاراپ ھەممە كىشىلەرگە ئاڭلىنىپتۇ. بەزىلەر: «پادىشاھنى چالما كېسەك قىلىش كېرەك» دېيىشسە، بەزىلەر «تووا» دېيىشىپ ياقىسىنى تۇتۇشۇپتۇ.

پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئىككى دۇنيالىق گۇناھكارلىقىنى بىلىپ، قازى ــ كالان، مۇپتى ــ ئەلەملەر ئالدىدا ئۆز قىلمىشىنى ئىقرار قىلىپ، بىلىپ ــ بىلمەي ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىدىن پۈتۈن يۇرتنى، ئىبرەتلەندۇرۇشنى ئېيتىپتۇ. ئەتىسىدىن باشلاپ قارلۇق شاھنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ۋەقە ئەل ــ يۇرت ئىچىدە چۆچەك بولۇپ، بىر خىل سەلبىي تەربىيە ۋاستىسى بولۇپ قاپتۇ ۋە ھازىرغىچە ئەل ئىچىدە «قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ مەلۇم بولۇر» دېگەن ھېكمەتلىك گەپ تارىلىپتۇ.

(«بوستان» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ــ يىل 2 ــ سانىدىن ئېلىندى.)

## زاكىر بىلەن شاكىر

بۇرۇنقى زاماندا زاكىر بىلەن شاكىر ئىسىملىك ئىككى دوست بولغانىكەن. ئۇلار كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولۇپ، ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە ئىككىسى تەڭلا مەكتەپكە كىرىپتۇ.

شاكىر ئىرادىلىك، تىرىشچان، زېرەك بالا بولغاچقا، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۆگىنىپ، كۈندىن - كۈنگە ئەقىل - پاراسەتكە تولۇشقا باشلاپتۇ. زاكىر بولسا ئويۇنقېيى، سىنىپقا كىرسە بېشى ئاغرىيدىغان، سىرتقا چىقسا قوشقاچ مارايدىغان بالا ئىكەن. شۇڭا ئۇ ياخشى ئوقۇيالماپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. شاكىر مەكتەپتە «ئەقىللىق بالا» دېگەن نامنى ئاپتۇ. زاكىر بولسا كۈندىن - كۈنگە ئارقىدا قېلىپ، «ئويۇنقېيى» دېگەن ئاتاققا قاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە زاكىر شاكىردىن:

— ئاداش، ئىككىمىز مەكتەپكە تەڭ كىردۇق. بىر سىنىپتا ئوقۇۋاتىمىز، ھەيرانمەن، سېنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىڭ مېنىڭكىدىن كۆپ ياخشى، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تىرىشىپ ئۆگىنىشنى سەندىن ئۆگەندىم، بۇنىڭدىن باشقا سەۋەب يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاكىر.

شاكىرنىڭ بۇ جاۋابى زاكىرنى رەنجىتىپتۇ. ئۇ: «شاكىر شۇنچە يېقىن دوستۇم تۇرۇقلۇق، مېنى زاڭلىق قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ ۋە شۇنىڭدىن تارتىپ شاكىرغا گەپ قىلمايدىغان

بولۇۋاپتۇ.

بۇ ئىككى دوستىنىڭ ئارىسىدا بولغان پاراڭدىن خەۋەر تاپقان ئۇستازى ئۇلارنى چاقىرىپتۇ ۋە شاكىردىن:

— زاكىرغا بەرگەن جاۋابىڭنىڭ مەنىسى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىلى بىزگە، — دەپتۇ شاكىر ئۇستازىغا قاراپ، — «ئەقىللىك بولاي دېسەڭ، ئەقەللىسىزدىن ئۆگەن» دەپ تەلىم بەرگەن ئىدىلە. مەن شۇ تەلىملىرىنى ئېسىمدە چىڭ تۇتۇپ، زاكىرنىڭ ئويۇنغا بېرىلىپ، ئۆگىنىشكە كۆڭۈل قويمىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەقىلسىزلىكىنى ئىبرەت قىلدىم، — دەپتۇ.

زاكىر شاكىرنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋاپتۇ ۋە تىرىشىپ ئۆگىنىشكە بەل باغلاپتۇ.

(«شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىنىڭ 1985 - يىل 22 - ئۆكتەبىر سانىدىن ئېلىندى.)

## ئادالەت كۆچىتىنىڭ مېۋىسى — گۆھەر

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادىل پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئىسمى ئادىلھىممەت شاھ ئىكەن. بۇ كىشىنىڭ زامانىسىدا بىر دېھقان بىر ئادەمدىن يەر سېتىۋېلىپ شۇدىگەر قىلىشقا باشلىغاندا، يەردىن بىر خەزىنە مال چىقىپتۇ. دېھقان يەر ساتقان كىشىگە خەۋەر قىلىپ:

— سىزدىن سېتىۋالغان يەردىن بىر خەزىنە مال چىقتى، ئۇنى تاپشۇرۇۋالغان بولسىڭىز، — دەپتۇ.

يەر ساتقۇچى كىشى:

— مەن يەرنى سىزگە ساتقان، بۇ مال - دۇنيا سىزنىڭ دۇر، — دەپتۇ.

— دېھقان مەن سىزدىن يەرنىلا سېتىۋالغان، بۇ مال - دۇنيا ماڭا راۋا ئەمەستۇر، — دەپ ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇپتۇ. يەر ساتقۇچى كىشى:

— بۇ يەر مېنىڭدىكى ۋاقتىدا قانچە قېتىملاپ شۇدىگەر قىلغانىدىم. بۇ مال - دۇنيا ماڭا چىقمىغانىدى. بۇ سىزنىڭ نېسىۋىڭىزدۇر، — دەپ ئالغىلى ئۇنىماپتۇ.

ئۇلار بىر - بىرى بىلەن تالاش - تارتىش قىلىشىپ، پۈتۈشەلمىگەندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ، بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئىنساپىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ، ئاندىن كېيىن ۋەزىردىن سوراپتۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com

— بۇ مالنى ھېچقايسىسى ئالمايدىكەن. قانداق قىلىمىز؟ ۋەزىر ئېيتىپتۇ:

— يەردىن چىققان مال پادىشاھنىڭ نېسىۋىسىدۇر.

پادىشاھ ۋەزىرگە دەرغەزەپ بولۇپ دەپتۇ:

— ئى بىھايا، بۇ مالنى بۇ ئىككى كىشىگە ئال دېسەم ئالمىسا، مەن نېمە ئۈچۈن ئالىمەن؟ بۇ ماڭا ھالال بولامدۇ؟ بۇ قانداق ئىنساپ؟! — دەپتۇ — دە، ۋەزىرنى ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن يەر ساتقۇچى بىلەن يەر ئالغۇچى:

— ئى پادىشاھىم، بۇ خەزىنە بىزگە ھالال ئەمەس، بىزنى بۇ بالادىن خالاس قىلغايسىز، — دەپتۇ.

پادىشاھ:

— پەرزەنتىڭلار بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

يەر ساتقۇچى:

— بىر ئوغلۇم بار، تېخى ئۆيلەنمىگەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

يەر سېتىۋالغۇچى:

— بىر قىزىم بار، ئۇمۇ ياتلىق بولمىغان، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ نىكاھ قىلدۇرۇپتۇ ۋە بۇ مالنى ئوغۇل بىلەن قىزغا بېرىپ، پادىشاھلىق ئادالىتىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ئوغۇلنىڭ ئېتى ھارۇن، قىزنىڭ ئېتى سېلىمە ئىكەن. بۇ قىز دەپتۇكى:

— ھەي ھارۇن، بىر سۆزۈم بار، قوبۇل قىلساڭ مەن ئېيتسام. ھارۇن:

— ئېيتقىن، — دەپتۇ، سەلىمە:

— بۇ دۇنيادا بىزنىڭ قانچىلىك ئۆمرىمىز بار؟ بۇ

مالغا ئىگە بولۇپ، قىيامەتتە قانداق جاۋابىنى بېرىمىز؟ بۇ مال بىزنىڭ بولمىسا، شۇنداق تۇرۇقلۇق باشقىلارنىڭ رىزقىنى يەيمىزمۇ؟ مېنىڭ ئىختىيارىم شۇكى، بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىمىز ئالغىلى ئۇنىمىغان مال ـ دۇنيانى بىز نېچۈك ئالىمىز؟ بىز ئەڭ ياخشىسى بېرىپ پادىشاھقا ئېيتايلى، بۇ مالنى بىزدىن ئېلىپ يەنە بىراۋغا بەرسىگىز دېسەك، چوقۇمكى بىزدىن ئالىدۇ، — دەپتۇ.

ھارۇنغا بۇ سۆز ماقۇل كەپتۇ. شۇ مەسلىھەت بىلەن ئىككىسى پادىشاھ قېشىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ بارلىق ئەمىرلىرى بىلەن ئولتۇرغانىكەن، ھارۇن بىلەن سېلىمە ئەرز قىپتۇ.

— ئى پادىشاھى ئادىل، بۇ مال ـ دۇنيانى بىزدىن ئېلىپ باشقا بىراۋغا بەرسىگىز، بىزنى بۇ غەمدىن خالاس قىلسىگىز، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ ئىككى پەرزەنتنىڭ ئىنساپىغا ئاپىرىن ئېيتىپ، ئەمىر، ۋەزىر، ئۆلىمالاردىن سوراپتۇ:

— قانداق قىلىمىز؟ بىر ۋەزىر ئېيتىپتۇكى:

— بۇ مالنى ئۆز ئورنىغا كۆممەك كېرەك. يەنە بىر ۋەزىر:

— خۇدايتائالا ئاشكارا قىلغان بۇ مالنى يەنە يوشۇرۇش ياخشى بولماس، بۇ خەزىنىنى شۇنداق قىلساق كېرەككى، ھەر كىمگە خەۋەر بېرەيلى، ھەر كىشى خاھى باغدىن، خاھى تاغدىن، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كۆچىتىنى ئېلىپ كەلسۇن. بۇ خەزىنىدىن ھەق بېرىپ ئۇنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى بىر جايغا تىككۈزۈپ، بىرەر كىشىنى باققىلى قويايلى، دەرەخلەر مېۋىگە كىرگەندە يېتىم ـ يېسىر، مىسكىن ـ بىچارىلەر بېرىپ ئۇنى ئىختىيارىچە يېسۇن. ھېچكىم مەنئى قىلمىسۇن، تاكى دەرەخلەر يوقالغۇچە شۇ بويىچە بولسۇن، — دەپتۇ.

بۇ ۋەزىرنىڭ سۆزى پادىشاھقا ۋە ھەممە خەلققە ماقۇل كەپتۇ. بۇ ۋەزىرنىڭ ئېتى غۇلامىدىن ئىكەن، پادىشاھ ئېيتىپتۇكى:

— سېنىڭ بۇ تەدبىرىڭ ناھايىتى ياخشى بولدى، بۇ ئەقلىڭ ۋە دانىشمەنلىكىڭ ئۈچۈن سېنى ۋەزىرلەر ۋە ئەمىرلەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسى قىلدىم، — دەپ ئۇنىڭغا شاھانە تون سەرپاي كىيدۈرۈپتۇ ۋە، — ئەي غۇلامىدىن، مالنى ساڭا تاپشۇردۇم، ھەر نېمە قىلساڭ قىل، ئەمما ئۆلۈمنى ئېسىڭدىن چىقارمىغىن، ئاخىرەت ئىشىدىن ئەندىشە قىل، ئەدلى ئېھسان بىلەن بولغىن، يېتىم، بىچارىلەرگە شەپقەت قىل، بۇ پانىي دۇنيانىڭ دۆلىتىگە مەغرۇر بولما، — دەپ جېكىلەپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھارۇن بىلەن سىلىمە:

— ئەي پادىشاھ، ئەمدى بىزگە رۇخسەت بېرىڭ — دەپتۇ. پادىشاھ بۇلارغا ياخشى تون، سەرپاي ۋە باشقا ماللاردىن بېرىپتۇ، ئۇلار پادىشاھقا ياخشى دۇئالار قىلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

ئەلقىسسە، ۋەزىر بۇ خەزىنىلەرنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، پۇقرالارغا بۇيرۇپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى يىلتىزى بىلەن ئالدۇرۇپ كېلىپ، ھەققىنى بېرىپتۇ. بىر دانە دەرەخكە بىر مىسقالدىن ئالتۇن بېرىپ، توقسان مىڭ تۈپ دەرەخنى سېتىۋېلىپ، بىر ياخشى جايغا تۇتقۇزۇپتۇ. ئوتتۇز كىشىنى ئۇ دەرەخلەرنى باققىلى بەلگىلەپتۇ. قالغان خەزىنىنى بۇ ئوتتۇز كىشىگە ئىش ھەققى ئۈچۈن بېرىپتۇ. ئاندىن كېيىن پادىشاھ قېشىغا بېرىپ:

— ئەي پادىشاھى ئادىل، خەزىنىدىكى ھەممە مالنى خىراجەت قىلدىم. توقسان مىڭ تۈپ دەرەخنى توقسان مىڭ تىللا بېرىپ سېتىۋېلىپ، بىر ياخشى جايغا باغ قىلدۇردۇم. ئوتتۇز كىشىنى ئاڭا باققىلى قويدۇم. خەزىنىدىكى قالغان مالنى ئۇلارغا ئىش ھەققى بەردىم، — دەپتۇ. پادىشاھ خۇشال بولۇپ:

— خۇدايىتائالا ساڭا ۋە سېنىڭ ئەۋلادىڭغا رەھمەت قىلسۇن، — دەپتۇ.

ۋەزىر ئۈچ يىلدىن كېيىن پادىشاھقا:

— ئەي پادىشاھى ئادىل، خۇدايىتائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇ دەرەخلەر مېۋىگە كىردى. بۇ شەھەردە مۇنداق مېۋىلەر يوق. يەنە ئاجايىپراقى شۇكى، يەتتە مىڭ تۈپ دەرەختە كېچىنى يورۇتقۇچى گۆھەر مېۋە بولۇپتۇ. ھەربىر مېۋىنىڭ باھاسى بىر ئىقلىمنىڭ باھاسىچىلىك بار. ئۇنىڭ روشەنلىكىدە بارچە مېۋىلەر كېچە - كۈندۈز كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ خۇشال بولۇپ:

— ئەي غۇلامىدىن، ئاشۇ مەيداندا ھەر تۈرلۈك تائام تەييار قىلدۇرغىن. مەن شەھەرنىڭ ئۇلىما ۋە پازىللىرى بىلەن بېرىپ تاماشا قىلغايمەن، — دەپتۇ.

ۋەزىر شۇ ھامان ھەر خىل ناز - نېمەتلەرنى تەييار قىلدۇرۇپتۇ. شەنبە كېچىسىدە پادىشاھ كەپتۇ. تاماشا قىلىپ مېۋىلەرنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ھەممە خەلق: «بۇ كېچە كۈندۈزگە بەرگۈسىز بولۇپتۇ» دەپ ئەجەبلەنگەن ھالدا مېۋىلەردىن يەپتۇ. پادىشاھنىڭ ئەمىرلىرى: «بۇ كېچىنى يورۇتقۇچى گۆھەر مېۋىلەردىن ئۈزۈپ، پادىشاھقا ئېلىپ بارايلى» دەپ ئىختىيار قىلغانىكەن، پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ:

— ئەي بىشەرىملەر، مەن مۇنداق گۆھەر تىككەنمىدىم؟ خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن گۆھەر بولۇپتۇ. بۇنى يېمەك باي دۆلىتىمدە كىشىگە راۋا ئەمەس، سىلەر ھەرگىز بۇ گۆھەر مېۋىلەردىن ئالماڭلار. بۇ كېچىنى يورۇتقۇچى گۆھەرلەر پېقىر، مىسكىنلەر، يېتىم - يېسىرلارنىڭ نېسىۋىسىدۇر، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئوردىسىغا يېنىپتۇ. ئاندىن كېيىن ۋەزىرنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— ئەي ۋەزىر، بۇ شەھەردە غېرىب، مىسكىن، يېتىم، مۇساپىرلار بولسا چاقىرتقىن، ئۇلار ئۇ باغدىكى مېۋىلەردىن يېسۇن، — دەپتۇ.

باغنىڭ مېۋىسى يىلدىن - يىلغا ياخشى بوپتۇ. پېقىر- مىسكىنلەر ئۆز ئىختىيارىچە ئېلىپ يەپتۇ ھەم ئۆيلىرىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. گۆھەر مېۋىلەرنىڭ روشەنلىكىدىن باغ ئاۋات بوپتۇ. بۇ ۋەقە پۇقرالارنىڭ ئىنساپى پادىشاھنىڭ ئادالىتىنىڭ ئىزى بولۇپ مەڭگۈ ساقلىنىپتۇ.

(«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىل 3 - سانىدىن ئېلىندى.)

# تەلۋە كۆيئوغۇل

زامانىنىڭ زامانىسىدا بىر ئادەمنىڭ بەش قىزى بولغانىكەن. بۇ قىزلارنى بىر - بىرلەپ ياتلىق قىلىپ ئاخىرى تولۇنئاي قاپتۇ. تولۇنئاي تولىمۇ زېرەك، دانىشمەن قىز بولۇپ، كۆزلىرى چواپپاندەك، يۈزى تولۇن ئايدەك گۈزەل ئىكەن. ئاتا - ئانىسى بەش قىزىنىڭ ئىچىدە تۆت قىزنى بىر سېرى، تولۇنئايىنى بىر سېرى كۆرىدىكەن.

قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى: «قىزىمىزنى بىرەر چوڭ باينىڭ بالىسىغا بەرسەك قىزىمىزمۇ راھەت كۆرسە، بىز شۇ يۇرت ئىچىدە ئاتاق - ئابروي قازانساق» دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇ يۇرتتىكى ئەڭ چوڭ باي ئۆزىنىڭ قاۋۇل ئىسىملىك ئوغلىغا تولۇنئايىنى سوروتۇپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى باي بىلەن قۇدىلىشىش خۇشاللىقىدا يىگىتنى كۆرۈپ بېقىش ئېسىگىمۇ كەلمەپتۇ ۋە قىزنىڭ رايىغا باقماي ماقۇل بوپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي تولۇنئايىنى قاۋۇلغا نىكاھلاپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ.

بىراق قىز بىلەن يىگىت ئوت بىلەن سۇدەك زادى ماسلىشالماپتۇ، ئىسمى - جىسمىغا قىلىچە ماسلاشمىغان قاۋۇل تولىمۇ بەغەرەز بولۇپ، تەلۋە، ھۇرۇن، قورسىقىنىڭ تويغىنىنى بىلمەيدىغان، ئالتىنچى ئايدا چاقىرسا يەتتىنچى ئايدا ھە دەيدىغان، ھوشۇر ئېيىدا مانتا يەپ سەپەر ئېيىدا كېكىرىدىغان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باغدىن گەپ سورىسا تاغدىن جاۋاب بېرىدىغان، ئەدەب - ئەخلاق، قائىدە - يوسۇننى بىلمەيدىغان گاللاۋاڭ يىگىتكەن.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، تولۇنئاي ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىگە نالە قىلىپ يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ئاخىر تەقدىرگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

تولۇنئاي كۆپ ئەجىر قىلىپ ئېرىگە ئەدەب - ئەخلاق، قائىدە - يوسۇنلارنى ھەتتا ئولتۇرۇپ - قوپۇش، گەپ - سۆز، مېڭىش - تۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىتىپتۇ، ھەر ھالدا خېلى كۆپ ئوڭشالغاندەك قىلسىمۇ، «قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىپتۇ» دېگەندەك، يەنىلا دۆتلۈكى تۈگىمەپتۇ.

ھەرقانداق مەرىكە يوسۇنلارغا قاۋۇل قاتنىشىپلا قالسا، مەسخىرە، كۈلكىنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قالىدىكەن. ئېرىنىڭ دۆتلۈكى تۈپەيلى تولۇنئايمۇ يەرگە قارايدىكەن. بۇ تۇغرۇلۇق دىلى ئازار يېگەن تولۇنئاي ئېرىنى ھېچيەرگە بارغۇزمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى كۈيئوغۇل، بالا - چاقىلىرىنىڭ ھەممىسىنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان تولۇنئاينىڭ بېشىغا غەم چۈشۈپتۇ. ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئېرىنى ئاپىراي دېسە، ئۇنىڭ تاققا - تۇۋۇققا سۆزلەپ، باشقا كۈيئوغۇللارنىڭ ئالدىدا مەسخىرىگە قېلىشتىن ئەنسىرەپتۇ. ئۆزى يالغۇز بېرىشنى بىئەدەب بىلىپتۇ. ھەر ئىككىمىزلا بارماي قويايلى دېسە، ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆڭلىگە كېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپتۇ.

ئاخىر تولۇنئاي «ئادەم قۇلاقتىن، ھايۋان تۇياقتىن» دېگەن گەپ بار، مەن قاۋۇلغا ئەدەب - قائىدىلەرنى زېرىكمەي - تېرىكمەي ئۆگىتىپ، مېھمانغا بىللە ئاپىراي دېگەن قارارغا كەپتۇ. ئۇ ئېرىگە:

— ئالدىمىزدىكى ھەپتىدە دادىلارنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا
بارىمىز. سىز مېنىڭ دېگىنىمنى قىلىڭ، ئەگەر يەنە ئۆزىڭىز-
نىڭ بىلگىنىڭىزنى قىلىپ تاققا - تۇۋقا سۆزلەپ يۈزۈمنى
چۈشۈرىدىغان بولسىڭىز ئەمدى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن، —
دەپتۇ. قاۋۇل:
— خۇدا ھەققى جېنىم خوتۇن، سىز ماڭا نېمە قىل
دېسىڭىز شۇنى قىلىمەن، سىز نېمىنى ئۆگەتسىڭىز شۇنى ئۆگى-
نىمەن، ئەمدى سىزنى ھەرگىز يەرگە قاراتمايمەن، — دەپ
قاتتىق ۋەدە بېرىپتۇ ھەم خۇشاللىقىدىن دوپپىسىنى ئاسمانغا
ئېتىپتۇ.
— ئۇنداق بولسا مېنىڭ قىلغان گەپلىرىمنى ئوبدان
ئاڭلاپ تۇرۇڭ، — دەپتۇ تولۇنئاي ئېرىگە قاراپ، — بىز
ئاتا - ئانىلارنىڭ ئالدىغا بارمىغىلى ئۇزاق بولدى. ئۇلارغا
ئازراق سوۋغا - سالام ئالىمىز، بۇنى سىز كۆتۈرىسىز، ئىشىكتىن
كىرىپلا بۇقىدەك ئۇسۇپلا كىرمەي، «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ
دادام بىلەن ئاپامغا سالام بېرىسىز. ئۇلار سىزگە جاۋابەن:
«ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كېلىڭلار باللىرىم، سالامەت تۇردۇڭلارمۇ،
ئۆي ئىچى تىنچلىقمۇ؟» دەيدۇ. سىز يەنە: «خۇداغا شۈكرى،
ھەرقايسىلىرىنىڭ بەرىكەتىدىن ياخشى تۇردۇق دەيسىز.» دادام
بىلەن ئاپام: «قېنى ئولتۇرۇڭ بالام» دەپ ئولتۇرۇشقا ئىجازەت
بەرگەندە ئاندىن كېيىن ئولتۇرىسىز. بىراق ئولتۇردۇم دەپ
يۈگۈرۈپ تۆرگە چىقىپ كەتمەي، چوڭلار ئولتۇرۇپ بولغاندا
ئاندىن كېيىن مۇۋاپىق ئورۇندا ئولتۇرىسىز. قائىدە بويىچە
ھەرگىزمۇ چوڭلارنى پەگادا قويۇپ كىچىكلەر تۆرگە چىقىۋال-
مايدۇ. تۆت ئاچامنىڭ ئەرلىرىدىن كېيىن سىز ئولتۇرىسىز.
چوڭلارنىڭ ئاغزىدىن گەپ تارتىۋېلىپ، ئاقساقاللىق قىلىش
ئەدەبسىزلىك بولىدۇ. چوڭلارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ سۆزى تۈگى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بەتچىسى
www.uyghurkitap.com

مەي تۇرۇپ قوشۇق سالماڭ، گەپ قىلىش توغرا كەلسە، باش قىلارنىڭ سۆزى تۈگىگەندە شۇ سۆزگە مۇۋاپىق كەلگۈدەك، ئورۇنلۇق گەپنى قىلىڭ، سورۇننىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈپ چىرايىڭىزنى تۈرۈۋالماڭ، ئوچۇق - يورۇق كۈلۈپ ئولتۇرۇڭ، سورۇندا باشقىلارنىڭ سۆزىگە قولاق سالماي، ھاڭ ۋېقىپ بۇرۇن كوچىلاپ، بېشىنى قاشلاپ... ئولتۇرۇشنىڭ ھەم- مىسى بىھۆرمەتلىك بولىدۇ... - دەپتۇ ئېرىدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتقان تولۇنئاي سۆزىنى داۋام قىلىپ، - ئەمدى ئال دىڭىزغا تاماق كەلتۈرگەندە قورسىقىڭىز ھەرقانچە ئېچىپ كەت- سىمۇ تاماققا قىيا كۆزىڭىزنى سالماڭ، چوڭلارنىڭ ئېلىشىنى كۈتۈڭ. تاماق كەلتۈرۈلگەندە تاكى دادام، ئاپام تەكەللۇپ بىلەن «قېنى باللىرىم، تاماققا بېقىڭلار» دەيدۇ. بۇ چاغدا سىز: «مەرھەمەت، چوڭلاردىن كەلسۇن» دېيىسىز. چوڭلار «بىسمىللا» دەپ تاماق يېيىشنى باشلاپ بېرىدۇ. سىز ئاندىن يېيىشكە باشلايسىز. بىراق ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىدەك باشقى- لارنىڭ يېرىملاشقىچە سىز قاچىڭىزنى قۇرۇغداپ قويسىڭىز بول- مايدۇ... بۇ قېتىم سىز مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلسىڭىز دادام، ئاپاملارمۇ خۇش بولۇپ قالىدۇ. مەنمۇ پات - پات سىزنى بىللە مېھمانغا ئاپىرىمەن، - دەپتۇ تولۇنئاي ئېرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ.

قاۋۇل ئايالىنىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇنداشقا ۋەدە بېرىپتۇ.

- شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي، - دەپتۇ تولۇنئاي ئېرىگە ئىشەنچ قىلالماي، - ئەگەر ئاپام مېھمانلارغا پولۇ ئەتكەن بولسا ئالدىرىماي بىر كاپام - بىر كاپامدىن يەڭ، ناۋادا مانتا ئەتكەن بولسا، بىرنى بىراقلا ئاغزىڭىزغا سالماي، بىر چىشلەم - بىر چىشلەمدىن چايناپ يەڭ، - دەپتۇ.

قاۋۇل تولۇنئاي ئېيتىپ بەرگەن قائىدە - يوسۇنلارنى بىر ھەپتىگىچە يادلاپتۇ. بىراق تولۇنئاينىڭ كۆڭلى زادىلا

خاتىرجەم بولماپتۇ. ئۇ ئۇنداق ئويلاپ - بۇنداق ئويلاپ، ئاخىرى تاماق ئالدىغا كەلسە ھەممىنى ئۇنتۇيدىغان تەلۋە ئېرىگە ئۆزى ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ ئويلىغان بىر چارىنى ئۆگىتىپتۇ.

— مەن ئاپامنىڭ: «يىغىنچاقلىقىراق، مانتا ئەتسەم بولارمىكىن» دېگىنىنى غىل - پال ئاڭلاپ قېلىۋىدىم. بەلكى بىز بارغاندا مانتا ئېتىپ قېلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، بىزنىڭ بەلگىمىز چوكا بولسۇن، مەن چوكىنى بىرنى چەكسەم سىز مانتىدىن بىرنى ئالسىز. چوكا چېكىلمىگىچە ئالمايسىز، — دەپتۇ تولۇنئاي ئېرىگە قايتا - قايتا جېكىلەپ.

— بۇ ناھايىتى ئىشەنچلىك چارە بولدى. ئەمدى مەنمۇ خاتىرجەم بولدۇم، — دەپتۇ قاۋۇل خۇشال بولۇپ.

قاۋۇل بىلەن تولۇنئاي ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بېرىپتۇ. تولۇنئاينىڭ دادىسى، ئاپىسى ۋە باشقا تۇغقانلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئاپتۇ. ئۇلار مېھمانلارنىڭ ئالدى - كەينى يىغىلغۇچە قورۇ ئىچىگە تىكىلگەن ھەر خىل مېۋىلىك كۆچەتلەرنى، رەڭگا رەڭ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنى تاماشا قىلىشىپتۇ. شۇ ئارىدا كۈيئوغۇللاردىن بىرەيلەن قېيىن ئاتىسىغا زوقى كېلىپ:

— دادا، سىلىنىڭ قوللىرى گۈلكەن، قىلغان ئەجىرلىرى زايە كەتمەپتۇ. يەنە بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن ئۈزۈم تاللىرى مېۋە بەرگۈدەك دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قاۋۇلنىڭ ئاغزى قىچىشىپ گەپ قىستۇرغىسى كەپتۇ ۋە:

— دادا، ماۋۇ تىككەن كۆچەتلەر يوغىنىسا يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن ھارۋىغا چاق بولغۇدەك، — دەپتۇ. بۇنىڭغا ھەيران بولغان باشقا كۈيئوغۇللار ھەيران بولۇپ كۈلۈشۈپتۇ. بىراق قېيىن ئاتىسى قاۋۇلنى ئىزا تارتقۇزماسلىق ئۈچۈن جىم تۇرۇۋاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاۋۇل يەنە بىر ئازدىن كېيىن:

— دادا، — دەپتۇ يەردە تۇرغان كىچىككىنە بىر تاشنى كۆرسىتىپ، — بۇ تاش يوغىنىسا ئۈچ يىلدىن كېيىن تۇلۇقىا يارىغۇدەك تاش بولغۇدەك، — دەپتۇ. بۇ گەپتىن ھەممەيلەن ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشۈپتۇ.

قاۋۇل ئۆزىنىڭمۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا گەپ قىستۇرغىنىغا خۇشال بولۇپ مەغرۇرانە تۇرۇپتۇ. تولۇنئاي بىچارە بەكلا ئىزا تارتىپ خورلۇق ھېس قىپتۇ. قاۋۇلنى بىللە ئېلىپ كەلگىنىگە بەكلا پۇشايمان يەپتۇ.

تاماق تەييار بولۇپ، مېھمانلار تېگىشلىك جايدا ئولتۇرۇشۇپتۇ. تاتلىق - تۈرۈملەر بىلەن چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، چىنە تاۋاقلاردا ئۇخشىغان مانتا كەلتۈرۈلۈپتۇ، مانتىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى قاۋۇلنىڭ نەپسىنى غىدىقلاپ، يېگۈسى كېلىپ تاقىتى تاق بولغان بولسىمۇ تولۇنئاينىڭ چوكا چېكىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپتۇ.

چوكلار بىردىن مانتا يەپ بولغاندىن كېيىن چوكىنىڭ «تاك» قىلىپ چېكىلىشى بىلەن تەڭ قاۋۇل ئالدىراپ كېتىپ مانتىنى ئېلىپ ئاغزىغا موكلا سېپتۇ ۋە چاينىمايلا يۇتۇپتۇ - دە، يەنە قاچان چوكا چېكەركىن دەپ كۆزىنى ئايالىدىن ئۈزمەي قاراپلا تۇرۇپتۇ. تولۇنئاي كېچىكتۈرۈپ يەنە بىر چوكا چاپتۇ. قاۋۇل بايىقىدەكلا چاينىمايلا يۇتۇپتۇ. بۇنداق ئەھۋال بىرنەچچە قېتىم داۋام قىلغاندىن كېيىن قاۋۇلنىڭ بۇ ھەرىكىتى كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ ھەممەيلەن بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋاپتۇ. شۇ ئەسنادا بايىقى قىزىق كۆرۈنۈشلەرگە دىققەت قىلىپ ئولتۇرغان بىر كىچىك بالا قولىدىكى ئىككى تال چوكىنى رېتىم بىلەن تاۋاققا ئۇرغانىكەن، قاۋۇل — «ئايالىم ئۇرغان چېغى» دەپ ئويلاپ، ئەتراپقا قارىماي قويماي ئىككى

قولى بىلەن چوكىنىڭ رىتىمىغا ماسلاشتۇرۇپ كاپۇر - كۇپۇر قىلىپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بىر تاۋاق مانتىنى يەۋېتىپتۇ. چاي كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان تولۇنئاي بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ نومۇس كۈچىدىن يىغلىغان پېتى ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك، تولۇنئاينىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسى نام - شۆھرەتنى دەپ قىزىنىڭ رايىغا باقماي، بېشىنىڭ ئوبدانلا سۆيى بار بىر تەلۋىگە ئايدەك قىزىنى بېرىپ قويغىنى ئۈچۈن دەردىنى ئىچىدە بىلىشىپتۇ.

تولۇنئاي شۇندىن بېرى ئېرى قاۋۇلنى ھېچقانداق يەرگە ئاپارمايدىغان بوپتۇ. ئەمما ئۇ يەندىلا ئېرىگە نىسبەتەن «ئىنسان بولغاندىن كېيىن ئۆگىنىپ قالار» دېگەن ئۈمىد بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، زېرىكمەي - تېرىكمەي ئەدەب - ئەخلاق ئۆگىتىپ يۈرۈپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى تولۇنئاينىڭ دادىسى كېسەل بولۇپ. ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. كۈيئوغۇللار كەينى - كەينىدىن بېرىپ قېيىن ئاتىسىنى يوقلاپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قاۋۇل تولۇنئايغا: «مەنمۇ قېيىن ئاتامدىن رازىلىق ئېلىپ كېلىۋالاي» دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. تولۇنئاي:

— ياق، بارماي قويۇڭ، كېسەل كىشىگە گەپ تېتىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دادام سىزنىڭ تاقىقا - تۇقىقا گېپىڭىزنى ئاڭلىسا بىر كېسىلى ئىككى بولىدۇ...، — دەپ ئېرىنىڭ دادىسىنى يوقلاپ كېلىشىگە زادى قوشۇلماي.

قاۋۇلمۇ باشقا كۈيئوغۇللارغا ئوخشاش قېيىن ئاتىسىنى يوقلاپ، رازىلىق ئېلىپ كېلىشنى بەكلا خالايدىكەن، شۇڭا ئۇ تولۇنئايغا يېلىنىۋېرىپتۇ. تولۇنئاي مىڭ تەسلىكتە ماقۇل بوپتۇ ھەم دادىسىنىڭ قېشىغا بارغاندا قىلىشقا تېگىشلىك

گەپلەرنى بىرمۇبىر ئۆگىتىپتۇ. تولۇنئاي:

— سىز دادام ياتقان ئۆيگە كىرىپ: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم دادا، ئوبدان تۇرامسىلا، كېسەللىرى قانداقراق؟ بىرئاز ياخشى بولۇۋاتامسىلا» دەيسىز، دادام سىزگە جاۋابەن: «خۇداغا شۈكرى، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم» دەيدۇ. سىز: «ناھايىتى ياخشى، ھەرنىمە بولسا شۇنداق بولغاي» دەيسىز. يەنە: «دادا، سىلىنى قايسى تېۋىپ داۋالاۋاتىدۇ؟» دەپ سوراڭ، دادام سىزگە جاۋابەن: كۆرۈنۈۋاتقان دوختۇرنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاندىن كېيىن سىز «ياخشى بوپتۇ، ئۇ دوختۇرنىڭ قولى شىپالىق، سىلىنىڭ ئىشلىرىنى تېز ۋە ياخشى ھەل قىلىدۇ» دەيسىز. ئارقىدىن دورىلىرىنى سورايسىز، ئۇنىڭدىن كېيىن دادام يەۋاتقان دورىلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاندىن سىز دادامغا: «بۇ دورا بەك شىپالىق دورا، داۋاملىق يەپ بەرسىلە» دەيسىز. دادام سىزدىن خۇرسەن بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئارتۇق گەپ قىلماڭ، — دەپ جېكىلەپ يولغا ساپتۇ.

قاۋۇل قېيىن ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تولۇنئاينىڭ ئۆگەتكەنلىرى بويىچە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم دادا، ياخشى تۇرۇپلا، يېقىندىن بېرى كېسەللىرى قانداقراق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاردىدا بىرئاز ياخشى بولۇپ قالغانتىم، يېقىندىن بېرى ئەھۋالىم ئانچە ياخشى ئەمەس، كۆڭلۈم ھېچنەرسە تارتمايدۇ، ئۆزۈم كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتىمەن، ماڭا قېرىلىق يەتتىمۇ ياكى ئەجەل يېقىنلىشىپ كېلىۋاتامدۇ بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قېيىن ئاتىسى.

— ناھايىتى ياخشى، ھەر نىمە بولسا شۇنداق بولغاي، — دەپتۇ قاۋۇل يادلىۋالغىنى بويىچە.

كۈيئوغلىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان قېيىن ئاتىسىنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىگەن ھالدا ئېۋىنى چىشلەپ، يۈزىنى

تام تەرەپكە ئۆرۈپ جىم يېتىپتۇ. قاۋۇل يەنە:

— دادا، سىلنى قايسى تېۋىپ داۋالاۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەزرائىل ...، — دەپتۇ قېيىن ئاتىسى زەردە بىلەن.

— پاھ، بۇ تېۋىپ بەك ياخشى داۋالايدۇ، قولى يەڭگىل، سىلنىڭ ئىشلىرىنى تېز بىر تەرەپ قىلىدۇ، — دەپتۇ قاۋۇل ۋە يەنە سوئالىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — تېۋىپ سىلىگە قانداق دورىلارنى بېرىۋاتىدۇ؟

— زەھەر بېرىۋاتىدۇ، زەھەر، — دەپتۇ دادىسى تەنە ئارىلاش ئاچچىقلاپ.

— بۇ دورا بەكمۇ شىپالىق دورا، داۋاملىق يېسىلە، — دەپتۇ قاۋۇل پەرۋايى پەلەك ھالدا.

بۇ تەلۋە كۈيئوغۇلنىڭ گەپلىرى قېيىن ئاتىسىنىڭ يۈرىكىگە ئەجەل ئوقى بولۇپ سانچىلىپتۇ-دە: «يوقال كۆزۈمدىن!» دەپ قاتتىق بىر ۋارقىرىغىنىچە كىسەل مەڭگۈلۈك كۆز يۇمۇپتۇ.

(«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989-يىل 2-سانىدىن ئېلىندى.)

# كۆز پەرىخان

رىۋايەتكار بۇ دوردانە. رىۋايەتنى ئەل كۆڭلىگە مۇنداق پاساھەتلىك تىلدا بايان ئەتتى:

ياما ئىلىدە بىر شاھ بار ئىدى، ئۇنىڭ قۇتلۇق نامۇ - ئەمەلى ئابدۇلھەبەت شاھ ئەردى. شاھ ئابدۇلھەبەتنىڭ رامزىيان ئاتلىق بىر دانىشمەن ۋەزىرى بار ئىدى. كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ ئىككىسىنىڭ خوتۇنلىرى ھامىلدار بولدى ۋە پاقىلاندەك ئىككى ئوغۇل تەۋەللۇت قىلدى. شاھ ئۆز ئوغلىغا كاردان دەپ، ۋەزىر بولسا بەسارەت دەپ ئات قويدى. شاھ ۋە ۋەزىر نىھايەت قۇۋاندى، شاھ ئەمىر:

— بۇلار بىللە چوڭ بولسۇن، بىللە ئىلىم - ئىرپان ساماسىدا پەرۋاز ئەتسۇن!— دېدى.

مۇددەرىسلەرنى چاقىرىشتى ۋە ئوغۇللارنى ئۇلارغا تاپشۇردى. كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار يىل مارجىنىنى ئاستى. باللار مۇددەرىسلەردىن كۆپلەپ بىلىملەرنى ئالدى. ئاقىۋەتتە ۋەزىرنىڭ ئوغلى بەسارەت ئىلىم بابىدا ئۇچقۇر، زامانىسىنىڭ دانىشمىنى؛ جانۇ - جانىۋار تىللىرىنىمۇ بىلەر بىر ھېكمەتكار بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. شاھزادە كاردان بولسا ئويۇنكەش، قولىدىن ئىش كەلمەس، بىلىمسىز يىگىت بولۇپ ئۆستى. شاھ ئۆز ئوغلىغا كۆپ مېھنەت - ئەجرى قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ھېچبىر دالالىق نىشانى چىلىقتۇرمىدى.

ۋەزىر ئوغلى بەسارەت كۈندىن ـ كۈنگە شانۇ ـ شۆھرەت تاپماقتا ئىدى. بۇ ھال شاھ ئۈچۈن تولىمۇ ئەلەم بولدى، چۈنكى تەخت ۋارىسى ئەلنى ئىدارە ئەتمەككە قۇربىسىز ئىدى. شۇنىڭ بىلەن شاھ ئويلا ـ ئويلا ئاخىرى ئاغرىپ قالدى. كېسەللىك ماللائىكلىرى شاھنى قورشىۋالدى. دانىشمەن تېۋىپلارنى چاقىرىشتى، لېكىن كېسەلگە شىپا قول تېپىلمىدى. ئاخىرى شاھ ئۆزى پىنھان سىر بەرگەن تېۋىپنى چاقىرتىپ، كۆرۈنگەندى، تېۋىپ:

— شاھىمنىڭ داۋاسى دانىشمەن يىگىتنىڭ كۆزىدۇر، شاھىم شۇ كۆزنى يېسە سەللىمازا ساقىيۇر، — دەپتۇ. دانىشمەن ئۆلىمالار مەسلىھەت قىلىشىپ: «شاھىمىزنىڭ دەردىگە زامانىمىزنىڭ دانىشمىنى بەسارەتنىڭ كۆز گۆھىرى ئەجەب خوپتۇر» دېيىشتى. شۇندىن سوڭ بىر توپ ئەھلى خالىس نىيەتلەر رامزىيان ۋەزىرنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىشتى. دانىشمەن بەسارەت بولارنىڭ كېلىش مۇددىئالىرىنى قەدەم تاۋۇشلىرىدىن بىلدى ۋە ئۇ ئەھۋالنى ئاتىسىغا ئېيتىپ، كەلگەنلەرنى كۈتىۋالدى ۋە زىياپەت بەردى، زىياپەتتە دانىشمەن بەسارەت بىر پاقلاننى سويۇپ گۆشنى مېھمانلارغا سۇندى، ئاندىن ھەربىرىنىڭ ئالدىغا چىنە تەخسىدە تىللا ـ ئالتۇن قويدى. شۇندىن سوڭ بىر تەخسىگە پاقلاننىڭ ئىككى كۆزىنى قويۇپ دەپتۇ:

— ئى خالىس نىيەت ياخشىلار، شاھىمغا مېنىڭ كۆزۈم داۋا بوپتۇ، سىلەر شاھىمغا مېنىڭ كۆزۈمنى ئاپارغاندىن كۆرە بۇ پاقلان كۆزىنى ئاپارساڭلارمۇ ئوخشاش بولۇر، شاھىم بۇ كۆزگە كۆرۈنمەسمەن، سىزلەرنى تەگلىكتە قويماسمەن، مېنى ئەپۇ ئېتەرسىزلەر.

كەلگەنلەرگە بۇ گەپ ماقۇل بولدى ۋە پاقلان كۆزىنى ئېلىپ بېرىپ شاھقا يېگۈزگەن ئەردى، بۇ كارامەتنى كۆرۈڭ،

شاھقا دۇنيا يورۇقى ئىقبال ئەتتى، شاھ ساقايدى. شۇندىن سۆڭ بەسارەت يەر ئاستى چاھقا پىنھان بولدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى ھېكايەتنى كاردان شاھزادىدىن ئىشتەمەك كېرەك:

شاھزادە كاردان بەسارەت بىلەن ئىجىل - ئىناق، قىيامەتلىك دوست ئىدى. بەسارەتنىڭ ئەھۋالىدىن شاھزادە كاردان بىخەۋەر ئىدى، ئۇ بەسارەتنى ئىزدەپ ھېچيەردىن تاپالمىدى، سورىمىغان ئادىمى قالمىدى، يۇرت - يۇرتقا خەۋەر بەردى، بەسارەت سۇغا چۆشكەن تاشتەك ئىز - دېرەكسىز يوقالدى. شاھزادە كاردان قىيامەتلىك يېقىن دوستىنى ئويلاپ، نالە - پەرياد ئېيتىپ، سىنەسىنى زەي يەرگە يېقىپ يىغلاپ ئەردى. شاھ ئابدۇلھەبەت شاھزادىدىگە كۆپ تەكەللۇپ ئېيتتى، دۇنيا - دەپىنە بىلەن ئالداپ كۆردى، قورقاتتى، كار قىلمىدى.

شاھزادە كاردان زەي يەردىن تۇرماي:

— ماڭا قىيامەتلىك دوستۇم بەسارەتنى تېپىپ بەر، شۇندا ئورنۇمدىن تۇرىمەن، — دېدى.

شاھ بىئىلاج ئەلگە جاكار ئەتتى:

— كىمدە - كىم ئوغلۇم كاردانىنى ئورنىدىن تۇرغۇزسا، بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن ھەدىيە قىلىمەن.

ئەلدىن ھېچكىم چىقمىدى، كۈنلەردىن بىر كۈنى بىر موماي كەلدى. ئۇ شاھقا ھۆرمەت بەجا كەلتۈرۈپ:

— ئى، پاناگاھ، ئوغلۇڭنى مەن تۇرغۇزارمەن، — دەپ ئېيتتى. شاھ خۇش بولدى ۋە مومايغا دۇئا قىلدى. موماي كاردانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— يىگىتلەرنىڭ سەردارى، بۇلبۇللارنىڭ ناۋاسى، ئورنۇڭدىن تۇر ئوغلۇم. ساڭا بىر ئامەت كېلۇر. ئات مىنىپ سەيلە ئەت. جاھاننىڭ گۈزەللىكى سېنى ئىلكىگە ئالغاي، — دەپ مىڭ بىر ھىيلە - مىكرالەرنى ئىشلىتىپ، شاھزادىنىڭ

كۆڭلىنى يۇمشاتتى. شاھزادە مومايغا ئېيتتىكى:

— ئاتامغا ئېيتىڭلار، دۇلدۇل توقۇلسۇن، يول كېزىپ سەيلە ئېتتۇرمەن.

دۇلدۇل ھازىرلاندى، شاھزادە دۇلدۇلغا قونۇپ، قوشتەك ئۇچۇپ، شەھەر سىرتىغا چىقتى، دالا كەزدى، چۆل باستى. بىر تاغقا بېرىپ تىندى ۋە كۆڭلى ـ كۆكسى يايراپ، قېنى جۇشقۇنلاپ، ئەمدى قايتاي دەپ كەينىگە شۇنداق بىر باققاندى، كۆردىكى، ئۆزى كەلگەن دالا ـ دەشت كۆپكۆك دېڭىز بولۇپ دولقۇنلاپ تۇرغانمىش، ئاق تۇمان ئارا بىر قېيىق ئۈزۈپ كېلەرمىش، قېيىق ئۈستىدە بىر نۇر جۇلا قىلارمىش. نۇر ئىچىدە بىر ساھىبجامالنىڭ سىماسى بالقىپ تۇرارمىش، قىز شاھزادىگە يېقىنلاشقاندا ئۇنىڭ گۈزەللىكى كۈننى خىرە قىلار، ئۆزى شاھزادىگە ئىما قىلار ئەردى، قىز ئالدى بىلەن كۆزىنى، ئاندىن كېيىن ئاغزىنى كۆرسەتتى، ئاندىن قولىنى كۆرسىتىپ، ئىككى قولىنى ئارقىسىغا ئېلىپ، ئاندىن ئىككى قولىنى ئالدىغا ئېلىپ تەزىم ئەتتى.

شاھزادە كاردان ئاڭا يېقىنلاشماق ئۈچۈن يۈگۈرگەندى، قىزمۇ، دېڭىزمۇ غايىب بولۇپ، ئاۋۋالقى چۆل ـ دالا ئايان بولدى. شاھزادە ئاھ ئۇرۇپ يىقىلدى، ھوشىغا كېلىپ، دۇلدۇلنى مىنىپ ئاتىسى ئالدىغا كەتتى ۋە يەنە زەي يەرگە مەيدىسىنى يېقىپ يېتىۋالدى. شاھ ئۇنىڭ ھالىنى سورىغاندى، شاھزادە ئېيتتىكى:

— ئى، شاھ ئاتا، مەن دېڭىز كۆردۈم، دېڭىزدا بىر قىز كۆردۈم. شۇ قىزنى تاپمىغۇچە ئارام ئالمايمەن.

شاھ بۇ قىز ھەققىدە سورىغاندى، شاھزادە كۆرگەنلىرىنى تامام سۆزلەپ بەردى. شاھ ھەيرانۇ ھەس بولدى، تېڭىرقىدى، ئوغلۇمنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەن ئەرۋاھمىدۇ، جىنمىدۇ، دەپ نەزىر ـ چىراغ بەردى. لېكىن شاھزادە يەنىلا ئورنىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرمىدى. شاھنىڭ قىلمىغان ئامالى قالمىدى. ئاخىرى دانىشمەن ۋەزىر - ۋۇزرالاردىن ئەھۋال سورىغانىدى، ئۇلار:

بەلكىم بۇ قىزنى تاپقىلى بولۇر. بۇ تاپماقتا بەسارەتتەك دانىشمەن بولسا ئەردى، ئۇ ئىلىم - ھېكمەتى بىلەن قىزنىڭ ئىما - ئىشارىتىنى يېشىپ، شاھزادەمگە ئارام - ئىقبال بەخش ئېتەر ئىدى، - دېيىشتى. شاھ ئۆز ئىشىغا ئۆكۈندى ۋە ئەلگە ئۈچ كۈنگىچە قارىلىق تۇتۇپ، ئاللادىن بەسارەتنىڭ كۆزىنى تىلەشنى جاكار ئەتتى. كىشىلەر ئۈچ كۈن ئاللاغا سېغىنىپ مۇناجات ئېيتىپ، بەسارەتنىڭ كۆزىنى تىلىدى، ئۇنى ئەلگە بەرگىن دېدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەھلى جامائەت ئارىسىدا دانىشمەن بەسارەت پەيدا بولدى ۋە قىيامەتلىك دوستى شاھ كاردانىنىڭ قېشىغا بېرىپ، قۇچاقلاپ دەردىنى بىلدى ۋە ئېيتتىكى:

- قىزنىڭ كۆزىنى تۇتقىنى، مېنىڭ ئىسمىم كۆز پەرىخان دېگىنى. قۇلىقىنى تۇتقىنى، مەن قۇل ئاباد دېگەن يەردە دېگىنى، ئىككى قولىنى ئالدى - ئارقىسىغا قىلغىنى، مېنى ئىزدىسەڭ ئالدى - ئارقاڭغا قارىماي ماڭ دېگىنى، دەپ بايان ئەتتى.

شاھ رازىلىق بەردى ۋە دانىشمەن بەسارەتنى شاھزادىگە قوشۇپ قۇل ئابادقا يولغا سالدى. ئۇلار كۆپ يەرلەرنى باستى، كۆپ سۇلار كەچتى. نىھايەت، قۇل ئاباد ئېلىنىڭ سىرتىغا يەتتى. ئۇلار بىر موماينىڭ بىر كومزەك سۇنى ئاران كۆتۈرۈپ، بىر خىلۋەتكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار مومايغا سالام بەردى. موماي ئۇلاردىن ئەھۋال سورىغان ئەردى، يىگىتلەر:

- جاھان كېزىپ تەمتىلەپ يۈرەرمىز، بالىسى يوققا بالىمىز، - دەپ ئېيتتى. موماي نىھايەت خۇش بولدى. ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ بېرىپ بالا قىلىۋالدى. موماينىڭ باغۋەن بوۋىيى بار ئەردى. ئۇ قۇل ئاباد ئېلىدە مەشھۇر

باغۋەن ئەردى. ئۇ، كۆز پەرىخانىنىڭ چاھار بېغىنى باقار ئەردى. كۈنلەردىن بىر كۈنى بەسارەت بوۋايغا باغقا بىللە ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. بوۋاي:

— ئوغلۇم، بۇ كۆز پەرىخانىنىڭ چاھار بېغى، ئىنس - جىن كىرىشكە بولمايدۇ، كۆز پەرىخانىنىڭ غەزىپىدىن ئاللا ساقلىسۇن، — دېدى.

دانىشمەن بەسارەت باغۋەن بوۋايغا يەنە يالۋۇردى، ئارىغا موماي كىردى ۋە ئاخىرى بوۋاينى ماقۇل كەلتۈردى. بوۋاي كۆز پەرىخانغا گۈل تىزغاندا دانىشمەن بەسارەت: «مەن تىزغايمەن بوۋا» دەپ گۈل تىزىپ ئىچىدە مۇنداق خەت سالدى: «كۆز پەرىخان، مەن كەلدىم، سىزنى كۈتىمەن!»

بوۋاي گۈلنى كۆز پەرىخانغا ئېلىپ كىرگەندە، كۆز پەرىخان خەتنى كۆرۈپ، بوۋايغا مۇنداق دېدى:

— قىزىلگۈل شېخى قىرىق بىر دەرەم - دەرەم!

بوۋاي قايتىپ كېلىپ بەسارەتتىن «بۇ نېمەگەپ» دەپ سورىدى. شۇندا دانىشمەن بەسارەت ئېيتتىكى:

— ئى باغۋەن ئاتا، قىزىل گۈل شاخىدىن قىرىق بىر تال ئېلىپ كەل، — دەپتۇ، — دېدى.

بوۋاي قىزىل گۈلنىڭ يوغان شاخلىرىدىن ئالغان ئەردى، بەسارەت:

— ئى، ئاتا، نوتىلىرىنى ئېلىڭ، — دەپ ئاگا ئۆگەتتى، بوۋاي قىزىلگۈل نوتىلىرىنى كۆز پەرىخان ئالدىغا ئېلىپ كىرگەن ئەردى، كۆز پەرىخان ئۇنى ئېلىپ كەلگەن قىزىلگۈل شۇۋىقى بىلەن راسا ساۋىدى. بوۋاي ئېڭراپ باغقا يېنىپ چىقتى. شۇندا بەسارەتكە:

— ئى، ئوغلۇم، قىزىلگۈلنىڭ يوغان شاخلىرىنى ئالمىغىنىم ياخشى بولغانىكەن، بولمىسا ساق قالماس ئىكەنمەن، ئەقلىڭگە ئاپىرىن! — دېدى.

www.uyghurkitap.com

دانىشمەن بەسارەت كۆز پەرىخانىنىڭ بۇ ئىشارىدىن «تۈندە قىزىلگۈل تۇۋىگە كېلىڭ!» دېگەن مەنىنى سەزدى. ئاندىن شاھزادە ئالدىغا بېرىپ:

— كۆز پەرىخانغا ئىشارەت بەردىم. تۈندە ئۇ «قىزىلگۈل تۇۋىگە چىقمەن ئۇخلاپ قالما!» دەپ ئېيتتى.

شاھزادە تۈننى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى ۋە يەر يۈزىنى تۈن پەردىسى باسقاندا مەشۇق دىلىنى كۆزلەپ، تىلىدا ئىشق سۆزىنى سۆزلەپ باغقا ئۆتتى. كۆز پەرىخانىنى كۈتتى، كۈتتى، ئۇنىڭدىن ھېچ نىشان بولمىدى، ئاخىرى ئۇخلاپ قالدى.

ئەلقىسسە: مەلىكە كۆز پەرىخان قىرىق كېنىزىكى بىلەن تۈن تەگدە باغقا ئۆتتى. كۆردىكى، شاھزادە ئاشىقى كاردان قىزىلگۈل تۇۋىدە ئۇخلاپ قالغان، گۈل شاخىدا بىر بۇلبۇل خەندان ئۇرۇپ سايراپ تۇرغان. شۇندا ئەقىللىك مەلىكە شاھزادىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قوينىغا بەش ئوشۇق سېلىپ قويدى ۋە ئاندىن قايتىپ كەتتى.

ئاشىق شاھزادە بىر مەزگىلدە ئويغانغان ئەردى، ھېچ تىۋىش يوق، تېپتىنچ، شۇندا كۆز پەرىخان چىقمىدى دەپ ئويلىدى — دە، قايتتى ۋە دانىشمەن دوستىغا: «كۆز پەرىخان چىقمىدى» دەپ خەۋەر بەردى.

— سەن ئۇخلاپ قالدىڭمۇ دوستۇم، — دەپ سورىغان ئەردى، شاھزادە:

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى، شۇندا دانىشمەن بەسارەت ئۇنىڭ قوينىنى ئاختۇرۇپ ئوشۇقلارنى ئالدى ۋە ئېيتتىكى:

— ئاشىققا ئويقۇ ھارامدۇر، مەلىكە چىقىپتۇ ۋە سېنى تېخى چوڭ بولماپسىز، ئوشۇق ئوينايدىغان ۋاقتىڭىز ئىكەن دەپتۇ.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز، — دەپ سورىدى شاھزادە.

— ئەمدى مەن سېنىڭ تىرنىقىڭنى ئالىمەن، گۆشىنى تىلىمەن، شۇندا ئاغرىققا چىداش بېرىپ، تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇرىسەن، — دەپ دانىشمەن بەسارەت دوستى شاھزادىنىڭ چىمەلتىكىنىڭ تىرنىقىنى گۆشى بىلەن شىلىپ ئالدى ۋە ئۇنى تېڭىپ قويدى. ئاندىن شاھزادىگە ئېيتتى:

— ئۇخلىغۇچى بولما، مەلىكە چىققاندا زىيابەت قىلۇر، سۇ قۇيۇشقا باشلىغاندا سەن ئالدىدا تۇرۇۋال، ئۇنىڭ ھۆسنىگە قانارسەن، قولۇڭنى ئاۋايلاپ يۇ، چىمەلتىكىڭگە سۇ تەگكۈزمە، مەلىكە كۆز پەرىخان: «ئاخشام نە ئۈچۈن ئۇخلاپ قالدىڭىز» دەپ سورىسا، «ئى، كۆز پەرىخان خالىدا كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئاز كېنىزەكىڭىز بىلەن چىقىشىڭىز بولماسمىدى، قىرىق كېنىزەك ئالدىدا مەن قانداق سۆز قىلالايمەن، سىزنى كۆرۈپ، شۇڭا يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇۋالدىم» دەپ ئېيتقىن.

سۆز شۇنداق بولدى، شاھزادە كاردان پۈتۈن تۈن بويى قولىنىڭ ئاغرىقىغا چىداپ، كۆز پەرىخاننى كۈتتى. تۈن تەڭدە باغنى يورۇتۇپ كۆز پەرىخان كېنىزەكلىرى بىلەن باغقا چىقتى ۋە شاھزادە بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭدىن: «ئاخشام نە ئۈچۈن ئۇخلاپ قالدىڭىز؟» دەپ سورىغان ئەردى، شاھزادە دانىشمەن دوستى ئۆگەتكەندەك جاۋاب بەردى. كېنىزەكلەر مەلىكە كۆز پەرىخاننىڭ قولىغا سۇ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن شاھزادە قولىغا سۇ ئالغاندى، بىر تامچە سۇ چىمەلتىكىنىڭ گۆشىنى شىلىۋەتكەن يېرىگە تەگكەندە ئاغرىقىغا چىدىيالماي قاتتىق سىلكىۋەتتى. شۇندا بىر تامچە سۇ كۆز پەرىخاننىڭ مەڭزىگە قوندى. مەلىكە ئاچچىقلىنىپ:

— ھوي، ئەدەبسىز! — دېدى — دە، كېنىزەكلىرىنى ئېلىپ باغدىن چىقىپ كەتتى. چاھار باغدا يەككە — يېگانە قالغان شاھزادە نالە — پەرياد قىلىپ يىغلىۋەتتى.

ئەلقىسە: دانىشمەن بەسارەت شاھزادىگە ئېيتتىكى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئەمدى ئامال يوق، بىز بۇ يەردىن چىقىپ ماكان تۇتايلى، بىر مەزگىل كۈتەيلى، بەلكى يول بولۇپ قالار. شۇنداق قىلىشتى، ئۇلار شەھەر ئارىلىدى. ساتىراشخانىغا كىرىپ، چاچ ـ ساقاللىرىنى ياساتتى. ساتىراشخانىدا مەلىكە كۆز پەرىخان ھەققىدە پاراڭ باشلاندى. بىر كىشى ئېيتتى:

— دوستلۇق، مېھرىبانلىق بولسا شۇنچىلىك بولار، مەلىكە كۆز پەرىخان بىلەن جانقۇل شاھنىڭ قىزى گۈل ھەسەل بىر ـ بىرىگە شۇنچە مېھرىبان، قىيامەتلىك دوست. ئەگەر گۈل ھەسەل كېلىدۇ دېسە، مەلىكە كۆز پەرىخان بىر ئايلىق يولغا ئالدىغا چىقىپ كۆز تۇتىدۇ. بۇ سۆزنى ئېشىتىپ دانىشمەن بەسارەت ئويلاندى ۋە شاھزادىنى باشلاپ بىر ھىيلە قىلماقنى نىيەت ئەتتى.

ئەلقىسە: دانىشمەن بەسارەت نۇرغۇن قىزلارنى سېتىۋالدى ۋە ئۇلارنى كېنىزەك سىياقىدا ياساندۇردى، شاھزادىنى بولسا، مەلىكە گۈل ھەسەل سىياقىدا ياساندۇردى، ئاندىن بىر ئايلىق يول ئۈستىدە تۇرۇپ مەلىكە كۆز پەرىخانغا خەۋەر يەتكۈزدى: «گۈل ھەسەل كېلۇر!»

مەلىكە كۆز پەرىخان گۈل ھەسەل يولىغا كۆز تىكتى ۋە ئۇنى خۇشال كۈتۈۋالدى. ئوردا ئېچىدە شاھانە زىياپەتلەر بولدى. كۈنلەر ئۆتتى، بىر كۈنى مەلىكە كۆز پەرىخان بىلەن «گۈل ھەسەل» تەنھا قالغاندا ھامامغا چۈشۈشتى. شۇندا بۇ سىر ئەسرا ئايان بولدى. مەلىكە كۆز پەرىخان:

— شاھ ئاتامغا قانداق يۈز كېلۇرمەن، ئەل ـ يۇرت بىلگۈچە ئۆلگىنىم تۈزۈك، سىز بىلەن بىللە كېتەي، — دەپ ئېيتتى ۋە ئۇچى شۇنداق قىلىشتى. نىھايەت ئۇلار يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇمول يۈرۈپ، بىر دەشت ـ باياۋاندا تۈنىدى. شۇندا مەلىكە كۆز پەرىخان چاھار باغدا بولغان ھەممە دانىشمەن

مىلكىلەرنىڭ ئىگىسى بەسارەت ئىكەنلىكىنى سەزدى ۋە كۆڭلىدە: «ئەجەب، دانىشمەن بەسارەتنى كۆرمىگەن ئىكەنمەن» دەپ ئۆكۈندى. شۇندا بۇنى سەزگەن بەسارەت: «دوستىغا سادىق بولماق دوستلۇق بۇرچىدۇر، مەن سىزگە كۆرۈنۈشنى دوستلۇققا خىيانەت دەپ بىلدىم!» دەپ ئېيتتى. كۆز پەرىخان يىگىتنىڭ تاپقۇرلۇقىغا، دانىشمەن، ئالىيجانابلىقىغا ئاپىرىن - تەھسىن ئېيتتى.

تۈن تەگىدە ئۇلارنىڭ ئۈستىدە غازلار ئۇچۇپ ئۆتتى. ئۈچ غاز «غاق، غاق!» قىلىشتى. دانىشمەن بەسارەت غازلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلدى. چوڭ غاز: «بۈگۈن تۈن بۇلارنىڭ بېشىغا بىر بالا كېلۇر» دېدى. ئوتتۇرانچى غاز: «ۋەزىرنىڭ ئوغلى دانىشمەن، بۇ بالادىن شاھ ئوغلىنى، مەلىكىنى قۇتقۇلدۇرار!» دېدى. ئەڭ كىچىك غاز: «شاھ ئوغلى دۆت، نەچچە كېچە ئۇخلىمىغان، بۈگۈن تۈن ئويغانماس!» دېدى. تۈن شامىلى چارچىغان تەنلەرگە ئۇيقۇ لەشكىرىنى ئېلىپ كەلدى. شاھزادە كاردان ئۇيقۇ دېڭىزىغا غەرق بولدى. ھەممە شېرىن ئۇيقۇدا ئەردى، مەلىكە كۆز پەرىخان تۇيۇقسىز شۇنداق قاتتىق چىرقىراپ ئويغاندىكى، دانىشمەن بەسارەت ئويغىنىپ كەتتى. كۆردىكى، مەلىكىنىڭ ئوڭ مەڭزى ئىششىپ، چىرايى بۇزۇلۇپ، بەتبەشىرىگە ئايلىنىۋاتاتتى. يىلان زەھىرى ئۇنىڭ ئايدەك ھۆسنىگە ھۇجۇم قىلماقتا ئەردى، بەسارەت نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. شاھزادىنى ھېچقانداق قىلىپ ئويغىتالمىدى. مەلىكىنىڭ ھۆسنى بۇزۇلۇپ، ئايدەك رۇخسارىنىڭ مەڭزىنى شوراپ يىلان زەھىرىنى دەمبۇدەم تۈكۈرۈپ ئۆزگىرىپ باراتتى. بىئىلاج دانىشمەن بەسارەت كۆز پەرىخان تۇردى. ئىششىق ئاستا - ئاستا ياندى. پەقەت قوناقتەك ئىششىق قالغاندا تاڭ سۈزۈلدى. شۇندا بەسارەت قاتتىق بىر ورىغان ئەردى، شاھزادە ئويغىنىپ، كۆزى چۈشۈپ قالدى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

ۋە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئى، قىيامەتلىك دوستۇم، دوستلۇق شۇنداق بولۇرمۇ، مەن سېنى دەپ تەختنى — بەختىمدىن كەچكەنىدىم، ئەمدى سېنىڭدىن شۇ ۋاپا كەلدىمۇ؟ — دېۋىدى، بەسارەت ئەھۋالنى ئېيتتى: لېكىن شاھزادە ئىشەنمىدى. نۇرغۇن سۆزلەر ئېيتىلسىمۇ بولمىدى. ئاخىرى بەسارەت ئېيتتىكى:

— ئى، قىيامەتلىك دوستۇم، ئاللا ھەققىدە قەسەم قىلسامۇ ئىشەنمىدىڭ، خەير ئۆزۈڭگە قىلدىڭ! — دېدى — دە، بىر چىرقىراپلا چىپار تاشقا ئايلىنىپ يېتىۋالدى.

شاھزادە بىلەن مەلىكە يولغا چۈشتى، يولدا ئۇلار قاراقچىلارغا ئۇچراپ بالاغا يولۇقتى. قاراقچىلار مەلىكە كۆز پەرىخاننى بۇلاپ كەتتى. شاھزادىنى قول قىلىپ بىر كىشىگە ساتتى. شاھزادە ئۆز قىلمىشىغا ئۆكۈنۈپ يىغلايتتى، كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ پۇرسەت تېپىپ قاچتى ۋە ئۇدۇل چىپار تاش ئالدىغا كەلدى — دە، زار — زار يىغلاپ خۇداغا نالە قىلدى. دانىشمەن سادىق دوستىنى سېغىندى. ئاللادىن ئۆز گۇناھىنى تىلىدى ۋە شۇنداق ھەسرەت بىلەن نەزمە ئېيتتىكى: چۆلدىكى گۈل — گىياھلار، جانۇ — جانىۋارلار تەڭ پىغان قىلىشتى.

بىلەلمەي ھالۇ قەدرىڭنى سېنى، ئەيلەپتىمەن خار، دوست،
بولۇپ قۇل كىشى قولىدا ساغا بولدۇم ئەجەب زار، دوست.

ئالتىنچى كۈنىگە بارغاندا تاشتىن زۇۋان بولدى:

— خەيرىيەت ئاللا ئىسمى بىلەن قەسەم قىلدىڭ، گۇناھكار گۇناھىنى تىلىسە كەچۈرمەسلىك گۇناھتۇر، سېنى كەچۈردۈم، — دەپ ئورنىدىن تۇردى دانىشمەن بەسارەت.

شۇنداق قىلىپ دانىشمەن بەسارەت يەنە ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۆز قىياپىتىگە ئۆزگىرىپ، دوستى ئۈچۈن كۆپ ياخشىلىقلارنى بەخش ئەتتى. مەلىكە كۆز پەرىخاننى

ئىزدەپ تاپتى، مەلىكە بىر غاردا تۇتقۇن قىلىنغانىدى، دانىش-
مەن بەسارەت بۇ يۇرتنىڭ شاھى بىلەن كېلىشىپ، ئۇنىڭغا
نۇرغۇن دۇنيا ـ دەپىنە بېرىش شەرتى بىلەن قاراقچىلارنى
يورۇق ئالەمدىن قاراڭغۇ زېمىستانغا ھۆكۈم ئەتتى. خەيرىيەتكى،
ئازاد بولغان مەلىكە كۆزپەرىخان دانىشمەن بەسارەتكە كۆپتىن-
كۆپ تەشەككۈر بايان ئەتتى.

ئەلقىسە، رىۋايەتكار دەم نەپەستىن بۇ رىۋايەتنى شۇنداق
ئاخىرلاشتۇردىكى: شاھزادە كاردان مەشۇقى كۆزپەرىخاننى ئېلىپ،
دوستى دانىشمەن بەسارەت بىلەن ئۆز شەھىرىگە يول ئالدى.
شاھ ئابدۇلھەبەت بولارنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئىشتىپ، دانىش-
مەن بەسارەتنى ئۆز ئوغلىدىن چارى كۆردى ۋە شاھلىق تەخ-
تىنى ئۇنىڭغا بېرىپ. ئوغلى شاھزادە كاردانىنى ئوڭ قول ۋەزىر-
لىككە تەيىن ئەتتى. باسارەتكە جانقۇل شاھنىڭ قىزى گۈل
ھەسەلنى ئېلىپ بەردى، ئەل ـ يۇرت بۇ ئىشتىن بىھېساب
مەمنۇن بولۇپ، ئادىل ۋە دانىشمەن شاھى بەسارەتنىڭ نۇرى
ئاپتىپىدا تولىمۇ ئاسايىشلىق كۈن كۆرۈپتۇ.

(«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىل 5 -
سانىدىن ئېلىندى)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com

# ئەقىللىك كەنجى قىز

بۇرۇنقى زاماندا، غەرب تاماندا بىر باي ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بەش قىزى بار ئىكەن، كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، بۇ قىزلارمۇ چىرايلىق ئۆسۈپ بويىغا يېتىپتۇ. شۇ يۇرتنىڭ خىلۋەت بىر يېزىسىدا ھەمرا ئىسىملىك بىر يىگىت بولۇپ، قىزلارغا ئۇنىڭ كۆزى چۈشۈپتۇ، ئۇلار ئىچىدىن بىر ئەقىللىك قىزنى تاللاپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئاخىر ئۇ قايسى قىزنىڭ ئەقىللىك ئىكەنلىكىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن چارە تېپىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ئالتۇن ئۈزۈك ئاپتۇ ۋە ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆل بېشىدىكى سۆگەت شېخىغا شولىسى سۇغا چۈشۈپ تۇرىدىغان قىلىپ ئىلىپ قويۇپتۇ.

بىر كۈنى قىزلارنىڭ چوڭى كۆل بويىغا سۇغا چىقىپتۇ، ئۇ سۇ ئالاي دەپ كۆلگە شۇنداق قارىغانىكەن، بىر ئالتۇن ئۈزۈك ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقىپتۇ. ئۇ قىز خۇشال بولۇپ، ئۈزۈكنى سۇزۇۋالاي دەپ قولىنى سۇغا سالغانىكەن، سۇ بىر داۋلغۇپلا ئالتۇن ئۈزۈك كۆزدىن غايىب بوپتۇ. سۇ جىم بولغاندىن كېيىن قارىسا، ئالتۇن ئۈزۈك يەنە كۆلدە پەيدا بوپتۇ. ئۇ يەنە قولىنى سۇغا ساپتۇ، لېكىن ئالتۇن ئۈزۈك يەنە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. بۇ قىز شۇنچە ھەپىلىشىپمۇ ئۈزۈكنى ئالالماي، سۇيىنى ئېلىپ ھەسرەت بىلەن ئۆيىگە قايتىپتۇ.

ئەتىسى ئىككىنچى قىز سۇغا چىقىپتۇ. ئۇمۇ كۆل بويىغا كېلىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، كۆلدە بىر ئالتۇن ئۈزۈك تۇرغۇدەك، ئۇمۇ قولىنى سالغانىكەن، سۇ بىر داۋالغۇپلا، ئالتۇن ئۈزۈك كۆزدىن غايىب بوپتۇ. سۇ جىم بولغاندا قارىسا ئۈزۈك يەنە سۇدا پەيدا بوپتۇ. ئۇ يەنە بىر ھازاغىچە ئاۋارە بوپتۇ، لېكىن ئۈزۈكنى تاپالماپتۇ.

يەنە بىر كۈن ئۆتۈپتۇ، سۇغا چىقىش نۆۋىتى ئۈچىنچى قىزغا كەپتۇ. ئۇمۇ كۆل بويىغا كېلىپ، شۇنداق قارىسا، كۆلدە بىر ئالتۇن ئۈزۈك تۇرۇپتۇ. ئۇمۇ ئاچىلىرىدەك سۇغا قول سېلىپ، ئۈزۈكنى سۈزۈۋېلىشقا باشلاپتۇ. لېكىن ئۇمۇ ئۈزۈككە ئېرىشەلمەي سۇيىنى ئېلىپ قايتىپتۇ.

تۆتىنچى قىزمۇ ئۈزۈكنى تاپالماپتۇ. ئەمدى سۇغا چىقىش نۆۋىتى كەنجى قىزىغا كەپتۇ. ئۇ كۆل بويىغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، كۆلدە بىر ئالتۇن ئۈزۈك كۆزىگە چېلىقىپتۇ. ئۇمۇ ئالتۇن ئۈزۈكنى ئېلىش ئۈچۈن قولىنى سۇغا سالغانىكەن، ئالتۇن ئۈزۈك يوق بولۇپ كېتىپتۇ. كەنجى قىز ئويلىنىپتۇ، سىنچىلاپ سۇغا قاراپ، ئۈزۈكنىڭ سۇدا ئەمەسلىكىگە كۆزى يېتىپ، سۆگەتكە شۇنداق قارىغانىكەن، سۆگەت شېخىدىكى ئالتۇن ئۈزۈك ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقىپتۇ، كەنجى قىز ئالتۇن ئۈزۈكنى ئاپتۇ-دە، خۇشال بولۇپ قىن - قىنىغا پاتماي سۇيىنى ئېلىپ ئۆيىگە راۋان بوپتۇ.

قىزنىڭ ئالتۇن ئۈزۈكنى ئېلىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر چوڭ ئاچىسىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاچىلىرى ئالتۇن ئۈزۈكنى سىڭلىسىدىن تارتىۋېلىشنى ئويلىشىپتۇ. لېكىن ئۇلار ئۈزۈكنى تارتىۋالالمىغاندىن كېيىن تولىمۇ ھەسەتخورلۇق قىلىشىپ، ئاتا - ئانىسىغا: «كەنجى سىڭلىمىز يامان يولغا مېڭىپ قاپتۇ، بىر گاداي بىلەن توي قىلماقچى بوپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىر تال ئالتۇن ئۈزۈكنى ئاپتۇ» دەپ چېقىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇ گەپلەرگە ئىشىنىپ، قىزىغا دەشنام قىلىپ غەزەپ بىلەن ئۇنى سوراق قىپتۇ.

— ھەي يۈزى قېلىن، نېمىشقا بىر يالاڭتۆش بىلەن توي قىلماقچى بولدۇڭ؟ باي باينىڭ قايىشى، كەمبەغەل كەمبەغەلنىڭ قايىشى، سەن بىزنىڭ يۈزىمىزنى چۈشۈرۈپسەن، يوقال كۆزۈمدىن! سەندەك قىزىمىز يوق، ماڭ، شۇ گاداي بىلەن نەگە بارساڭ بار! كەنجى قىز ئازابلىنىپ:

— ھۆرمەتلىك ئانا ۋە دادا، ماڭا ئىشىنىڭلار، مەن باشقىلاردىن ئۈزۈك ئالمىدىم، بۇ ئۈزۈكنى كۆل بويىدىكى سۆگەتتىن ئالدىم، — دەپتۇ.

بىراق قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەي ئۇنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.

بۇ بىچارە قىز ھەيدەپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ باردىغان يېرى بولمىغانلىقتىن، كۆز يېشى قىلغان پېتى بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كۆل بويىغا كەپتۇ. كۆل بويىدا بىر ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئولتۇرغانىكەن. بۇ قىزنىڭ يىغلاپ تولىمۇ ھەسرەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بوۋاي مۇلايىملىق بىلەن:

— نېمانچە قايغۇرىسىز قىزچاق! — دەپ سوراپتۇ. قىز كۆل بويىدىن ئالتۇن ئۈزۈك تېپىۋالغانلىقىنى، كېيىن ئاچىلىرىنىڭ قىلغان يامانلىقىنى، نەتىجىدە ئاتا - ئانىسىنىڭمۇ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقارغانلىقىنى بىر - بىرلەپ بوۋايغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بوۋاي بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ:

— قايغۇرماڭ قىزچاق، يۈرۈڭ، مەن بىلەن مېڭىڭ، ماڭا يېتىشەلىسىڭىز بىللە مېڭىڭ، يېتىشەلمىسىڭىز ھاسامنىڭ ئىزىغا قاراپ ماڭسىڭىز بولىدۇ، — دەپتۇ ۋە ھاسىغا تايىنىپ كېتىپ قاپتۇ، قىز بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. لېكىن

بىر دەمدىن كېيىن بوۋايغا يېتىشەلمەي يىراقتا قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز ھاسىسىنىڭ ئىزىغا قاراپ مېڭىپتۇ. چۆلدە يالغۇز قالغانلىقىدىن قورقۇپ يىغلاپتۇ. ئۇ يىغلىغان پېتى ھاسىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئالدىغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ. بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن، بىر مەھەللىگە كېلىپ قاپتۇ. بۇ مەھەللىدە چىرايلىق بىر ئۆي بولۇپ، ئىشىك ئالدىدا بىر كىشى تۇرغانىكەن. قىز ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئالتۇن ھاسىغا تايىنىپ ئۆتكەن بوۋاينى كۆردىڭىز-مۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. قىزنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ئۆيدىن چىرايلىق بىر يىگىت چىقىپتۇ. قىز سىنچىلاپ قارىسا، بۇ يى-گىت ھېلىقى ھاسىغا تايانغان بوۋايغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىپتۇ. يىگىت تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن:

— قىزچاق كېلىڭ، ئۆيگە كىرىڭ! — دېپتۇ.

قىز بۇ يىگىتنىڭ تولىمۇ قىزغىن، سىلىق مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ، ئۆيگە كىرىپتۇ. يىگىت قىزغا:

— قايغۇرماڭ، مانا بۇ ھەم سىزنىڭ ئۆيىڭىز، ھەم مېنىڭ ئۆيۈم بولىدۇ، — دەپتۇ. قىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ تولىمۇ ھەيران بولۇپ:

— قانداقسىگە مېنىڭ ھەم سىزنىڭ ئۆيىڭىز بولىدۇ؟ — دەپتۇ.

يىگىت قىزنىڭ دەرگۇمانىدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆت-كەن ئىشلارنى بىر قۇر سۆزلەپ بېرىپتۇ:

— سىلەرنىڭ بەش ئاچا-سىڭىلنىڭ ئىچىدىن ئەقىللىق بىر قىزنى ئۆزۈمگە لايىق تاللىماقچى ئىدىم، ئىسمىم ھەمرا، سى-لەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىڭلارنى سىناش ئۈچۈن ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆل بويىدىكى سۆگەت شېخىغا ئىلىپ قويۇپ، بىر دالىدا مۆكۈپ تۇرغانىدىم. ئالتۇن ئۈزۈكنى ئاخىر سىز ئالغاندىن كېيىن بوۋايچە ياسىنىپ، كۆل بويىدا يۈز كۆ-رۈشۈش ئۈچۈن سىزنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىدىم. سىز ئۆيدىن

ھەيدەپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، مەن سىزنى ئۆز ئۆيۈمگە باشلاپ كەلدىم. قىزچاق. مەن ئويلاپ يۈرگەن چىرايلىق، ئەقىللىك قىز سىز بولىسىز.

قىز يىگىتنى ھەمراننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ھەم خۇشال بوپتۇ ھەم ئىزا تارتىپ يەرگە قاراپتۇ ۋە:

— ئاچلىرىم مېنى كۆرەلمەي، ماڭا ھاقارەت قىلىشتى، ئاتا - ئانام ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردى. ئۆيگە بارالماي ماكانسىز بولۇپ قالدىم. دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. يىگىت قىزنىڭ دەرد - ھالىغا يېتىپ، پاك قەلبىنى ئۇنىڭغا ئاتا قىپتۇ ھەم مۇھەببەت ئىزھار قىپتۇ. كەنجى قىز ئۇنىڭ تولىمۇ سەممىي، سادىق ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىپ، ھەمرا بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار خۇشال - خۇرام توي قىلىپ، بىر - بىرىگە سادىق بولۇپ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

(«قاراماي ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىل 3 - سانىدىن ئېلىندى.)

## كۆڭلەك

بۇرۇن - بۇرۇنسىدا ناھايىتى باي بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ھوقۇق ۋە قۇدرىتىمۇ ئىنتايىن زور ئىكەن. بىراق، ئۇ ئۆزىنى پەقەتلا بەختلىك ھېس قىلمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەقىل - پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن بىر ئاقساقال بوۋاي- دىن قانداق قىلغاندا بەختكە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. ئاقساقال پادىشاھقا:

— بەخت دۇنيادا ئېرىشكىلى بولمايدىغان ئەڭ قىيىن نەرسە، لېكىن مەن ئۇنى تېپىشنىڭ يولىنى بىلىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنى تېپىشنىڭ يولى قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— بۇ ناھايىتى ئاسان، سىز بەختلىك كىشىنىڭ كۆڭ- لىكىنى كىيسىڭىزلا كۇپايە.

پادىشاھ ئۇ كىشىگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىپ ئۇنى تېپىش قارارىغا كەپتۇ. ئۇ سەپەرگە ئاتلىنىپ، دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنى ئارىلاپ، ئۇ يەرلەردىكى پادىشاھ، ۋەزىر، يازغۇچى، ئالىم، ئارتىس، دوختۇرلارنى زىيارەت قىپتۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ئاخىرى ئۆز مەملىكىتىگە قۇرۇق قول قايتىش- قا مەجبۇر بوپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ دۈمبىسى يالىڭاچ بىر دېھقاننىڭ ئېتىزلىقتا ئەمگەك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ دېھقان بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن خۇشال ناخشا ئېيتىۋاتقۇدەك. پادىشاھ ئۇنىڭ چىرايىدا غەم ـ قايغۇدىن قىلچىمۇ ئەسەر يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ھەيران بولغان ھالدا ئۇنىڭدىن:

ــ بۇرادەر، سىز بەختلىكمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ شۇنداق، مەن ناھايىتى بەختلىك، ــ دەپتۇ دېھقان كۈلۈپ.

ــ سىز پادىشاھ بولۇشنى خالايدىغانسىز؟

ــ مەن بۇ ئىشنى ئەزەلدىن ئويلاپ باققان ئەمەس.

ــ ئۇنداقتا، ــ دەپتۇ پادىشاھ، ــ كۆڭلىكىڭىزنى ماڭا سېتىپ بەرسىڭىز قانداق؟

ــ كۆڭلەك؟ ــ دەپتۇ دېھقان ھەيران بولۇپ، ــ مەندە ئەسلا كۆڭلەك يوق.

(«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1987 - يىل 9 - ئىيۇل سانىدىن ئېلىندى.)

# تۈلكە بىلەن توشقان

بۇرۇنىسىدا بىر تۈلكە بىلەن بىر توشقان ئۆتكەنىكەن. تۈلكىنىڭ مۇزدىن ياسالغان كىچىك بىر ئۆيى بار ئىكەن، توشقانىنىڭمۇ قوۋزاقتىن ياسالغان كىچىك بىر ئۆيى بار ئىكەن.

گۈزەل نەۋ باھار كېلىشى بىلەن تۈلكىنىڭ ئۆيى ئېرىپ كېتىپتۇ. توشقانىنىڭ بولسا ساپساق تۇرۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن تۈلكە توشقانىنىڭ ئۆيىنى بىر كېچە قونۇۋالاي دەپ ئارىيەت ئاپتۇ - يۇ، يۈز ئۆرۈپ توشقانىنى ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. توشقانچاق يول بويى يىغلاپ مېڭىپتۇ.

بىر ئىت ئۇنى كۆرۈپ:

— ھاۋ، ھاۋ، ھاۋ! توشقانچاق، نېمىگە يىغلايسەن؟ — دەپتۇ.

— مەن نېمىشقا يىغلىماي؟ ئەسلىدە مېنىڭ دەرەخ قوۋزىقىدىن ياسالغان بىر ئۆيۈم بار ئىدى، تۈلكىنىڭ مۇزدىن ياسالغان ئۆيى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيى ئېرىپ كەتكەندىن كېيىن، مېنىڭ ئۆيۈمدە بىر كېچە قونۇۋالاي، — دەپ مېنى ھەيدەپ چىقاردى.

— يىغلىما، توشقانچاق! مەن ساڭا ياردەم قىلاي، — دەپ ئۇلار ئىككىسى ئۆيىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەپتۇ. ئىت ھاۋشىغلى تۇرۇپتۇ:

— ھاۋ، ھاۋ، ھاۋ! ھەي تۈلكىۋاي، يوقال بۇ يەردىن!

تۈلكە كاڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇلارغا:

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com

— مەن بىرلا سەكرەپ ئېتىلىپ چىقىدىغان بولسام، ھەممىلا يەرنى قۇم ـ شېغىل، تاشلار قاپلاپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

ئىت قورقۇپ كېتىپ بەدەر تىكىۋېتىپتۇ.

توشقانچاق يەنە يىغلىغان پېتى يولغا راۋان بوپتۇ، بىر ئېيىق ئۇنىڭغا ئۇچراپ:

— توشقانچاق، نېمىگە يىغلايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نېمىشقا يىغلىمايتتىم؟ مېنىڭ دەرەخ قوۋزىقىدىن سېلىنغان بىر ئۆيۈم بار ئىدى، تۈلكە بىر ئاخشام قونۇۋالاي دەپ ئۆيۈمنى ئارىيەت ئېلىپ مېنى ھەيدەپ چىقاردى.

— يىغلىما، مەن ساڭا ياردەم قىلاي.

— ياق، سەن ماڭا ياردەم بېرەلمەيسەن. ئىت تۈلكىنى قوغلىۋېتىمەن دەپ بېرىپ قوغلىۋېتەلمىدى، سەنمۇ قوغلىۋېتەلمەيسەن.

— ياق، قوغلىۋېتەلەيمەن!

ئۇلار ئىككىسى ئۆينىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئېيىق دەرھال ھۆركىرەپ:

— ھەي تۈلكە، يوقال بۇ يەردىن، — دەپتۇ.

بىراق تۈلكە كاڭ ئۈستىدە تۇرۇپ:

— مەن بىرلا سەكرەپ ئېتىلىپ چىقىدىغان بولسام، ھەممىلا يەرنى قۇم ـ شېغىل، تاشلار قاپلاپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

ئېيىقمۇ قورقۇپ تىكىۋېتىپتۇ.

توشقانچاق يەنە يولغا راۋان بوپتۇ، بىر بۇقا ئۇنىڭغا ئۇچراپ:

— توشقانچاق نېمىگە يىغلايسەن؟ — دەپتۇ.

— نېمىشقا يىغلىمايتتىم؟ مېنىڭ دەرەخ قوۋزىقىدىن ياسالغان بىر ئۆيۈم بار ئىدى. تۈلكىنىڭ مۇزدىن ياسالغان بىر ئۆيى بار ئىدى. ئۇ بىر ئاخشام قونۇۋالاي، دەپ مېنى

قوغلاپ چىقاردى.
— يۇر، بىللە بارايلى، مەن ساڭا ياردەم قىلاي.
— ياق، بۇقا، سەن ماڭا ياردەم بېرەلمەيسەن. ئىت قوغلىۋېتىمەن دەپ بىرىپ قوغلىۋېتەلمىدى. ئېيىقمۇ قوغلىۋېتىمەن دەپ بىرىپ قوغلىۋېتەلمىدى. سەنمۇ ئۇنى قوغلىۋېتەلمەيسەن.
— ياق، مەن قوغلىۋېتەلەيمەن!
ئۇلار ئىككىسى ئۆينىڭ ئالدىغا كەپتۇ. بۇقا دەرھال ھۆركىرەپتۇ:
— ھەي تۈلكە، يوقال بۇ يەردىن! — دەپتۇ.
بىراق، تۈلكە كاڭ ئۈستىدە تۇرۇپ:
— مەن بىرلا سەكرەپ ئېتىلىپ چىقىدىغان بولسام ئالەمنى قۇم - شېغىل، تاشلار قاپلاپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.
بۇقا قورقۇپ كېتىپ بەدەر قېچىپتۇ.
توشقانچاق يەنىلا يىغلىغان پېتى ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ، بەلكى ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك يىغلاپتۇ.
ئۇرغاق تۇتقان بىر خوراز ئۇنىڭغا ئۇچراپتۇ:
— قۇ - قۇ - قۇ! توشقانچاق نېمىشقا يىغلايسەن؟ دەپتۇ.
— نېمىشقا يىغلىماي؟ مېنىڭ ئەسلىدە دەرەخ قوۋزىقىدا ياسالغان بىر ئۆيۈم بار ئىدى. تۈلكىنىڭ مۇزدىن ياسالغان ئۆيى بار ىدى. ئۇ بىر ئاخشام قونۇۋالاي، دەپ ئۆيۈمنى ئارىيەت ئېلىپ، مېنى ھەيدەپ چىقاردى.
— يۇر، ئىككىمىز بارايلى. مەن ساڭا ياردەم بېرىمەن.
— ياق خوراز، سەن ماڭا ياردەم بېرەلمەيسەن.
ئىت قوغلىۋېتىمەن دەپ بىرىپ قوغلىۋېتەلمىدى.
ئېيىق قوغلىۋېتىمەن دەپ بىرىپ قوغلىۋېتەلمىدى.
بۇقىمۇ بىرىپ قوغلىۋېتەلمىدى، سەنمۇ قوغلىۋېتەلمەيسەن.
— ياق، مەن قوغلىۋېتىمەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلار ئۆينىڭ ئالدىغا كەپتۇ، خوراز راسا بىر سەكرەپ، قانىتىنى قېقىپ تۇرۇپ قىچقىرىپتۇ.

— قۇ - قۇ - قۇ! — مەن ئۆتكۈر تىرناقلىرىم بىلەن ماگىمەن، مۈرەمدە بىر ئورغىقىم بار. تۈلكىنىڭ كاللىسىنى چىپ-چىپ تاشلىماقچىمەن. ھەي تۈلكىۋاي، كاڭنىڭ ئۈستىدىن ئىل-دام چۈشۈپ چىق بۇ يەرگە!

بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەن تۈلكە:

— ئايىغىمنى كىيىۋاتىمەن!... دەپتۇ.

خوراز يەنە قىچقىرىپتۇ.

— قۇ - قۇ - قۇ! مەن ئۆتكۈر تىرناقلىرىم بىلەن ما-گىمەن. مۈرەمدە بىر ئورغىقىم بار، تۈلكىنىڭ كاللىسىنى چىپچىپ تاشلىماقچىمەن. ھەي تۈلكىۋاي، كاڭدىن چاپسان چۈشۈپ چىق بۇ يەرگە!

— چاپىنىمنى كىيىۋاتىمەن... دەپتۇ يەنە تۈلكە.

خوراز ئۈچىنچى قېتىم يەنە چىللاپتۇ:

— قۇ - قۇ - قۇ! مەن ئۆتكۈر تىرناقلىرىم بىلەن ما-گىمەن، مۈرەمدە بىر ئورغىقىم بار، تۈلكىنىڭ كاللىسىنى چىپچىپ تاشلىماقچىمەن، ھەي تۈلكىۋاي، كاڭدىن ئىلدام چۈشۈپ چىق بۇ يەرگە!

تۈلكە خۇدىنى يوقاتقان ھالدا يۈگۈرۈپ چىققانىكەن، خوراز ئورغاق بىلەن بىرلا چىپىپ تۈلكىنىڭ جېنىنى ئاپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ توشقان بىلەن دەرەخ قوۋزىقىدا يېپىلغان ئۆيدە ھايات كەچۈرۈپتۇ.

(«شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىنىڭ 1984 - يىل 12 - ئۆكتەبر سانىدىن ئېلىندى.)

# بەختىنى تاپقان باللار

بۇرۇن - بۇرۇنسىدا بىر كەنتتە ئۈچ كىچىك بالا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى پادىچى ئىكەن. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن تولىمۇ ئىناق ئىكەن. ئۇلار دائىم كەنتتىكى قوي پادىلىرىنى ئەڭ يىراقتىكى بىر ئورمانلىققا ئاپىرىپ باقىدىكەن. ئورمانلىقنىڭ ئىچىدە بىر كونا بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزى ئېتىلىپ قالغاچقا سۇ چىقمايدىغان بولۇپ قالغانىكەن. بۇلاقنىڭ كۆزىنى ئوت - چۆپ ۋە تۈرلۈك لاتقىلار توسۇۋالغانىكەن.

بىر كۈنى پادىچى باللاردىن بىرى:

— بىز بۇلاقنىڭ كۆزىنى ئېچىپ ئۇنى يەنىمۇ چوڭقۇرلىتىپ قويساق قانداق؟ — دەپتۇ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ ھەمراھلىرى خۇشاللىقىدا ۋارقىرىشىپ. ئىككىنچى كۈنى ئۇلار بۇ يەرگە جەم بولۇپ جوتۇ، گۈرجەكلىرىنى تەييارلاپ، ھېلىقى بۇلاقنى كولاشقا كىرىشىپتۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن چوڭقۇر بىر ئېرىق كولاپ بارلىق سۇلارنى شۇ ئېرىقتىن ئاققۇزۇپتۇ. بۇلاقنىڭ كۆزىگە تىقىلىپ قالغان ئەخلەت - چاۋا ۋە لاتقىلارنى ئېلىپ تاشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۈپسۈزۈك سۇ بىر قەۋەت كۆپۈكنىڭ ئاستىدىن ئېقىپ چىقىپ، كۆپۈكنى ئىككى تەرەپكە بۆلۈۋېتىپ تېگى ئۈزۈم بىر كۆلچەككە قويۇلۇپتۇ. بۇ ئۈچ بالا سۇنىڭ ئېقىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇشۇپتۇ. بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەتراپلاردىن كۆپلىگەن چوڭ ۋە كەڭ تاشلارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ يېنىدىن چوڭقۇر بىر كۆلچەك كولاپ، كۆلچەككە تاشنى تىزىپتۇ. ئالدى تەرەپتىن چوڭ بىر ئېغىز قالدۇرۇپتۇ. كۆلچەككە توپا ۋە ئەخلەتلەرنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەڭ چوڭ ياپىلاق تاشنى ياپقۇچ قىلىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار كۆلچەكنىڭ يېنىدىكى چوڭ ياپىلاق تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، بۇلاقتىن سۈپسۈزۈك سۇنىڭ ئاستا ئېقىپ چىقىپ، كىچىك كۆلچەككە قۇيۇلۇپ، ئاخىردا چوڭ ئېغىزدىن چىقىۋاتقانلىقىغا قاراپ زوقلىنىشىپتۇ.

دەل شۇ ۋاقىتتا ئورمانلىقتىن ئاجايىپ كېلىشكەن، گۈزەل بىر قىز چىقىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئالتۇنغا ئوخشاش ساپ-سېرىق چېچى تاپىنىغا چۈشۈپ تۇرغۇدەك، قىزنىڭ بېشىدا ئاق گۈلچەمبىرەك بار ئىكەن، ئۇ كېلىپ:

— ياخشى تۇرامسىلەر باللار، سىلەرنىڭ بۇلىقىڭلاردىن سۇ ئىچسەم بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. باللار:

— ئىچىڭ! بىز بۇلاقنى كىشىلەر سۇ ئىچسۇن دەپ ياساپ قويدۇق، — دەپتۇ.

قىز ئېگىلىپ تۇرۇپ ئاپئاق، نازۇك قوللىرى بىلەن ئۈچ يۇتۇم سۇ ئىچىپتۇ. ئاندىن:

— مەن ئۈچۈڭلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئۈچ يۇتۇم سۇ ئىچتىم، — دەپتۇ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا. ئۇ بىردەم تۇرۇپتۇ-دە، يەنە:

— ياخشى ئىش قىلغىنىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. مەن ئورمانلىق ۋە ئورمانلىقلاردا ياشايدىغان بارلىق ھايۋانلارغا، ئورمانلىقتا ئۇچۇپ يۈرگەن بارلىق ئۇچار قۇشلارغا، شۇنداقلا ئورمانلىقتا ئۆسىدىغان بارلىق گۈللەرۋە ئۆسۈملۈكلەرگە ۋەكالىتەن سىلەرگە تەشەككۈر بىلدۈرى-

مەن. سىلەرگە بەخت تىلەيمەن! خەير - خوش! — دەپتۇ.

— بالىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ، خۇشاللىقىدا ھاياجانلىنىپتۇ.

— سىز بىزگە بەخت تىلىدىڭىز. بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىزگە ئېيتىپ بەرسىڭىز! — دەپتۇ بالىلاردىن بىرى ھېلىقى ناتونۇش قىزغا قاراپ تۇرۇپ.

— بۇنى ئۆزۈڭلار چۈشىنىۋېلىڭلار، يەنە ئون يىلدىن كېيىن بىز دەل مۇشۇ جايدا ئۇچرىشىپ قالارمىز. شۇ چاقىچە بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىسەڭلار شۇۋاقىتدا سىلەرگە ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

قىز سۆزىنى تۈگىتىپ قانداق تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق غايىب بوپتۇ.

بالىلار ھەيران بولۇپ، بىر - بىرىگە قارىشىپ قاپتۇ ۋە ئۇلاردىن بىرى:

— بىز بۆلۈنۈپ دۇنيانى ئايلىنىپ، بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالايلى، مەن شەرققە باراي، — دەپتۇ.

— مەن غەربكە باراي، — دەپتۇ يەنە بىرى.

— مەن مۇشۇ كەنتتە قالاي، مۇشۇ يەردە تۇرۇپمۇ بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالسام ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ ئۈچىنچىسى.

ئۇلار كېلىشكىنى بويىچە ئىش كۆرۈپتۇ. ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار يەنە ھېلىقى بۇلاقنىڭ يېنىدا ئۇچرىشىپتۇ. بالىلار ساغلام ۋە كۈچلۈك يىگىتلەردىن بولۇپ قالغانىكەن. ئۇلار يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن تولىمۇ خۇشال بولۇشۇپتۇ.

بۇلاقنىڭ سۈپسۈزۈك سۈيى بۇرۇنقىدەكلا جىمجىت ئېقىۋاتقانىكەن. بۇلاقنىڭ يېنىدىكى دەرەخلەر ئۆسۈپ، باراق-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سان بولۇپ، سايە بېرىپ تۇرغۇدەك. بۇلاقنىڭ تۆت ئەتراپىدا بولسا، كىشىلەرنىڭ كېلىپ ـ كېتىشى بىلەن ھاسىل بولغان چىغىر يوللار تۇرغان. بۇنىڭدىن كىشىلەرنىڭ شۇ يەرگە سۇ ئىچكىلى ياكى سۇ ئالغىلى كەلگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرغۇدەك. بۇ ئۈچ ياش بۇ يەردىكى بارلىق ئەھۋاللارغا ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قارىشىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار ھاياجانلىنىپ: «بىزنىڭ قىلغان ئىشىمىز گەرچە كىچىك ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىلەرگە يەتكۈزگەن پايدىسى ئاز بولماپتۇ!» دېيىشىپتۇ ۋە ياپىلاق تاشنىڭ ئۈستىدە ھېلىقى گۈزەل قىزنىڭ كېلىشىنى كۈتكەچ سۆزلىشىپتۇ.

— سىلەر مېنىڭ ئون يىلدىن بېرى نېمە ئىش قىلغانلىقىمنى بىلگىڭلار كېلىدىغاندۇر، — دەپ سۆز باشلاپتۇ بىرىنچى يىگىت، — مەن سىلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن بىر شەھەرگە بېرىپ مەكتەپكە كىردىم. جىقلا نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ بىر دوختۇر بولۇپ چىقتىم، — دەپتۇ.

— سەن بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئىككىنچىسى ئۇنىڭدىن.

— بىلدىم، بۇ ناھايىتى ئاددىي گەپ ئىكەن، مەن كېسەللەرنى داۋالىدىم. ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلدى. بۇ نېمىدېگەن بەخت! مەنمۇ باشقىلارغا ياردەم بېرەلىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلدىم، — دەپتۇ ئۇ.

— مەن دەپتۇ ئىككىنچى ئاستاغىنا، — نۇرغۇن يەرلەرگە باردىم، كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدىم، ھەتتا گۈلچىمۇ بولدۇم. مەن مۇشۇنداق تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى باشقىلارغا پايدىسى تېگىدىغان ئادەم ئىكەنمەن دەپ ھېس قىلدىم. مېنىڭ ئەمگىكىم بىكارغا كەتمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ ئۆزۈمنى بەختلىك سانايمەن.

— ئۇنداق بولسا سەنچۇ؟ — دەپ ئىككىيلەن يېزىدا

قالغان ھېلىقى ئۈچىنچى ھەمراھىدىن سوراپتۇ.

— مەن دېھقانچىلىق قىلىپ بۇغداي تېرىدىم، بۇغداي نۇرغۇن كىشىلەرنى تويغۇزدى. ئەمگىكىمنىڭ بىكارغا كەتمەيدىغانلىقىغا سىلەرنىڭ كۆزۈڭلار يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ ئۆزۈمنى بەختلىك دەپ ھېسابلايمەن، — دەپتۇ ئۇ.

بۇ ئۈچەيلەن ئۈن چىقارماي ئولتۇرۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا قەيەردىندۇر ئۇشتۇمتۇتلا ھېلىقى قىز پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ قىياپىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق ئىكەن. بۇرۇنقىدەكلا قۇندۇزدەك قاپقارا سۇمبۇل چېچى، بېشىدا گۈلچەمبىرىكى تۇرغان. بۇ قىزنىڭ كەمتەرلىكى، ئاق نىيەتلىكى، گۈزەللىكى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغۇدەك.

— مەن ناھايىتى خۇشال، سىلەر مېنىڭ سۆزۈمگە ئەمەل قىلىپ، يەنە مېنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈڭلار! — دەپتۇ قىز، — مەن سىلەرنىڭ ھەممە سۆزۈڭلارنى ئاڭلىدىم. سىلەر ئۈچۈڭلار بەختنىڭ ئەمگەككە باغلىق ئىكەنلىكىنى، ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ياخشى ئورۇنداپ، خەلق ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا باغلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپسىلەر.

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ ئۈچەيلەن تەڭلا سوراپتۇ ئۇنىڭدىن.

— مەن پاراسەتلىك قىز دەپ جاۋاب بېرىپلا، قىز كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

(«شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتى 1984 - يىل 12 - ئۆكتەبىر سانىدىن ئېلىندى.)

# ھەر كىشىنىڭ كاللىسىدا بىر خىيال

بۇرۇنقى زامانىدا گايىت ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئايالى ۋە بويىغا يەتكەن قىزى بولۇپ، ئۇچىلىسىنىڭ قولىقى ئېغىر ئىكەن. بۇلار ئۆزلىرىدىكى بۇ ئۇۋەنلىكنى كىشىلەرگە بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ پەرەز قىلىش ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرىدىكەن.

بىر كۈنى گايىت ئاخۇن سوقما تام توسقانىكەن، ناتونۇش بىر مويسىپىت يولۇچى شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭغا ئەدەب بىلەن سالام بېرىپ، ئەھۋال سوراپتۇ.

گايىت ئاخۇن ئۆز سوقمىسىنىڭ غېمىدە بولغاچقا، يولۇچىنىڭ گېپىنى ئاڭقىرالماي:

— سوقۇان تېمىم تۈزمۇ — قىڭغىرمۇ، چاتىقىڭ نېمە؟ يولۇڭغا مېڭىۋەرمەمسەن — دەپ ۋارقىراپتۇ. يولۇچى ھەيران بولغان ھالدا ئۇندىمەي ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي گايىت ئاخۇننىڭ ئايالى بىر قاچا ئىسسىق چۆچۈرە كۆتۈرۈپ يېتىپ كەپتۇ.

گايىت ئاخۇننىڭ ھېلىقى ئاچچىقى تېخى يانمىغاچقا تاماققا قارىماستىنلا ئايالىغا قاراپ:

— خوتۇن، كۆردۈڭمۇ؟ ھازىر بىر يولۇچى ئۆزىچىلا سوقۇان تېمىمغا زەڭ سېلىپ سۆزلەپ كەتتى، دەپ كايىپ بېرىپتۇ.

— هوي، دادىسى تاماققا ئىغىز تەگمەيلا تۇزلۇقكەن دەيلىغۇ، — دەپتۇ ئايالى رازى بولمىغان هالدا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكىنىنى بىزگە نامەلۇم.

ئايالى ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قولياغلىقتا كەشتە تىكىۋاتقان قىزىغا قاراپ:

— قىزىم داداڭنىڭ مۇشۇ كاج مىجەزىنى قانداق قىلارمىز؟ ئاپارغان ئاشنى ئىچمەي تۇرۇپلا تۇزلۇقكەن دەپ داتخورلۇق ئېيتىپتۇ. — دېدۇ، — قىزى دەرهال:

— مېنى كىمنىڭ ئوغلىغا بەرسەڭلار بېرىڭلار، پىكرىم يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1985 - يىل 20 - ماي سانىدىن ئېلىندى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئالتۇن قول

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھنىڭ ئەقىللىق، بىلىملىك گۈزەل بىر قىزى بولغانىكەن. بۇ قىز بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، تەرەپ - تەرەپتىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلاپتۇ. بىراق قىزدىن ھېچقانداق سادا چىقمىغاندىن كېيىن پادىشاھمۇ قىزىنىڭ رايىغا بېقىپ ئەلچىلەرگە ئېنىقراق جاۋاب بېرەلمەپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئەلچىلەر كېلىۋېرىپتۇ. پادىشاھ خىجىللىقتا چىدىماي قىزىنى چاقىرىپ:

— بالام بېشىڭغا بەخت قۇشى قونۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ بولسا ئائىلىمىزنىڭ بەخت - تەلىيى، ئەلچىلەرنى قۇرۇق قايتۇرۇۋېتىشكە يۈزىمىز قانداق چىدايدۇ؟ كېلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى شاھزادىلەرنىڭ ئەلچىلىرى ئىكەن، مەن ساڭىلا قاراشلىق تۇرۇۋاتىمەن، ئېنىق گەپ - سۆزۈڭنى قىلساڭ،

بىز ئەلچىلەرنى قۇرۇق قايتۇرمايلى، — دەپتۇ. قىز:

بولىدۇ ئاتا، لەۋزىڭىزنى ئالاي، مەن بولسام سىزنىڭ ئەتىۋارلىق ئەركە قىزىڭىز، بىراق مەن شاھزادە، بەگزادىلەرگە تەگمەيمەن. مەيلى باي بولسۇن، مەيلى گاداي بولسۇن مەن ئۈچۈن بەرىبىر. ماڭا پەقەت «ئالتۇن قول»لۇق يىگىت بولسىلا نىكاھلىنىشقا رازى بولۇۋېرىمەن، كىمنىڭ «ئالتۇنقول» ئىكەنلىكىنى نەق مەيداندىلا ئۆزۈم تاللايمەن، چىراي - شەكلىگە قارىمايمەن. پەقەت كىمنىڭلا بىرلا ۋاقىتتا بايلىقى

بىلەن گادايلىقنى كۆرسىتەلىشىگە قارايمەن، شۇ ۋاقىتتا كىمگە تېگىدىغانلىقىمنى ئۆزۈم چاكارلايمەن، شۇنىڭغا قاراپ كەلگەن ئەلچىلەرنى مېنىڭ ئەلچىلىرىم ئىكەن دەپ تونۇيمەن، شۇ ۋاقىتتىلا ئەرگە تېگىش ياكى تەگمەسلىكىمنى بەلگىلەيسىز... — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ گەپلەرگە ھەيرانۇ ھەس بوپتۇ - دە، قىزىنىڭ شەرتىگە كۆنۈپتۇ. شەرت بويىچە قىز ئېگىز راۋاقتا ئولتۇرۇپ يىگىتلەرنى بىردىن - بىردىن ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسىلا شاھزادىلەر، بەگزادىلەر ئىكەن. بىر - چاغدا قىز شۇنداق دەپتۇ.

— بىرىڭلارنىڭمۇ قولى ئالتۇن ئەمەسكەن، ھەممىڭلارنىڭ بايلىقىڭلارنىلا كۆردۈم. بىراق گادايلىقىڭلارنى كۆرەلمىدىم، ئەمدى مەيدىن تەمە كۈتمەڭلار، مەن سىلەرگە تەگمەيمەن. مەيدانىدىن چىقىڭلار، بۇنىڭغا رازى بولمىساڭلار كېلەر جۈمە كۈنى يەنە مەشەگە توپلىنىڭلار، — دەپتۇ. يىگىتلەرمۇ تاراپتۇ، بۇ گەپ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ ھەممىلا ئادەم ئاڭلاپتۇ.

يىراق بىر يېزىدا ئاق كۆڭۈل، بىر نەچچە خىل ھۈنەرنى بىلىدىغان، بىر ئەقىللىك ئوتتۇنچى يىگىت بار ئىكەن. ئۇ مەلىكىنىڭ شەرتىنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ بىر يورۇش سەيپۇڭچىلىق، بىر يورۇش تۆمۈرچىلىك سايمانلىرىنى ۋە پولۇ قىلىدىغان كەپكۈرنى خورجۇنغا سېلىپ ئېشىكىنى مىنىپ، ئۇستىبېشى توپا ھالدىلا يىگىت تاللاش مەيدانىغا كىرىپ، مەلىكىگە سالام بەجا كەلتۈرۈپتۇ. دەسلەپتە بۇ يىگىت قىزغا بەك ئاۋارە كۆرۈنۈپتۇ، مەلىكە يىگىتنىڭ گادايلىق تۇرقىغا قاراپ بېقىپ، بايلىقىنى ئىزدەپ كۆرمەكچى بولۇپ بىر ئاز تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ چاغدا پادىشاھ ئوتتۇنچى يىگىتكە قاراپ غەزەپكە كېلىپتۇ. مەلىكە يەنىلا مۇلايىملىق بىلەن يىگىتنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ماڭا يېقىنراق كەلگىن، سەندىن سورايدىغان سوئالىم

www.uyghurkitap.com

بار، — دەپتۇ.

بۇ چاغدا ھەممە شاھزادە، بەگزادىلەرمۇ مەيداندا تەق بولغانىكەن. مەلىكە:

— يىگىت، سىزنىڭ تۇرقىڭىزدىنلا گادايلىقىڭىز مانا مەن دەپلا تۇرۇپتۇ، بايلىقىڭىز بارمۇ؟ بايلىقىڭىزنى كۆرسىتىپ بېقىڭا! — دەپتۇ. يىگىت:

— بايلىقىم خۇرجۇندا، خالىسىڭىز كۆرسىتىمەن، — دەپتۇ ۋە خۇرجۇنى ئىچىدىكى نەرسىلەرنى تۆكۈپتۇ. يىگىت:

— سىزنىڭ ئوتتۇز كېنىزىكىڭىز بار، كىيىم تىككۈزمەكچى بولسىڭىز، رەخت سىزدىن، كېيىش، تىكىش مەندىن، ھايت-ھۇيت دېگۈچە سىزدىن بىر تالاي پۇل ئالىمەن. مۇنۇ تۆمۈرچىلىك سايمانلىرى بىلەن شاھ ئامبىرىدىكى تۆمۈرلەردىن شاھنىڭ ئاتلىرىنى تاقىلاش ئۈچۈن تاقا، مىخ سوقىمەن، ئاتلارنى تاقىلايمەن، ئۇنىڭدىنمۇ بىر تالاي پۇل ئالىمەن. ماۋۇ كەپكۈر بىلەن بىر كىملەرنىڭ نەزىر - چىراغ ۋە توي - تۆكۈنلىرىدە ئوخشىتىپ ئاش قىلىمەن، خەلقنى خوش قىلىمەن، ئۆزۈممۇ يەيمەن ھەم ھەق ئالىمەن، شۇڭا خەلق مېنى «پولۇچى» دېيىشىدۇ. دېمەك، بىلمەكچى بولسىڭىز، قولۇمنى ھەرىكەتكە سالسالا ھازىرلا باي بولىمەن، سايمانلىرىمنى خۇرجۇنغا سالسالا گاداي بولۇپ قالىمەن، — دەپتۇ. مەلىكە شۇ مەيداندىلا مۇشۇ «ئالتۇن قول» لۇق يىگىت ئىكەن، مەن شۇ يىگىتكە تېگىمەن، — دەپتۇ. بۇ چاغدا شاھزادە، بەگزادىلەر ئاچچىقلىنىپ:

— سىز بىزنى ئەخمەق تاپتىڭىز، سىزنىڭ خىلىڭىز ئەسلىدە بىز ئىدۇق، بىر گادايىنى تاللىۋالدىڭىز، ئادەمنىڭ قولى دېگەن گۆش تۇرسا، قانداق قىلىپ قولى «ئالتۇن» بولىدۇ؟

بىزنىڭمۇ قوللىرىمىز ئاشۇ گادايىنىڭ قولىغا ئوخشاشلا تۇرۇپتىغۇ؟ — دېيىشىپتۇ، مەلىكە:

— سىلەر بىكاردىن ۋارقىراشماڭلار، قولنىڭ گۆش ئىكەنلىكىنى مەنمۇ ئوبدان بىلىمەن، مېنىڭ «ئالتۇن قول»لۇق يىگىت دېگىنىم — ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن جان باقىدىغان، ھەقىقىي ئەمگەك سۆيىدىغان مۇشۇنداق يىگىت ئىدى، «ئالتۇن قول» دېگەن ئەمگەككە قارىتىلغان، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ شاھزادە، بەگزادىلەرمۇ قايىل بوپتۇ. پادىشاھمۇ قىزىنىڭ تەلىپى بويىچە ئوتۇنچى يىگىتنى كۈيئوغۇل قىلىۋالغانىكەن.

(«تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىل 4 - سانىدىن ئېلىندى).

# نۇرتاي بىلەن ئىمىنتاي

زامانلارنىڭ بۇرۇنىسىدا بىر نامرات بوۋاي ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئارزۇلۇق بىرلا ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى نۇرتاي ئىكەن.

نۇرتاي ئالتە ياشقا كىرە - كىرمەيلا موللىغا ئوقۇشقا بېرىپتۇ. نۇرتاي ھەر پەيشەنبە كۈنى موللىسىغا پەيشەنبىلىك بېرىپ تۇرۇپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ، ئارىدىن بەش يىل ئۆتۈپتۇ. ئادەت بويىچە موللا ھەققىگە پۇل، قوي، ئوغلاق، نان - توقاچ قاتارلىق نەرسىلەرنى بېرىشكە توغرا كەپتۇ. بوۋاينىڭ موللىنى رازى قىلغۇدەك ھېچ نەرسىسى يوق ئىكەن. ئۇنىڭ مىڭ جاپادا يىغقان بىر تەڭگە پۇلىغا موللىنىڭ رازى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئەمما نۇرتاي موللىسىنىڭ بېلىققا ئامراق ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىۋاپتۇ. بۇنىڭدىن ئۆز ئاتا - ئانىسىنى خەۋەردار قىپتۇ. بوۋاي بىر تەڭگە پۇلغا بىر يىرتىق تور ئېلىپ، بېلىق تۇتۇپ، موللىنى رازى قىلماقچى بوپتۇ. بوۋاي بازارغا بېرىپتۇ. قېرىشقاندەك ئۇ كۈنى بازاردا ئەرزان تور تېپىلماپتۇ. ئاخىرى كەچ بازاردا بۇ خىجالەتمەن بوۋاينىڭ بىر تەڭگىدىن باشقا پۇلى يوقلۇقىنى، بوۋايدىن باشقا خېرىدارنىڭمۇ يوقلۇقىنى بىلگەن بىر دۇكاندار بىر كونا تورنى سېتىپ بېرىپتۇ.

بوۋاي تورنى ئالغان پېتى دەرياغا بېرىپتۇ. «بىسمىللا» دېيىشىگىلا بىر ئالتۇن بېلىق تورغا چۈشۈپتۇ. بوۋاي خۇشال-

لىقىدا بۇ غەنىيمەتنى ئۆيگە ئېلىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن موماي:

— ھەي دادىسى، بۇ ئالتۇنبېلىق موللىغا زايە كېتىدۇ. ئۇنىڭ قەدىرىنى پادىشاھ بىلىدۇ. پادىشاھقا سوۋغات قىلايلى، پادىشاھ بولمىدى دېگەندىمۇ مىڭ تەڭگە ئىنئام قىلىدۇ. يېرىمىنى موللىغا بەرسەك، يېرىمى بىلەن بىر يىلنى خاتىرجەم ئۆتكۈزىمىز، — دەپتۇ.

بوۋاي مەسلىھەت بويىچە خۇش خەۋەرنى پادىشاھقا يەتكۈزۈشكە مېڭىپتۇ. موللىدىن دەرس ئېلىپ قايتقان نۇرتاي ئۆيدە يوغان داسقا چىلاقلىق تۇرغان ئالتۇنبېلىقنى كۆرۈپتۇ. ئامال بولسا ئۆزىنىڭ بېقىۋالغۇسى كەپتۇ. شۇ ئەسنادا ھېلىقى ئالتۇنبېلىققا زۇۋان كەپتۇ.

— ھەي بالا، سەن ماڭا بىر ياخشىلىق قىلىپ، مېنى بۇ ئەھۋالدىن قۇتقۇلدۇر. سېنىڭ بۇ شەپقىتىڭ ئۈچۈن مەنمۇ قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن، — دەپتۇ.

نۇرتاي ھەيران بوپتۇ ۋە ئالتۇنبېلىققا قاراپ:

— مەن سېنى قانداق قۇتقۇلدۇرالايمەن؟ — دەپتۇ.

— مەن سۇغا بەند قىلىنغان، — دەپتۇ ئالتۇنبېلىق، — سۇدىن ئايرىلسام قۇتۇلۇپ كېتەلەيمەن. سەن مېنى سۇدىن ئالىسەنلە دە، تۈڭلۈكتىن ئاتىسەن، مېنىڭ قۇتۇلغىنىم شۇ.

نۇرتاي ئالتۇنبېلىقنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇنى سۇدىن ئېلىپ تۈڭلۈككە ئېتىپتۇ. شۇ ھامان بىر قۇيۇن پەيدا بوپتۇ-دە، ئالتۇنبېلىق كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئالتۇنبېلىق ھەققىدىكى خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ بوۋايغا جىق ئىنئام بەرمەكچى بوپتۇ. بوۋاي بۇ سوۋغاتنى پادىشاھقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆيىگە كەپتۇ ۋە نۇرتاينىڭ بېلىقنى غايىب قىلىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ. بوۋاي پادىشاھقا قانداق يۈز كېلىشنى ئويلىغانسېرى غەزىپى ئۆرلەپتۇ-دە، نۇرتاينى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

نۇرتاي ئۆيدىن شۇ چىققانچە چاپىنىنى مۈرىسىگە ئارتىپ، بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە قاراپ راۋان بوپتۇ. بىرنەچچە كۈنلەردىن كېيىن بىر ئاچا يولغا كېلىپ قاپتۇ. ئاچا يولنىڭ دوقمۇشىدا ئىمىنتاي دېگەن ئۆزىدىن بىرەر ياش كىچىك بىر بالىغا يولۇقۇپتۇ. ئۇلار بىردىنى ئاكا، بىرىنى ئىنى دەپ بىرلىكتە يولغا راۋان بوپتۇ. كۈنلەرنىڭ كەينىدىن كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ. ئاردىن يەنە بەش يىل ئۆتۈپتۇ. ئاخىرى ئۇلار چوڭ بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار ھاردۇقىنى ئېلىپ، قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ، بازار رەستىلىرىنى ئارىلاپتۇ. بازار رەستىلىرىنىڭ بىرىدە، ئەتراپىنى ئادەملەر ئورىۋالغان پەشتاق ئۈستىدە بىر باي ئەتراپىدىكى چوڭ - كىچىك بالىلارغا شۇنداق دەپتۇ:

— كىم ماڭا ئىشلەيدۇ؟ ماڭا ئىشلىگەنلەرنى قىرىق كۈن بېقىپ بىر كۈنلا ئىشلىتىمەن!

نۇرتاي بىلەن ئىمىنتاي بايغا ئىشلەپ بەرمەكچى بوپتۇ. باي بالىلارنى باشلاپ ھەشەمەتلىك ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. قورساقلىرىنى ئوبدان تويغۇزۇپتۇ. ئاندىن بالىلارنى چاھارباغقا ئەكىرىپ، شۇ يەردە كۈتۈشكە باشلاپتۇ. ئۇلار باغ مەنزىرىسىنى تاماشا قىپتۇ، بالىلار چىمەن ئۈستىدە ئېغىناپتۇ، سۈزۈك سۇلارغا چۆمۈلۈپتۇ، قورسىقى ئاچسا، كۆرۈپ باقمىغان جىمى تائام، ناز - نېمەتلەر كەلتۈرۈلۈپتۇ. كېنىزەكلەر ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپتۇ، بالىلار مۇشۇ ھالدا ئالاھەزەل ئون كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە بۇنىڭدا بىر سىرنىڭ بارلىقىنى پەملەپتۇ. نۇرتاي بىلەن ئىمىنتاي باينىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ!

— باي ھەزرەتلىرى، بىز قىلىدىغان ئىشنى تاپشۇرسىلا، ئاۋۋال ئىشنى قىلايلى، ئاندىن ھالاۋەتلىرىنى كۆرەيلى، — دەپتۇ.

باي ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— كۆرۈنگەن تاغدا بىر غار بار، غارنىڭ ئىچىدە بىر

قۇدۇق بار. ئۇ قۇدۇققا ئارغامچا بىلەن ئېسىپ قويۇلغان بىر سېۋەت بار. شۇ سېۋەتكە بىرىڭلار چۈشسەڭلەر، قۇدۇق ئاستىدىكى يول بىلەن ماڭغاندا بىر ئۆي كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭدا ئالتۇن بار، شۇ ئالتۇندىن بىر تۇلۇم ئېلىپ چىقىسىلەر.

باللار باينىڭ دېگىنى بويىچە قۇدۇق بېشىغا بېرىپتۇ. ئىمىنتاي قۇدۇققا چۈشۈپتۇ، شۇ چاغدا قۇدۇق ئاستىدىكى ئىككى دىۋە بىر - بىرىگە: «مەن ئېلىپ كەلگەن پەرىزات گۈزەل» دېسە، «مەن ئېلىپ كەلگەن پەرىزات سېنىڭكىدىن گۈزەل» دەپ تالىشىپ تۇرغۇدەك. ئۇلار:

— قۇدۇققا چۈشكەن ئادەمزاتتىن سورايمىز. توغرىسىنى دېسە، بىر تۇلۇم ئالتۇن بېرىپ چىقىرىۋېتىمىز، بولمىسا، ئادەتتىكىدەك ئوزۇق قىلىمىز، — دەپتۇ.

ئىمىنتاي مۇشۇ دەتالاشنىڭ ئۈستىگە توغرا كېلىپ قاپتۇ. دىۋىلەر ئىمىنتاينى كۆرۈپلا، ئۇلاردىن بىرى شۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ پەرىزاتىم چىرايلىقمۇ، بۇنىڭ پەرىزاتى چىرايلىقمۇ؟ توغرا ئايرىپ بېرىسەن، شۇ چاغدا قۇتۇلىسەن، بولمىسا بىزگە يەم بولىسەن.

— سېنىڭكىمۇ، ئۇنىڭكىمۇ چىرايلىق، — دەپتۇ ئىمىنتاي تەمتىرىمەستىن، — ھەركىمنىڭ ئۆزىگە چىرايلىق.

دىۋىلەر ئىمىنتاينىڭ جاۋابىدىن قانائەتلىنىپتۇ. ئىمىنتاينىڭ تەلىپىنى ئورۇنداپ، يوغان بىر تۇلۇمغا ئالتۇن قاچىلاپ بېرىپتۇ. ئىمىنتاي ئالتۇننى ئېلىپ چىقىپتۇ ۋە ئەھۋالنى نۇرتايغا دەپ بېرىپتۇ. ئاندىن ئالتۇننى ئېلىپ باينىڭ ئالدىغا كەپتۇ. باي ئالتۇنغا ئېرىشىپ يەنە نەپسى تاقىلداپ كېتىپتۇ، تېخىمۇ كۆپ ئالتۇنغا ئېرىشىشنى ئويلاپتۇ ۋە ئىككى بالىدىن ئالتۇننى قانداق قىلىپ ئېلىپ چىققانلىقىنى، دىۋىلەردىن قانداق قۇتۇلغانلىقىنى سوراپتۇ.

نۇرتاي بىلەن ئىمىنتاي سانسىز باللارنىڭ جىنىغا-زامىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

بولغان بۇ باينى ئالداپ دېۋىلەرگە يەم قىلىپ بېرىشنى مەسلىھەتلىشىۋالغانىكەن. شۇڭا ئۇلار بايغا دېۋىلەرنىڭ ئىزىسىمۇ يوقلۇقىنى، بېرىپ ئالتۇننى خالىغانچە ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئۆزىگىمۇ ئالتۇن ئالماقچى بولغانلىقلىرىنى ئېيتىپتۇ. باي ئېلىشىمۇ كۆزىنى قىزارتىپ، ئۇلاردىن بۇرۇن ئالتۇننىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋالماقچى بوپتۇ.

باي غاردىكى قۇدۇققا چۈشۈشى بىلەن ئىككى دېۋە ئىككى تەرەپتە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرغۇدەك. باي قورققىنىدىن غال - غال تىترەپ كېتىپتۇ. بىر دېۋە:

— قايسىمىزنىڭ پەرىزاتى چىرايلىق؟ — دەپ سوراپتۇ.

باي ئۇپۇل - تۇپۇل:

— سېنىڭ پەرىزاتىڭ چىرايلىق، — دەپتۇ.

غەزەپكە كەلگەن يەنە بىر دېۋە ئۆزىنىڭ پەرىزاتىنى كەمسىتكەنلىكى ئۈچۈن، دەرھال باينىڭ كاللىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ.

نۇرتاي بىلەن ئىمىنتاي باللارغا ۋە يۇرتتىكى خەلققە باينىڭ دۇنياسىنى بۆلۈپ بېرىپتۇ، يولغا راۋان بوپتۇ.

نۇرتاي بىلەن ئىمىنتاي يول يۈرۈپتۇ، تاغلاردىن ئېشىپتۇ، دەريالارنى كېچىپتۇ، چۆللەرنى كېزىپتۇ، ئاخىرى چوڭ بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار شەھەرنىڭ چېتىدىكى بىر يالغۇز مومايىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ. موماي باللاردىن ئەھۋال سوراپتۇ، نەدىن كېلىپ نەگە بارماقچى بولغانلىقىنى بىلمەكچى بوپتۇ. باللار ئۆزلىرىنىڭ ئىگە - چاقىسىز مۇساپىر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. موماي ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە بالا بولۇپ تۇرۇپ قېلىشىنى ئېيتىپتۇ. باللارمۇ بۇنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى بۇ ئىككى مۇساپىر بۇ چوڭ شەھەرنىڭ بازارلىرىنى ئايلىنىپ كېلىش ئارزۇسىنى مومايغا ئېيتىپتۇ. مومايمۇ بەك كەچ قالماي يېتىپ كېلىشىنى تاپىلاپ رۇخسەت بېرىپتۇ. نۇرتاي

بىلەن ئۆمىنتاي بازار ئارىلاپ، تاماشا قىلىپ كەچ قايتىپتۇ، كەچقۇرۇن چاھار باغ تەرەپتىن بىر نۇر كۆرۈنۈپتۇ. نۇر ئارىسىدىن ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار بىر گۈزەل قىز ئايان بوپتۇ. قىز نۇرتايغا بىر قاراپتىكەن، نۇرتاي ھوشىنى يوقىتىپتۇ. قىزنىڭ ئىشقىدا ھالى خاراب، باغرى كاۋاپ بولۇپ، ئۆيگە قايتىپتۇ. موماي بۇ ئىككىسىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ، بىر ئىشنىڭ بولغانلىقىنى پەملەپتۇ.

— ئەي ئوغۇللىرىم، سىلەرگە نېمە پېشكەللىك بولدى؟ — دەپتۇ.

نۇرتاي:

— ئەي ئانا، سىز پادىشاھ قىزىغا ئەلچىلىككە بارسىڭىز، — دەپتۇ.

— بالىلىرىم، — دەپتۇ موماي، — پادىشاھنىڭ بۇ قىزىنىڭ يولىدا نى - نى شاھزادىلەر جېنىدىن ئايرىلدى. پادىشاھ ئالدىدا بىگۇناھ ئۆلگۈچە كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرەيلى، ئەخمەقلىق قىلمايلى، بىز قانداقمۇ ئۇلارغا تەڭ كېلەلەيمىز؟

ئۆمىنتاي بۇ بېقىۋالغان ئانىسىنى بەكمۇ زورلاپ تۇرۇۋاپتۇ ۋە ئاخىرى ماقۇل كەلتۈرۈپتۇ. ئادەت بويىچە قىزغا ئەلچىلىككە بېرىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن سۈبھىدىن ئىلگىرى قىز تەرەپتىكىلەرگە كۆرۈنمەي، ئۇلارنىڭ ھويلىسىنى سۈپۈرۈپ قويىدىغان بولغاچقا، موماي بىرىنچى كۈنى شۇنداق قىپتۇ. ئەتىسى پادىشاھ قىزغا ئەلچى كەلمەكچى ئىكەنلىكىنى پەملەپتۇ. پادىشاھ باشقا ئەلنىڭ شاھزادىلىرىنىڭ ئەلچىلىرى، دەپ تەمە قىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئەتىسى ئەلچىنىڭ ھويلا سۈپۈرگىلى كەلگەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ تۇتۇۋېلىشنى لەشكەرلىرىگە تاپىلاپتۇ، ئەتىسى لەشكەرلەر مومايىنى تۇتۇۋېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا سۆرەپ كىرىپتۇ.

— ھەي قاقباش، نېمىدەپ مېنىڭ ھويلامدا يۈرۈيسەن؟ —

دەپتۇ پادىشاھ.

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، بېشىمدىن قورقىمەن، — دەپتۇ موماي.

— گۇناھىڭدىن ئۆتتۈم، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئەي يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىيلىغۇچى، ئەلچىگە ئۆلۈم بارمۇ؟ — دەپتۇ موماي.

— ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، — دەپتۇ پادىشاھ.

— مەلىكە قىزىنى يېتىم ئوغلۇمغا لايىق كۆرۈپ، بوسۇغا ئاتلاپ كىردىم، — دەپتۇ موماي.

— جاللات! — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ.

— پادىشاھى ئالەم، كىمنىڭ ئەجىلى توشتىكىن؟ — دەپ يېتىپ كەپتۇ جاللات.

— ئەي ئۇلۇغ شاھىم، — دەپ ئارىغا كىرىپتۇ ۋەزىر، — بىرىنچىدىن، بۇ مومايىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتىلە، ئىككىنچىدىن، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق دېدىلە، ئەمدى شۇ يىگىتنىڭ قانداق خىسلىتى بار، بىر شەرت قويۇپ سىناپ باقساق، ئۇ چاغدىمۇ بىز كېچىككەن بولمايمىز.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ بۇ دانا سۆزىگە قايىل بوپتۇ ۋە:

— سېنىڭ ئوغلۇڭ ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىكى بارلىق قۇشلارنى مېنىڭ تەختىمگە يەتكۈزۈپ بەرسۇن! ئەگەر قۇشلار مۇددەت ئىچىدە يېتىپ كېلەلمىسە، ئانا - بالا ئىككىڭنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن، — دەپتۇ مومايغا.

موماي پادىشاھ ھۇزۇرىدىن ئاران دېگەندە قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئۆيىگە كەپتۇ.

— بالىلىرىم، پادىشاھنىڭ تەلىپىنى مەن ئەمەس، سۇلايمان پادىشاھمۇ ئورۇندىيالمايدۇ، پادىشاھنىڭ كۆزى بىزگە قادالدى، — دەپتۇ موماي.

— شۇنىڭغىمۇ ئەنسىرەمدۇ، ئەتە سەھەرگىچە بىر گەپ

بىلار، — دەپتۇ ئەمىنتاي.

— تاڭ ئېتىپتۇ، سەھەردىن باشلاپ ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىكى قۇشلارنىڭ ھەر بىر تۈرىدىن بىر جۈپتىن ئۇچۇپ كېلىشكە باشلاپتۇ. موماي پادىشاھ ئوردىسىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزگىلى مېڭىپتۇ. ئوردىنى خىلمۇ خىل قۇشلار قاپلاپتۇ. يىراقتىن كېلىۋاتقان قۇشلار قۇياشنى تورۇۋاپتۇ. بۇ بالىلاردىكى ھېكمەتنى مومايمۇ بىلەلمەپتۇ. پادىشاھمۇ بىلەلمەپتۇ. ئەمما پادىشاھ بۇ بالىلارغا قايىل بوپتۇ. نۇرتايغا توي قىلىش ئىجازىتىنى بېرىپتۇ. توي قىرىق كېچە - كۈندۈز داۋاملىشىپتۇ. داش قازانلاردا گۆش قايناپتۇ. نەغمە - ناۋا ياڭراپتۇ. شۇنداق قىلىپ نۇرتاي پادىشاھنىڭ بىر گۈزەل قىزىغا ئۆيلىنىپتۇ.

لېكىن ئەمىنتاي نۇرتاي بىلەن شاھ قىزىنىڭ شۇ كۈندىن باشلاپ بىر ياستۇققا باش قويۇشىغا يول قويماپتۇ. ئەمىنتاينىڭ بۇ ئىشىغا نۇرتاي ھەيران بوپتۇ. ئارىدىن ئايلار ئۆتۈپتۇ، نۇرتاينىڭ يۈرىكى قىز ئۈچۈن ئوت بولۇپ كۆيۈپتۇ. قىز قەلبىمۇ نۇرتاي ئۈچۈن ئوت بولۇپ يېنىپتۇ. بىراق ئۇلار كۆڭۈللىرىدىكى گەپلىرىنى دېيىشىپ سىرداشالماپتۇ.

ئاخىرى نۇرتاي ئەمىنتايغا شۇنداق دەپتۇ:

— ئىنىم ئەمىنتاي، سېنىڭ بۇ ئىشىڭ ماڭا ھاقارەت ئەمەسمۇ؟

— ئىككىمىز ۋەدىگە ۋاپا قىلىشىمىز كېرەك. تاپقان - تەرگىنىمىز تەڭ دەپ ۋەدىلەشكەنىدۇق، ئىككىمىز ئايرىلغىچە سەۋارى قىلىشىڭ كېرەك، — دەپتۇ ئەمىنتاي.

شۇنداق قىلىپ بىردىر يىلمۇ ئۆتۈپتۇ. نۇرتاي ئاتا - ئانىسىنى ئەسلەپ پادىشاھتىن ئۆز يۇرتىغا قايتىش ھەققىدە ئىجازەت سوراپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، نەچچە يۈزلىگەن لەشكەر، قول - كېنىزەكلىرى بولغان بىر سەپەر كارۋىنىنى ھازىرلاپ يولغا ساپتۇ.

نۇرتايلار كۈندۈزنى كېچىگە، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، توختىماي سەپەر قىلىپ، ئاخىرى ھېلىقى ئاچا يولغا يېتىپ كەپتۇ. ئىمىنتاي ئاكىسى نۇرتايدىن مۇشۇ ئاچا يولدا ئايرىلماق بوپتۇ. ئىمىنتاي:

— ئەي ئاكا، — سېنىڭ بىلەن مۇشۇ يەردە ئايرىلماقچىمەن، ۋەدىمىز بويىچە تاپقان — تەرگىنىمىز تەڭ ئىدى، لەشكەر، قول، كېنىزەكلەر ھەممىسى جۈپ، مال — دۇنيامۇ شۇنداق، بۇلارنى بۆلگىلى بولار، مەلىكە قىز يالغۇز ئۇنى قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ.

نۇرتاي قىزنى بۆلۈشنى رەت قىپتۇ. ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەتمەكچى بوپتۇ. ئىمىنتاي ئۇنىماپتۇ، بۇلارنىڭ تالاش - تارتىشى ئاخىرى قىزغا يېتىپتۇ.

— ۋەدە قىلىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئەر يىگىتنىڭ ئىشى — دەپتۇ قىز.

ئاخىر ئاكا - ئۇكا قىزنى قاتتىق باغلاپ، قاق ئوتتۇرىدىن زۇلپىقار بىلەن بىر ئۇرۇپ، ئىككىگە بۆلۈپ، ئوڭ تەرىپىنى نۇرتاي، سول تەرىپىنى ئىمىنتاي ئالىدىغان بوپتۇ. ئىمىنتاي زۇلپىقارنى قىنىدىن چىقىرىپ، «ياپىرىم»، دەپ يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى زۇلپىقارنى ئۇرۇشقا تەمشەلگەندە قىز ھودۇقۇپ قاتتىق ۋارقىراپتۇ. شۇ ھامان قىزنىڭ ئاغزىدىن بىر زەھەرلىك يىلان سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ يەرگە چۈشۈپتۇ. ئىمىنتاي دەرھال يىلاننى سەكسەن پارچە قىلىپ چانىۋېتىپتۇ. ئاندىن قىزنىڭ قول-پۇتلىرىنى يېشىپتۇ. ۋە قىزغا بىھۆرمەتلىك قىلىپ قويغانلىقىدىن ئەپۇ سوراپتۇ. ئىمىنتاي ئاندىن ئەھۋالنى نۇرتايغا سۆزلەپ بېرىپتۇ:

— بۇ بىر ئەجدىھانىڭ بالىسى، ئىككىڭلارنىڭ بېشى بىر ياستۇققا تەگكەن كۈنى ھەر ئىككىڭلارنى چىقىپ ئۆلتۈرەتتى. قاتتىق قوللۇق قىلمىسام بۇنى يوقاتقىلى بولمايتتى. ماڭا ھېچ

نەرسىنىڭ كېرىكى يوق، سىلەرگە بەخت تىلەيمەن. مېنىڭ سىلەرگە قىلغان ياخشىلىقىم شۇنچىلىك، — دەپتۇ ۋە نۇرتاي بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپتۇ.

ئەسلىدە ئىمىنتاي ئاتلىق بۇ يىگىت نۇر تاي تۈڭلۈككە ئاتقاندا غايىب بولغان ھېلىقى چىرايلىق ئالتۇن بېلىقنىڭ دەل ئۆزى ئىكەن.

(«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 87 - يىللىق 1 - سانىدىن ئېلىندى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئالتۇن ئالما

بۇرۇنقى زاماندا بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى باقى، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ساقى ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە دېھقان كېسەل بولۇپ ساقىيالماي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ساقى ئويۇن ـ تاماشاغا ئامراق، ئىش دېسە بېشى ئاغرىيدىغان، ئاش دېسە يۈگۈرىدىغان، تەييارغا ھەييار ئىكەن. باقى بولسا ساددا، سەممىي، مۇلايىم، راستچىل، ئەمگەكچان بولغاچقا، دادىسىدىن قالغان يەرگە قوغۇن تېرىماقچى بولۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى پېشقەدەم قوغۇنچىلاردىن قوغۇن تېرىشنىڭ يولىنى سوراپ ئۆگىنىپ، قوغۇن تېرىشنى بىلىۋاپتۇ.

ساقى بولسا قۇرۇق خىيالنىڭ مەستانىسى بولۇپ ھېچ ئىش قىلماي لاغايلاپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ.

بىر كۈنى باقى ساتمىدا قوغۇن بېقىۋاتقاندا، تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن باقى دەرھال ساتمىدىن چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ ساتمىدىن چۈشكەنلىكىنى كۆرگەن ئوغرى دەرھال قېچىپتۇ. باقى ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي قوغلاپتۇ. ئۇ ئادەم بىر قورۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. باقى قورۇنىڭ دەرۋازىسىنى قاققانىكەن، دەرۋازا ئېچىلىپ ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي چىقىپتۇ. باقى بوۋاينى كۆرۈپ، ئەدەب بىلەن:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بوۋا، — دەپ سالام بېرىپتۇ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دەپتۇ بوۋاي ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ. — كىمنى ئىزدەيسەن ئوغلۇم، — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

— بايا بىرى قوغۇنلۇقتىن قوغۇن ئوغرىلاپ قېچىپ مۇشۇ قورۇ ئىچىگە كىرىپ، غايىب بولدى، — دەپتۇ باقى.

— بالام قوغۇنىڭنى مەن ئۈزگەندىم، قوغۇنغا مەن ھەق تۆلەي، — دەپتۇ بوۋاي. باقى تەكەللۇپ بىلەن:

— بوۋا، سىلى ئۈزگەن بولسىلا مەيلى، مەن سىلىدىن ھېچقانداق ھەق ئالمايمەن، — دەپتۇ - دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ مېڭىشقا تەمشەلگەندە بوۋاي ئۇنىڭ يولىنى تۇسۇپ:

— بالام، بۇ ئالمىلارنى ئۆزۈك خالىغانچە ئۈزۈۋال، — دەپ ھويلىسىدىكى بىر تۈپ ئالما دەرىخىنى كۆرسىتىپتۇ. باقى ئۆزنى سوراپ ئىنساپ بىلەن ئانىسىغا، ئاكىسىغا، ۋە ئۆزىگە ئاتاپ ئۈچ تال ئالمىنى ئۈزۈپ قوغۇنلۇققا قايتىپتۇ. تاڭ يورۇغاندا قارىغۇدەك بولسا، ئۇ ئالمىلارنىڭ ئورنىدا ئالتۇن ئالمىلار تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرۈپ خۇشال بولغان باقى ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

باقى بولغان ۋەقەنى ئانىسى بىلەن ئاكىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ساقى تېخىمۇ كۆپ بايلىققا ئىگە بولۇش غەرىزىدە شۇ كۈنى كەچتە قوغۇنلۇققا بېرىپ، ساتمىدا يېتىپ قوغۇنلۇقنى كۈزىتىپتۇ. تاڭ سۈزۈلۈشكە ئاز قالغاندا قارىغۇدەك بولسا، بىر كىشى قوغۇنلۇققا كىرىپ قوغۇن ئۈزۈشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ساقى ئۇ كىشىنى قوغلاپتۇ، ئۇ كىشى قېچىپ بىر يوغان ھويلىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ساقى ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنى قاققانىكەن، دەرۋازا ئېچىلىپ بىر ئاپئاق ساقاللىق بوۋاي چىقىپتۇ، ساقى بوۋايغا سالاممۇ قىلماي:

— ھەي قېرى، بايا بىرى قوغۇنلۇقتىن قوغۇن ئوغرى-

لاپ مۇشۇ ھويلىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. سەن ئۇنى كۆردۈڭمۇ دەپ قوپاللىق بىلەن سوراپتۇ.

بوۋاي مۇلايىم ۋە سەممىي ھالدا:

— بالام، قوغۇنىڭنى مەن ئۈزگەنىدىم. قوغۇنىڭنىڭ ھەققى ئۈچۈن بۇ ئالمىلاردىن خالىغانچە ئۈزۈۋال، — دەپ ھويلىسىدىكى ئالما دەرىخىنى كۆرسىتىپتۇ. ساقى بۇ ئالمىلارنىڭ ئەسلىدە ئالتۇن ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە ئالمىلارنى ئاچكۆزلۈك بىلەن ئۈزۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ ئىشتان، چاپانلىرىنىڭ يەڭلىرىنى ۋە پۇچقاقلىرىنى بوغۇپ ئالما بىلەن توشقۇزۇپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا كۈن چىققۇچە بۇ يەردىن دەرھال كەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى بىر قانچە قېتىم ئېيتىپتۇ. ساقىنىڭ كۆزى قىزىرىپ، ئالما دەرىخىدىن چۈشكىلى ئۇنىماپتۇ. كۈن چىقىشى بىلەن تەڭ ھاۋا گۈلدۈرلەپ، ئالما دەرىخى چۆرگىلىگەندەك بولۇپ، يوغان بىر غار پەيدا بوپتۇ. ئەمگەك قىلماي، ئازغا قانائەت قىلماي باي بولۇشنىڭ كويىدا يۈرگەن ساقى شۇ غار ئىچىدە قېلىپ، ھاياتىدىن ئايرىلىپتۇ.

(«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1986 - يىلى 17 - ئاپرېل سانىدىن ئېلىندى.)



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## قۇياش، ئاي ۋە خوراز

بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىللار بۇرۇن، قۇياش، ئاي، خوراز ئۈچ ئاكا - ئۇكا ئاسماندا ياشىغانىكەن.

بىر كۈنى قۇياش ئەمگەك قىلغىلى سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ. ئاي بىلەن خوراز ئۆيدە قاپتۇ.

كەچ بولاي دېگەندە، ئاي خورازنى يايلاقتىن ئات - ئۇلاق ئەكىلىشكە بۇيرۇپتۇ. جاپاكەش خوراز ئەتىگەندىن كەچ كىچە تىنماي ئىشلىگەچكە ھاردۇق يېتىپ يايلاقتا بارالماپتۇ. بۇنىڭغا ئوغىسى قايىنغان ھورۇن ئاي خورازنىڭ تاجىسىدىن تۇتۇۋېلىپ بولۇشىغا ئۇرۇپ باش - كۆزىنى قان قىلىۋېتىپتۇ ھەم ئۇنى ئاسماندىن يەرگە تاشلىۋېتىپتۇ.

كەچقۇرۇن قۇياش ئۆيگە قايتىپ كەلسە ئۆيدە خوراز يوق، شۇنىڭ بىلەن ئايدىن خورازنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئاي بولغان ۋەقەنى قۇياشقا سۆزلەپ بېرىپتۇ. قۇياش بۇ ئىشنى ئاڭلاپ بەكمۇ بىئارام بوپتۇ، ئۇ:

— ھەي ئاي، سەن باشقىلار بىلەن ئەپ ئۆتمىگەندىن كېيىن، مەنمۇ سەن بىلەن بىللە تۇرۇشنى خالىمايمەن. بۈگۈندىن باشلاپ تۈن كېچە ساڭا تەئەللۇق بولسۇن، كۈندۈزى ماڭا تەئەللۇق بولسۇن، سەن ئىنىم خورازنى ھەيدىۋەتتىڭ، ئەمدى ئۇ سېنى ياخشى كۆرمەيدۇ، بىراق ئۇ مېنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ياد ئېتىپ تۇرىدۇ. ھەر قېتىم ئورنىمدىن تۇرغىنىمدا ئۇمۇ

خۇشال - خۇرام ئۇرنىدىن تۇردى، سەن چىقسالاڭ قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىدۇ، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قۇياش چىقىشتىن دېرەك بېرىپ، تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا، خوراز ئۆزىنىڭ ئاكىسىنى كۆرىدىغانلىقتىن چەكسىز ياپراپ كېتىدىكەن - دە:

— قى - قى - قىق، قى - قى - قىق! — دەپ چىللايدىكەن. خورازنىڭ بۇنداق چىللىشى ئەسلىدە: «چوڭ ئاكا، مەن بۇ يەردە، مەن بۇ يەردە!» دېگىنى ئىكەن. قۇياش تاغ كەينىگە ئۆتۈپ ئاي چىقىشقا باشلىغاندا، كاتىكىگە كىرىۋېلىپ ئۇخلايدىكەن.

(«شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىنىڭ 1985 - يىل 29 - ئۆكتەبر سانىدىن ئېلىندى.)

## كىمنىڭ كارامىتى چوڭ؟

ئورمانلىقتا بىر مايمۇن بىلەن بىر بۇغا بار ئىكەن، بىر كۈنى مايمۇن بىلەن بۇغا ئۇچرىشىپ قاپتۇ ـ دە، ھەر ئىككىسى ئۆزىنىڭ كارامىتى ھەققىدە سۆزلەپتۇ. مايمۇن مېنىڭ كارامىتىم چوڭ دەپتۇ. دېيىشە ـ دېيىشە ئىككىسى گەپ تالىشىپ قاپتۇ. ئاخىرىدا ئۇلار مۇسابىقىلەشمەكچى بوپتۇ. ئۇلار پىلنى گۇۋاھچىلىققا تەكلىپ قىپتۇ. پىل ئۇزۇن خارتۇمى بىلەن يىراقنى كۆرسىتىپ، «قاراڭلار، دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىدا بىر توپ مېۋىلىك دەرەخ تۇرۇپتۇ، كىمكى بالدۇر بېرىپ دەرەختىكى مېۋىنى ئۈزۈۋالسا شۇنىڭ كارامىتى قالتىسكەن دەيمەن» دەپتۇ.

بۇغا مېنىڭ تۆت پۇتۇم بار، تېز يۈگۈرەلەيمەن، مەن چوقۇم مېۋىنى ئالدى بىلەن ئۈزۈۋالىمەن» دەپ ئويلاپتۇ.

مۇسابىقە باشلىنىپتۇ. پىل بار ئاۋازى بىلەن: «يۈگۈرۈڭلار!» دەپ ۋارقىراپتۇ، بۇغا پۇتلىرىنى كەڭ كېرىپ، ئالغا قاراپ ئېتىلىپتۇ ـ دە، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە دەريا بويىغا بېرىپ بوپتۇ. ئۇ دەريادىن بىر سەكرەپلا ئۆتۈپ ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە مېۋە دەرىخىنىڭ يېنىغا بېرىپ بوپتۇ. ئۇ كەينىگە قارىسا، مايمۇن تېخىچە دەريادىن ئۆتەلمەپتۇ. بۇغا خۇشاللىقىدا ھاھ، ھا! ئەمدى مەن مېۋىنى ئالدى بىلەن ئۈزۈۋالىدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن مېۋە بەك ئېگىزدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولغاچقا، بويىنى سوزۇپ، قانچە سەكرىسىمۇ مېۋىگە بويى يەتمەي، تازا تىت - تىت بوپتۇ.

مايمۇن يۈگۈرۈپ، دەريا بويىغا كېلىپ توسۇلۇپ قاپتۇ. دەريادا كۆۋرۈك يوق، قېيىقمۇ يوق بولغاچقا، ئۇ دەريادىن ئۆتەلمەپتۇ. ئۇ: «مەن دەرەخكە چىقالايمەن، بۆغا دەريادىن ئۆتكەن بىلەن دەرەخكە چىقالمىدى، ئەگەر بىز ئۆزئارا ياردەملەشسەك، مېۋىنى ئۈزەلەيدىكەنمىز؟» — دەپ ئويلاپتۇ ۋە شۇ ھامان «بۆغا، مەن ئامال تاپتىم! سەن چاققان كېلىپ، مېنى ئۈستۈڭگە مىندۈرۈپ دەريادىن ئۆتكۈز. بىز بىرلىكتە مېۋە ئۈزەيلى» دەپ توۋلاپتۇ. بۆغا بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال دەريا بويىغا يۈگۈرۈپ كەپتۇ - دە، مايمۇننى ئۈستىگە مىندۈرۈپ دەريادىن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇلار يۈگۈرگىنىچە مېۋە دەرىخىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. مايمۇن «شارت» قىلىپلا دەرەخكە چىقىپ شاختىن - شاخقا سەكرەپ يۈرۈپ مېۋە ئۈزۈپتۇ. ئۇلار بىرلىكتە مېۋىنى پىلىغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. پىل كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئەمدى چۈشەنگەنسىلەر، بۆغا دەريادىن ئۆتەلەيدۇ، لېكىن دەرەخكە چىقالمايدۇ. مايمۇن دەرەخكە چىقالايدۇ، لېكىن دەريادىن ئۆتەلمەيدۇ. سىلەرنىڭ ھەرقايسىڭلارنىڭ ئۆزۈڭلارگە خاس كارامىتىڭلار بار. سىلەر ئۆزئارا ھەمكارلاشقاندىلا مېۋىنى ئۈزەلەيسىلەر، كارامىتىڭلارنى كۆرسىتەلەيسىلەر» دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن مايمۇن بىلەن بۆغا ياخشى دوست بولۇپ ئۆتۈپتۇ.

(«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىل 4 - سانىدىن ئېلىندى.)

# ئەتىرگۈل پەرى

ئۆتكەن زاماندا بىر جۈپ ئاچا - سىڭىل ياشىغانىكەن. ئۇلار بىر - بىرىگە كۆيۈنۈپ كۈن كەچۈرىدىكەن.

سىڭلىسى ساھىبجامال، ئاچىسى ئىنتايىن سەت، كۆرۈمسىز ئىكەن. ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ سەتلىكى ئۈچۈن بەكمۇ ئازابلىنىدىكەن. سىڭلىسىمۇ دائىم ئاچىسىنىڭ غېمىنى يەپ، كۆڭلىنىڭ ھېچ ئارامى يوق ئىكەن. ئۇ ئاچىسىدىن يوشۇرۇنچە تەرەپ - تەرەپلەرگە بېرىپ، سەتنى چىرايلىققا ئۆزگەرتەلەيدىغان خىسلەتلىك شىپالىق دورىنى سۈرۈشتە قىلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سىڭلىسى مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىر ئەتىرگۈللۈك باغدا، سەتنى چىرايلىققا ئايلاندۇرالايدىغان بىر پەرىنىڭ بارلىقىنى ئۇقۇپ قاپتۇ - دە، دەرھال باغنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ. يول ئۈستىدە ئۇنىڭ تارتمىغان جەبىر - جاپاسى قالماپتۇ. ھېچ ھالى قالمىغاندا ئاخىرى بۇ باغنى تېپىپتۇ. ئۇ پەرىگە ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. پەرى ئۇنىڭغا: «ئۆزۈڭنىڭ قېنى بىلەن ئاق رەڭلىك ئەتىرگۈلنى قىزىل بوياپ، ئاچاڭنىڭ بېشىغا قادىساڭ، ئاچاڭ شۇ ھامان بىر ساھىبجامالغا ئايلىنىدۇ. سەن سەت، كۆرۈمسىز بىر قىزغا ئايلىنىپ قالىسەن» دەپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن ئاق ئەتىر گۈلنى بوياپ قىزىل ئەتىرگۈلگە ئايلاندۇ-

روپ ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

ئۇ سەت بولۇپ قالغانلىقىمنى ئاچام كۆرۈپ ئازابلانمىسۇن دەپ، ياغلىقى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋېلىپ، قىزىل ئەتىرگۈلنى ئاچىسىنىڭ بېشىغا قاداپتۇ. ئاچىسى راستتىنلا شۇنداق كېلىشكەن بىر ساھىبجامال قىزغا ئۆزگىرىپ قاپتۇ. قارىسا، سىڭلىسى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا ئەتىرگۈل پەرى پەيدا بولۇپ: «مەن سېنى سىناپ بېقىش ئۈچۈنلا شۇنداق دېگەن ئىدىم» دەپتۇ.

(«شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىنىڭ 1985 - يىل 24 - دېكابر سانىدىن ئېلىندى.)

## بەخت قۇشى

بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ توق ئىكەن. بۇرۇنقى زاماندا بىر دۆلەتمەن ئائىلە بولغانىكەن. بۇ ئائىلە كۆپ بالا - چاقىلىق، نەۋرە - چەۋرىلىك بولۇپ، ئۇزۇن زامان خۇشال - خۇرام، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەپتۇ. چۈنكى بۇ ئائىلىگە بەخت قۇشى كېلىپ قونۇپ، ئۇزۇن يىل كەتمەي قالغانىكەن. بىر كۈنى بەخت قۇشى شۇ ئائىلىنىڭ ئاقساقلى بولغان بوۋايغا:

— مەن سىلەرنىڭ ئائىلەڭلاردە ئۇزۇن يىل تۇردۇم، بىر جايدا ئۇزۇن تۇرۇۋېرىپ زېرىكىپ قالدىم. جاھاننى سايا-ھەت قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ، مەن سىلەرنىڭ يېنىڭلاردىن كېتەكچى بولۇۋاتىمەن. ئەمدى مەندىن سوراپ ئېلىپ قالىدىغان نەر-سەڭلار بولسا سوراپ ئېلىڭلار، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ماڭا ئۈچ كۈن مۆھلەت بەرسىلە، مەن خوتۇنۇم، بالا - چاقا، نەۋرە - چەۋرىلىرىم بىلەن باش قوشۇپ مەسلىھەتلىشىپ مۇۋاپىق جاۋاب بېرەي، — دەپتۇ بوۋاي.

بوۋاي خوتۇن - بالىلىرى، نەۋرە - چەۋرىلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، ئۇلارغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، بەخت قۇشىدىن سوراپ ئالىدىغان نەر-سىلەرنى دېيىشكە باشلاپتۇ.

بىر ئوغلى:
— تۆت تۇرلۇك چارۋا مال سورايلى دەپتۇ. يەنە بىر ئوغلى:
— ياق، يەر – زېمىن، سوقا – تۇگمەن، باغ – ۋاران ئالايلى، — دېسە، يەنە بىر قىزى:
— كاتتا، خىلمۇ خىل مال بىلەن تولغان دۇكان سورايلى، — دەپتۇ. كىچىك قىزى:
— ھەممىدىن ئېسىل نەرسە ئالتۇن – كۈمۈش، ئۈنچە – مارجان، بىر شۇنى سورايلى، — دەپتۇ. ئۇلار ئىككى كۈن تالاش – تارتىش قىلىپ، ھېچ نەرسىدە بىرلىككە كېلەلمەپتۇ.
بوۋاي ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ خىيال دەرياسىنى بويلاپ توختاپ:
— ھەي خوتۇن، بۇ مەسلىھەتكە قاتناشمىغانلار بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. خوتۇنى:
— يېڭى چۈشكەن كېلىن قاتناشمىدى، — دەپتۇ.
— ئۇنىمۇ چاقىرىڭلار، — دەپتۇ بوۋاي. شۇنىڭ بىلەن يېڭى كېلىن چاقىرىلغاندىن كېيىن، نەچچە كۈندىن بۇيان بولغان ئەھۋالنى كېلىنگە ئېيتىپتۇ:
— بەخت قۇشىدىن نېمىلەرنى سوراپ ئالساق بولار؟ — دەپ سوراپتۇ. يېڭى كېلىن كۆپ ئويلانمايلا:
— بىز بەخت قۇشىدىن ئىتتىپاقلىقنى ئىنئام قىلىشنى سورايلى. ئىتتىپاق بولساق، ھەممە ئىشىمىز راۋاج تاپىدۇ، ئائىلىمىزگە بەرىكەت ياغىدۇ، جېدەل – ماجىرالاردىن خالى بولۇپ، يەنىلا ھازىرقىدەك بەختلىك ياشايمىز، — دەپتۇ.
بوۋاي ئىنتايىن خۇشال بولۇپ:
— مانا ئەمدى بەخت قۇشىدىن سوراپ ئالىدىغان ئەڭگۈشتىرىمىز تېپىلدى، — دەپتۇ.
ئۈچىنچى كۈنى بەخت قۇشى بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھە، سىلەر مەندىن نېمىنى سوراپ ئالماقچى بولدۇڭ-لار، — دەپتىكەن، بوۋاي:

— بىز سىلىدىن ئىتتىپاقلىقنى ھەدىيە قىلىپ كەتسىلە دېگەن قارارغا كەلدۇق، — دەپتۇ. بەخت قۇشى:

— مېنىڭمۇ سىلەردىن ئېلىپ كەتمەكچى بولغىنىم دەل شۇ ئىتتىپاقلىق ئىدى، بۇنى يەنە سورىساڭلار مەن سىلەرگە بېرەي، مەنمۇ سىلەرنىڭ ئائىلەڭلاردىن كەتمەي، چۈنكى ئىتتىپاقلىقنىڭ ئۆزى بەخت، مەن ئۇنى سىلەرگە تاشلاپ بېرىپ كېتەلمەيمەن، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بەخت قۇشى بۇ ئائىلىدىن كەتمەي تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ چوڭ ئائىلە يەنىلا بەختلىك، خۇشال-خۇرام، ئىناق تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئارزۇ-ئارمانلىرىغا يېتىپتۇ.

(«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىل 4 - سانىدىن ئېلىندى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

## ئەڭ قىممەتلىك نەرسە نېمە؟

قەدىمكى زاماندا ئەخمەت ۋە تاشمەت ئىسىملىك ئىككى بالا ئۆتكەنىكەن. ئەخمەت ئەقىللىق، ئويلاپ ئىش قىلىدىغان بالا ئىكەن. ئەگەر بىرەر يەردە بىر تال دان ياكى نان ئۇۋىقىنى كۆرۈپ قالسا ئۇنى دەرھال ئېلىپلا توخۇ، قۇشلارغا بېرىدىكەن. ئۆزى يەپ بىر چىشلەم نان ئېشىپ قالسىمۇ، ئۇنى ئاۋايلاپ ئوراپ قويۇپ، قورسىقى ئاچقاندا يەيدىكەن.

تاشمەت بولسا ئۇنىڭ ئەكسىنى قىلىدىكەن. قورسىقى تويسا ئېشىپ قالغان نانلارنى توغرا كەلگەن يەرگە تاشلاۋېرىدىكەن.

بىر كۈنى ئەخمەت تاشمەتكە:

— مۇشۇنداق قىلغىنىڭ ياخشى ئەمەس، نان ئەڭ قىممەتلىك نەرسە، — دەپتۇ.

— ياق، — دەپتۇ تاشمەت، — ئەڭ قىممەتلىك نەرسە گۆھەر!

— ياق، نان!

— ياق، گۆھەر!

— بولمىسا يۇر ھەممە ياقنى ئايلىنىمىز. ئەڭ قىممەتلىك نەرسە نېمە ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرىمىز ۋە ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ كېلىمىز، — دەپتۇ ئەخمەت.

تاشمەت ماقۇل بولۇپتۇ. ھەر ئىككىسى بەلبېغىغا تۆت توقاچ تۈگۈپ يولغا چىقىپتۇ، ئۇلار ئۇزۇن يوللارنى بېسىپتۇ.

قورساقلىرى ناھايىتى ئېچىپ بىر دەرەخ تۈۋىدە توختاپتۇ. بەل-بېغىنى يېشىپ ھەر ئىككىسى ئۆز نېنىنى ئۈشتۈپتۇ. شۇ چاغدا يەنە ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئۈستىدە تالىشىپتۇ.

— نان قىممەتلىك، — دەپتۇ ئەخمەت.

— گۆھەر، — دەپتۇ ناننى چىشلەپ تۇرغان تاشمەت، — قېنى ئەمدى ھەممە نەرسە گۆھەر بولۇپ قالغان بولسا تازا قىزىق بولاتتى.

شۇ پەيتتە بىر قۇش ئۇچۇپ كېلىپ دەرەخكە قونۇپتۇ-دە، تىلغا كىرىپ:

— مەيلى سېنىڭ ئېيتقىنىڭدەك بولسۇن، ھەممە نەرسەڭ گۆھەر بولۇپ قالسۇن! — دەپتۇ.

شۇ چاغدا تاشمەتنىڭ ئاغزىدىكى نان شاراق-شۇرۇق قىلىپ، چىشلىرىنى سۇندۇرۇۋەتكىلى تاسلا قاپتۇ. تاشمەت باشقا توقاچنى ئېلىپ ئۈشتاي دېسە، ئۈشتىيالماپتۇ. ئۇلارمۇ گۆھەرگە ئايلىنىپ كەتكەنىكەن. بۇلار يالت-يۇلت قىلارمىش. ئەخمەت بولسا ئۆزىنىڭ نېنىنى يەۋېرىپتۇ. ئۇ!

— ئالغىن، مېنىڭ نېنىمدىن يېگىن، — دەپتۇ تاشمەتكە.

تاشمەت ئۇنىڭ نېنىدىن بىر چىشلەم ئېلىپ ئاغزىغا سالغانىكەن، بۇ نانمۇ گۆھەر بولۇپ قاپتۇ. تاشمەت ئاچچىقتىن يىغلىۋېتىپتۇ.

— خوش دەپتۇ ئەخمەت، — ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە نېمە ئىكەن؟

— ئەمدى بىلدىم. ئەڭ قىممەتلىك نەرسە نان ئىكەن، — دەپتۇ تاشمەت. شۇ پەيتتە سېھىرگەر قۇش تىلغا كىرىپ يەنە سۆزلەپتۇ:

— ھەممە نەرسە ئۆز ئەسلىگە كەلسۇن! تاشمەتنىڭ ئاغزىدىكى گۆھەر يەنىلا باشقىدىن نانغا ئايلىنىپتۇ. تاشمەت

ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئىككى دوست ئارىسىدىكى تالىششىنىڭ سىرى ئېچىلىپتۇ. ئۇلار ئامان ـ ئېسەن ئۆيلىرىگە قايتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ تاشمەت ناننى بەك ئەزىزلەيدىغان بولۇپتۇ.

(«تۇمەنتال چېچەكلىرى» ژورنىلىنىڭ 1991 ـ يىل 1 ـ سانىدىن ئېلىندى.)

## ئامبالنىڭ چارىسى

بۇرۇنقى زاماندا بىر باي ئۆتكەنىكەن. بۇ باينىڭ ئىككى ئوغلى بارئىكەن. ئۇنىڭ مال - مۈلكى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياقۇتتىن ياسالغان بىر دانە شىرە بارئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى باي ۋاپات بولۇپ كېتىپتۇ. ئاكا - ئۇكىلار ئاتىسىدىن قالغان مال - مۈلۈكنى تەڭ بۆلۈشۈپتۇ. لېكىن ھېلىقى ياقۇت شىرەنى بۆلۈشەلمەي جېدەللىشىپ يامۇلغا ئەرز قىلىپ بېرىپتۇ. ئامبال ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ئەرز - شىكايىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلىگە بىر ئەقىل كەپتۇ - دە:

— سىلەر ھازىر قايتىپ كېتىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىڭلار، شۇ چاغدا ھۆكۈم چىقىرىمەن، — دەپتۇ.

ئاكا - ئۇكىلار يامۇلدىن قايتىپ كېلىپ، ياقۇت جوزىنى قولغا چۈشۈرۈشنى ئويلاپتۇ. ھەر ئىككىسى: «ئامبال پارا ئېلىشنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈشۈپتۇ. ئاكىسى ئالدىراپ - تېنەپ ئون سەر تەڭگىنى ئېلىپ، ئامبالغا يوشۇرۇن ئاپىرىپ بېرىپتۇ. ئۇكىسىمۇ ئاكىسىغا بىلىندۇرمەي ئون بەش سەر تەڭگىنى ئامبالغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ.

ئۇلار يەنىلا بىر - بىرىنىڭ ئامبالغا ئارتۇق تەڭگە بېرىپ شىرەنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ ھەممە تەڭگىلىرىنى ئامبالغا بېرىپ تۈگىتىپتۇ. مۆھلەت توشقان كۈنى ئاكا - ئۇكا ئىككىسى ياقۇت شىرە ھەققىدىكى ھۆكۈمنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئام-

بالنىڭ ئالدىغا كىرىپ ھاڭ - تاڭ قاپتۇ. چۈنكى ھۆكۈم زالدا ياقۇت شىرەدىن ئىككىسى، ئۈستىدە بىرمۇنچە تەڭگىلەر تۇرغانىكەن. ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ئامبال:

— بۇ ئىككى شىرەنى بىردىن ئېلىڭلار، ئۈستىدىكى تەڭگىلەرنى يىغىپ، بىرىڭلار ئېلىپ يەنە بىر شىرە سېتىۋېلىڭلار، — دەپ ھۆكۈم قىپتۇ. ئاكا - ئۇكا ئىككىسى ئامبالنىڭ ھۆكۈمىدىن ھەيران بولغانىكەن، ئامبال يەنە:

— ھەيران قالماڭلار، بۇ ئىككى ياقۇت شىرەنى سىلەرنىڭ ماڭا پارىغا بەرگەن تەڭگىلەرگە سېتىۋالدىم. قالغان تەڭگىلەر مانا مۇشۇ، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ ھەم ئاخىرىدا، — ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، قېرىنداشلىق مېھرىنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، لېكىن، ياقۇت شىرە سېتىۋېلىش ئاسان، ئىناق ئۆتسەڭلار تېخىمۇ كۆپ بايلىققا ئېرىشىسىلەر، — دەپتۇ.

ئامبالنىڭ چارىسىدىن خۇشاللانغان ئاكا - ئۇكىلار قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۆز تەئەللۇقىنى ئېلىشىپ قايتىپتۇ ھەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىر - بىرىگە ياردەم بېرىپ ئىناق ئۆتۈپتۇ.

(«تۇمەنتال چېچەكلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىل 1 - سانىدىن ئېلىندى.)

## تاش قازى

قەدىمكى زاماندا ئەجەم دىيارىدىكى خەلق پادىشاھلارنىڭ ئادالەتسىز پەرمانلىرىدىن، قازىلارنىڭ ناھەق سوراقلىرىدىن جاق تويۇپ، ئاللادىن ئادىل بىر سوراقچى قازى تەلەپ قىلىشىپتۇ. ئاللا يولىدا نۇرغۇن سەدىقىلەر بېرىشىپتۇ. بۇ ئىش ئاللانى تەسىرلەندۈرگەنلىكتىن ئاللا بۇ دىيارغا خىسلەتدار ناملىق بىر ھەيۋەتلىك تاغ بىنا قىلىپتۇكى، بۇ تاغنىڭ ھەيۋىتىدىن پۈتۈن دۇنيا زىلزىلىگە كەپتۇ. خەلق ئىچىدە ھەرقانداق دەۋا بولسا ئۇلاھ تاغقا كېلىپ ئەرز قىلىشسا ناھەق ئىش قىلغۇچىنى تاغ دەرھال يۇتۇپ كېتىدىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن خەلق خاتىرجەم بولۇشۇپ بۇ تاغقا «تاش قازى» دەپ نام بېرىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يۇرتنى ئادالەت قاپلاپ يۇرتتىكى ئوغرى، خىيانەتچىلەر تۈگەپتۇ. پادىشاھلارمۇ مۇشكۈل دەۋا - سوراقلارنى «تاش قازى» سورايدۇ، دەپ تاغقا بۇيرۇشۇپتۇ. خەلق خۇشال بولۇشۇپ، ئاللاغا ھەمدۇسانا ئوقۇشۇپ، ئېتىقادلىرىنى كۈندىن - كۈنگە كۈچەيتىپ مۇشۇ ئادالەتلىك كۈنلەرنىڭ مەڭگۈ داۋام قىلىشىنى تىلىشىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاغقا ئۇن چاقىرىم يىراق بىر يېزىدا ئاجايىپ بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ:

بىر يېزىدا بىر ئىمام بولۇپ، ئۇ بەكمۇ تەقۋادار كىشى ئىكەن. بۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق ئىشتىن ئىبادەتنى ياخشى

تۆرىدىكەن. ئىمامىنىڭ بىر خوتۇنى بولۇپ، توللىمۇ ساھىبجامال ئىكەن. ئىمام يامان كۆزلەردىن قورقۇپ خوتۇنىنى توللىمۇ پىنھان ساقلايدىكەندى، مەسچىتكە چىقىپ كەتسىمۇ - ئايالىنى ئۆيگە سولاپ، ئىشىكلەرنى قۇلۇپلاپ، بوسۇغا ئالدىنى سۈپۈرۈپ قويىدىكەن. ئايال ئۆز دېمەتلىكلىرىنىڭ تۈي - تۆكۈن، نەزىر - چىراقلارغا كېتىپ بارغىنىنى كۆرۈپ قورسىقى كۆپۈپ غەمكىن كۈنلەرنى ئۆتكۈزىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىمامىنىڭ مەھەللىسىگە بىر زەڭگە كۆچۈپ كېلىپتۇ، ئىمام بىلەن تام قوشنا بولۇشۇپتۇ. زەڭگە ئاخشاملىرى ئۆزىگە ئوخشاش نەشىخور دوستلىرىنى يىغىپ، مەي ئىچىشىپ، ساز چېلىپ، ئۇزاققىچە نەغمە - ناۋا قىلىشى- دىكەن. بۇلارنىڭ پاراڭلىرىدىن جاق تويغان ئىمام ئۇلارنى تىنماي قاغايدىكەن، لېكىن خوتۇنى ئوخلىغان بولۇپ يېتىۋېلىپ تۈگمەس شېرىن خىياللارنى سۈرىدىكەن. بارا - بارا ئىشقى ئۆرلەپ ئىمام يوق چاغلاردا تامدىن بېشىنى چىقىرىپ تىكىشاي- دىغان بوپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. زەڭگە بىلەن ئىمامىنىڭ ئايالى ئىشقى پەيزىنىمۇ سۈرۈشۈپتۇ. ئانچە ئۇزۇنغا بارماي ئىمامىنىڭ پاك كۆڭلىگە شەك چۈشۈشكە باشلاپتۇ. ئىمام شۇنىڭدىن كېيىن خوتۇنىنى سوراق قىپتۇ. لېكىن خوتۇنى ئىقرار قىلماپتۇ. ئاخىرى ئەتىسى سەھەر تۇرۇشۇپ «تاش قازى» قېشىغا دەۋاغا بېرىشقا كېلىشىپتۇ. ئىمام سۇبھى بىلەن تەڭ بامدات نامىزىغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئىمامىنىڭ خوتۇنى ھويلا تامىدىن ئارتىلىپ زەڭگىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، بىز ئەتە خىسلەتدار تاغ ئالدىغا دەۋاغا بارماقچى، شۇڭا سەن ئىشىكىڭنى ئېلىپ بېرىپ تەڭ يولدا ئوتتۇن كولاپ تۇرغىن، ناۋادا ئىمام چاقىرىپ قالسا، مېنى بېلىمدىن تۇتۇپ، ئىشەككە مىندۈرگىن. باشقا ئىشلارنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، دەپتۇ.

ئىمام ناماز چالا - بۇلا ئادا قىلىپ، ئۆيىگە كىرىپ ئايالىنى ئاھارەت ئالدۇرۇپ تاغقا قاراپ راۋان بوپتۇ.

ئۇلار يول يۈرۈشۈپ بىر جايغا بارغاندا زەڭگىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ. ئىمامنىڭ ئايالى ئۆزىنى تاشلاپ، ھېرىپ قالدىم، پۇتۇم ئاغرىپ كەتتى، ماڭا بىر ئېشەك تېپىپ بەرمىسىلە بارالمايدىكەنمەن، دەپ يېتىۋاپتۇ. ئىمام قارىسا خېلى يىراقتا بىر ئېشەك تۇرغۇدەك. ئىمام خوتۇنىنى يۈدۈپ، ئاران تەستە ئېشەك قېشىغا ئاپىرىپ، زەڭگىگە يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ. زەڭگە كېلىشىۋالغان پىلان بويىچە: ئىمام ئۆزلىرى دېگەن بىر كاتتا زات تۇرسىلا، جان دەپ ئاپىرىپ قويىمەن، — دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىپ ئىمامنىڭ ئايالىنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ ئېشەككە مىندۈرۈپ تاغقا قاراپ يېتىلەپ مېڭىپتۇ.

تاغ ئالدىغا كەلگەندە ئىمام خوتۇنىغا: «سەن مەن ئىمامنىڭ نىكاھىغا ئۆتكەندىن بېرى غەيرىدىنىڭ بەدىنى مېنىڭ بەدىنىمگە تەگمىدى، ئەگەر تەككەن بولسا تاغ مېنى يۇتسۇن دەپ قەسەم قىلىپ بەرگىن» دەپتۇ.

ئىمامنىڭ خوتۇنى «ئىمام، بۇ قانداق گەپ، باياتىن كۆزلىرى كۆردى. ماۋۇ ئېشەكچى مېنى كۆتۈرۈپ ئېشەككە مىندۈرگەندە قولى بەدىنىمگە تەگدى. ئەگەر مەن سىلى دېگەندەك قەسەم قىلسام مېنى تاغ يۇتۇپ كەتسە مەيلىمۇ» دەپتۇ.

ئىمام: «ھە، راست ئۇنىمۇ قوشۇپ قەسەم قىل» دەپتۇ.

خىسلەتدار تاغ «تاش قازى» ئىمام بىلەن ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ناھەق گۇۋاھلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن زېمىن ئاسماننى لەرزىگە سالغۇدەك بىر گۈلدۈرلەپتۇ ـ دە، زېمىن يۈزىدىن غايىب بوپتۇ.

ئىمام: «مەن بىگۇناھ خوتۇنىنى دەۋاغا ئەكەلگەن ئوخشايمەن، شۇڭا تەڭرىنىڭ غەزىپى تۇتۇپ ‹تاش قازى› يوقالدى» دەپ ئويلاپ تىزلىنىپ خوتۇنىدىن ئەپۇ سوراپتۇ.

(«تۆمەنتال چېچەكلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىل 1 - سانىدىن ئېلىندى.)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## سىلىقلىقىدىن ئىللىقلىقى ياخشى

زامان ئاۋۋالدا ئەل يۇرت ئىچىدە بىكار تەلەپلىكى بىلەن تونۇلغان ھېكىم سۆلەت ئىسىملىك بىر بايۋەچچە ئۆتكەنىكەن. ھېكىم سۆلەت ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىنى غەلىتە ياساپ، ئاجايىپ - غارايىپ كىيىنىدىكەن - دە، مۇلايىم چاققان ئىسىملىك مالىيىنى كەينىگە سېلىپ، ئاق بوز ئېتىنى مىنىپ، قارچىغىسىنى قولىغا قوندۇرۇپ، يىل بويى خالىغان يېرىگە بېرىپ ئوۋچىلىق قىلىدىكەن. ئوۋچىلىقتىن ئالغان ئاز - تولا غەنىيمەتلىرىگە خۇشال بولۇپ تەگتۇشلىرى ئارىسىدا ماختىنىپ يۈرۈيدىكەن. قاش قارايغان ھامان بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرلەرگە بېرىپ، ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ، ئەل - خالايىقنىڭ نەزەرىدىن چۈشكەنىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېكىم بايۋەچچە باشقىلاردىن شەھەردىن خېلى يىراق بىر جايدىكى ھەر خىل ياۋايى جانىۋارلار تولىمۇ كۆپ بولغان گۈزەل بىر ئورمانىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپتۇ - دە، ئۇنىڭدا شۇ يەرگە بېرىپ ئوۋ قىلىپ، ئەل - خالايىقنى تاڭ قالدۇرۇش ئىستىكى تۇغۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مالىيى مۇلايىم چاققانغا سەپەر تەييارلىقىنى تېزدىن پۈتتۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپ، ئۆزى بۇ قېتىمقى سەپەرگە مۇناسىپ كېلىدىغان كىيىم تاللاشقا كىرىشىپتۇ.

مۇلايىم چاققان بۇ قېتىم ئوۋ قىلىدىغان يەرنىڭ بەكمۇ

گۈزەل، مول - غەنىيمەتلىك جاي ئېكەنلىكىنى ئاڭلىغان بول-
سىمۇ، بىراق ئىشىكىنىڭ قېرىپ، ئورۇقلاپ، ئاجىزلاپ كەتكەن-
لىكىنى، شۇڭا بۇ قوتۇر ئىشەكنىڭ ئۇزۇن يول ۋە يۈككە
بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىپ، ئۆزلىرىنى چۆلدە قويۇشتىن
ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، غوجىسى ھېكىم بايۋەچچىدىن
ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈشنى ياكى باشقا ئىشەك ئالماشتۇرۇشنى
ئىلتىماس قىپتۇ. ئەمما سەپەرگە ئالدىراۋاتقان ھېكىم بايۋەچچە
مالىيىنىڭ ئەزمىلىكىدىن قاتتىق رەنجىپ:

— «قوتۇر ئىشەك يۈككە ئامراق» دېگەننى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟
تولا تىلىڭنى چاينىماي چاپسان تۇتۇش قىل، باش تۇخۇ
بىلەن تەڭ يولغا چىقىمىز. ھارامزادە، - دەپ دوق قىلىپ تىل
ساپتۇ. ھېكىم بايۋەچچىنىڭ ئاھانىتىدىن قورقۇپ كەتكەن
مالاي:

— خوش غوجام، توغرا ئېيتتىڭلا، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ
ۋە كېچىچە تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپتۇ. توقسان ياماق پاختىلىق
چاپىنىنى كىيىپ، دېگەن قەرەلدە بايۋەچچىنىڭ ئىشىك ئالدىغا
ھازىر بولۇپ تۇرۇپتۇ. كۈز كۈنلىرى بولسىمۇ، ھېكىم بايۋەچچە
خۇددى ئالتىنچى ئايدىكىدەك بېشىغا تەلپەك، ئۈستىگە يېڭەك
كەمزۇل، يالاڭ تامبال كىيىپ، ئېگەر - يۈگەن، قوشقۇن،
كەمەلدۇرۇكلىرى كۈمۈشتىن نەقىشلەنگەن ئاق بوز ئېتىنى ئوي-
نىتىپ، تويغا ماڭغاندەك چىقىپ كەپتۇ. مۇلايىم چاققان باي-
ۋەچچىنىڭ بۇ سۆلىتىنى كۆرۈپ ئىچىدە كۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما
ئۇنىڭغا ھەۋىسى كەلگەن قىياپەتتە سىرلىق ھىجىيىپ قول
قوشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. مالىيىنىڭ تەق بولۇپ تۇرغانلىقىدىن خۇش
بولغان بايۋەچچە:

— توقسان يارماق ئاتا تەگمىشلىرىڭنى جېنىڭغا جاپا
قىلىپ نېمانچە قاتلاپ كىيىۋالدىڭ؟ ۋوي، سېسىخور شۇپتۇر!
قېنى قوتۇرۇڭنى مىن، ئەمىسە يولغا چىقتۇق. — دەپ چاقچاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارىلاش مەنزىرە قىپتۇ.

مۇلايىم چاقچان بايۋەچچىنىڭ يالاڭ كىيىنۋالغانلىقىغا بىر نېمە دېيىشىنى ئويلاپتۇ — يۇ، يەنە كۆڭلىگە بىر نەرسىنى پۈكۈپ گەپ قىلماپتۇ. ئۇلار شۇ تەرىقىدە مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئالاھەزەل قىرىق — ئەللىك چاقىرىم يول يۈرۈپ چۈش بولاي دېگەندە چاقاغا دېگەن بىر سايغا كېلىپتۇ. ھېكىم بايۋەچچە ئېتىنى ئويىنىتىپ، ئوۋ قوغلاۋاتقان قۇشنىڭ كەينىدە چېپىپ پات - پاتلا مۇلايىم چاقچاندىن ئۈزاپ كېتىدىكەن ھەم ئېشەكنىڭ ئۆزىگە يېتىشىپ ماڭالماي يولنىڭ ئاۋۇمايۋاتقانلىقىدىن ئاغرىنىپ ماليىنى تىللاپ كېتىدىكەن:

— ھوي لايغەزەل، چۈمۈلىدەك مىدىقلاپ ماڭساڭ قانداق يول ئاۋۇتىمىز؟ قوتۇرۇڭنىڭ جېنى چىقمايدىغان يېرىگە ئۇرە!

— خوش غوجام، — دەپ قويىدىكەن مالاي ئارانلا كېتىۋاتقان ئېشىكىگە قاراپ قويۇپ ۋە قامچىسىنى توقۇمىغا ئاستا ئۇرۇپ قويىدىكەن.

بايۋەچچىنىڭ قۇشى ئەمدىلا قاتارغا قوشۇلغان ئىككى توشقاننى تۇتقانىكەن، ئۇ:

— ئېمىدېگەن سېمىز توشقانلار - ھە! بۈگۈن ماڭا ھەزرىتى پىرلار ئامەت ئاتا قىلغان ئوخشايدۇ، — دەپ بەكمۇ خۇش بولۇپ كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ.

ھېكىم بايۋەچچە بىلەن مۇلايىم چاقچان بىرى ئالدىدا، بىرى كەينىدە مېڭىپ سايدا يەنە بىر ھازا يول يۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ، قۇشلار سايرىشىپ، جانىۋارلار قىيىغىشىپ (سەكرىشىپ) تۇرغان شۇنداق گۈزەل بىر جايغا كەپتۇ. بۇ باشقىلارنىڭ ماختىغىنىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق گۈزەل بىر يايلاق ئىكەن. خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قالغان ھېكىم سۆلەت قارچىغىسىنى قويۇپ بەرگەنىكەن، قارچىغا ئوقتەك كۆك قەرىگە ئۆرلەپتۇ - دە، چاقماق تېزلىكىدە

تىرژەنگە شوئىغۇپ چۈشۈپ بىر كېيىك ئوغلىقىنى بېشىدىن
قاماللاپتۇ. بىردەمدىلا مۇنداق چوڭ ئولجىغا ئېرىشكەن بايۋەچچە
خۇشاللىقىدىن ئېتىنى ھەريان چاپتۇرۇپ كۆن نەيزە بويى قال-
غۇچە توختىماي ئوۋ ئوۋلاپتۇ. ھايت - ھۇيت دېگۈچە قىرغاۋۇل،
توشقان، تۈلكە، جەرەندىن بولۇپ ئون نەچچە جانىۋارنى ئوۋلاپ
ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان ئولجىغا ئېرىشىپتۇ. مۇلايىم چاقان
قوتۇر ئېشىكىنى سوكۇلدىتىپ ھېكىم بايۋەچچە ئوۋلىغان غەنىي-
مەتلەرنى يۈدۈپ يۈرۈپ ماجالى قالماپتۇ. بىر چاغدا ھېرىپ
ھالىدىن كەتكەن ئېشەك چىملىق ئۈستىدە يېتىۋېلىپ زادىلا
تۇرالماپتۇ. بايۋەچچىنىڭ ئېتىمۇ، ئۆزىمۇ چىلىق - چىلىق
تەرگە چۆمۈلۈپ قاش قارىيىشقا باشلىغاندا ئوۋنى توختىتىپتۇ.
قورسىقى ئېچىپ غولدۇرلاپ كەتكەن بايۋەچچە چىملىقتا ئوڭدى-
سىغا يېتىپ، مالىيىنى ئوتۇن تېرىپ گۈلخان يېقىپ قىرغاۋۇلدىن
بىرنى كاۋاپ قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. مالاي دەرھال ئىشقا كىرىشىپ
قۇرۇق ئوتۇن تەخ قىپتۇ. ھەمدە ئوت يېقىش ئۈچۈن بايۋەچ-
چىنىڭ تاش چاقمىقىنى سوراپتۇ. بايۋەچچە يانچۇقىنى سىيلاپلا
چۆچۈپ كېتىپتۇ. تاش چاقماق ئاللىقاچان چۈشۈپ قالغانىكەن.
— غوجام، ئوت يېقىشقا ئامال قالمىدى، ئەمدى ئېلىۋال-
غان نانلىرىمىزنى يەپ بۈگۈن كېچىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرايلى،
«بۈگۈنكىنى يەپ، ئەتىنى خۇداغا قوياي» دېگەن گەپ بار
ئەمەسمۇ؟ ئېشەك بەرىبىر ئورنىدىن تۇرالمايدۇ، ئولجىلارنى
يۈدۈشكە تېخىمۇ ئىمكان يوق، دەپ قاپاقتىكى سوغۇق چاي
بىلەن قۇرۇق ناننى يەپ، قورساقلىرىنى تويغۇزۇشۇپ ئۇخلىماقچى
بوپتۇ. بايۋەچچە ئالھادىس بىرەر يىرتقۇچنىڭ ھۇجۇمىدىن
ساقلىنىش ئۈچۈن مالىيىنى ئۇخلىماي كۆزەتچىلىك قىلىشقا بۇي-
رۇپتۇ. ئۆزى ئېگەرنىڭ يوپۇقىنى ئاستىغا سېلىپ چىم ئۈستىدە
يېتىپ قاپتۇ. مۇلايىم چاقانمۇ بايۋەچچىدىن كېيىنلا ئېشەك-
نىڭ تىزگىنىنى ئېلىپ كېلىپ بىر ئويمانغا چۈشۈپ تۈگۈلۈپ

يېتىپتۇ. مالاي نەم شامالنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلغانلىقىنى سېزىپ، ئاسمانغا قارىسا كۆكنى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ بىرمۇ يۇلتۇز كۆرۈنمەپتۇ. ناھايىتىمۇ چارچاپ كەتكەن مالاي بىردەمدىلا ئۇخلاپ قاپتۇ. تۈن نىسپى بولغاندا ئۇ ئۈستىگە تاراسلاپ چۈشكەن مۆلدۈرنىڭ زەربىسىدىن ئويغىنىپ كېتىپتۇ. چۆچۈپ كەتكەن مالاي بايۋەچچە ياتقان يەرگە قارىسا يوق تۇرغۇدەك. ئوبدان سىنچىلاپ قارىسا بىچارە بايۋەچچە مۆلدۈرنىڭ ئۇرۇلۇ-شىغا چىدىماي ئېتىنىڭ قورسىقى ئاستىغا كىرىپ پاناھلانماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇلايىم چاققان تو-قۇمنى بېشىغا ئارتىپ بېرىپ بايۋەچچىنىمۇ پاناھىغا ئالماقچى بولغانىكەن، بايۋەچچە مالىيىنىڭ ئۆزىنى ئات ئاستىدا تۇرغى-نىدا كۆرۈپ قالغانلىقتىن نومۇس قىلىپ، ئۇنى تىللاپ كېتىپتۇ ۋە دەرھال ئات ئاستىدىن چىقىپ بېشىنى چاڭگاللاپ، چىلىنىڭ چۈجىسىدەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئانچە ئۇزۇنغا بارمايلا مۆلدۈر توختاپتۇ. ئەمما كۈزنىڭ سوغۇق جۇدۇنى كۈچىيىپ، ئىزغىرىن شامال چىقىشقا باشلاپتۇ. بايۋەچچە پاناھلىنىش ئۈچۈن ئوت - چۆپلەرنى يىغدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ياتقان بولسىمۇ، چۆپتىكى نەم ۋە سوغۇق شامال جېنى - جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. سۆلەتۋاز بايۋەچچە يالاڭ كىيىنىۋالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەم يەردە ياتقانلىقى ئۈچۈن سوغۇقتىن بەزگەكتەك تىترەشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ چىشلىرى كاسىلداپ، ھەرقانچە قىلسىمۇ توختىتالماپتۇ. مالاي بولسا توقۇمنى ئاستىغا سېلىپ ئوت - چۆپلەرنىڭ دالدىسىدا يېتىپ دەم ئاپتۇ. بىر چاغدا ئۇ بايۋەچچىنىڭ ھالىغا چىدىماي ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ ۋە:

— غوجام بەك تۈگۈلۈپ كەتتىلە، لايىقلىرىدا باشقا نەرسە بولمىغاندىكىن قېلىنراق توقۇمنى بولسىمۇ ئۈستىلىرىگە يېپىپ دالدىغا ئەپ قويايمۇ؟ دەپ سوراپتۇ.

— ئۈششۈپ ھالىدىن كەتكەن بايۋەچچە يەنىلا تەن

بەرمەستىن:

— يوقال، قوتۇر ئېشەكنىڭ ئۇستىدىكى شۇپتۇرنى ماڭا يانىماقچىمۇ سەن؟ ۋوي كۆڭلى قارا كاززاپ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

مۇلايىم چاققان: «خوش غوجام، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا» دېگىنىچە ئورنىغا يېنىپ كېلىپ يېتىپ قاپتۇ. بىر هازا ئۆت-كەندىن كېيىن، سوغۇق ھېكىم بايۋەچچىنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ھەڭگاك چىشلىرىنىڭ كارسىلدىغان ئاۋازىنى مۇلايىم چاققان نەچچە قەدەم نېرىدا تۇرۇپمۇ ئاڭلاپتۇ-يۇ، لېكىن يەنىلا جىم يېتىپتۇ. بىر چاغدا ھېچ تاقىتى قال-مىغان بايۋەچچە تىلىنى چايناپ:

— مۇ...لايىم چا...ققان، — دەپ چاقىرىپتۇ.

— خوش غوجام، — دەپتۇ مالاي ئورنىدىلا يېتىپ ھېچ نەرسە سەزمىگەن قىياپەتتە.

بەك... بەك تو... ڭۈپ كەت... تىم، بايىقى... بىرنېمەڭنى ئىس... ئىس... ئىسسىمنى ئاتىمايلا... ئۇستۈمگە، — دەپتۇ.

- مانا مۇشۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەلق ئارىسىدا «سىلىقلىقدىن ئىللىقلىقى ياخشى» دېگەن تەمسىل تارقالغانىكەن.

(«قومۇل ئەدەبىياتى»نىڭ 1988 - يىل 3 - سانىدىن ئېلىندى.)

www.uyghurkitap.com

# دېۋىنى قورقۇتقان باتۇر

بۇرۇنقى زاماندا، بىر ئاق كۆڭۈل، ياشانغان باغۋەن بىلەن بىر نەشىكەش بەڭگە تام قوشنا ئىكەن. باغۋەن ئۆزىنىڭ ئاتا كەسپى بولغان باغۋەنچىلىكنى بەكمۇ قەدىرلەيدىكەن. شۇڭا ئۇ ئۆز بېغىنىڭ ھەرخىل مېۋە كۆچەتلىرىنى، ھەرخىل گۈللەرنى ئۇلاپ تۇتقۇزۇپ پەرۋىش قىلىدىكەن. قولى بوش ۋاقىتلاردا دېھقانلارنىڭ كۆچەتلىرىنى، ھەر خىل گۈللىرىنى ئۇلاپ، پەرۋىش قىلىپ بېرىدىكەن. ھەر يىلى كۆچەت تىكىش مەزگىلىدە يىراق ـ يېقىندىكى دېھقان ۋە بېغى بار كىشىلەر بۇ باغۋەننى ئىزدەيدىكەن، بەزەن يىللىرى تالاشتا تېگىشمەي قالىدىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ تۇرمۇشى خۇشال ـ خۇرام، ھال كۈنى ياخشى ئۆتىدىكەن.

بەڭگە قوشنىسى ياش بولغان بىلەن ھەر كۈنى نەشە چېكىپ مەست بولۇپ، بېشىنى قاپاق قىلىپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىپ، ئوخلاپ ئىش ـ ئوقەت قىلمايدىكەن، ھۇرۇن ئىكەن. بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش يولى ئىككى خىل بولسىمۇ قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتتە ناھايىتى ياخشى ئۆتۈپتۇ. ئۇلاقچى ئۇستامىنىڭ ئائىلىسى بىر كۈن پولو، بىر كۈن لەڭمەن، بىر كۈن ساڭزا ـ قۇيماق دېگەندەك ياخشى تاماقلارنى ئېتىپ يەپ، تۇرمۇشىنى ياخشى ئۆتكۈزىدىكەن. ئۆزى يېگەن تاماقتىن قوشنىسىغىمۇ سۇنۇپ بېرىدىكەن.

بەڭگە قوشنىسىنىڭ قولى قىسقا بولۇپ، ئۇنىڭ خوتۇنى تاماق ئېتەي دەپ بىرنى تاپسا، بىرى يوق، يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىدە قىينىلىپ سىردىقتال ئۆتىدىكەن. ئۆيدە ئاش يوق تەڭقىسلىقتا قالغان كۈنلىرى باغۋەن ئۇستامنىڭ ئۆيىگە تەڭقىسچىلىقىنى ئېيتىپ كىرسە، ئۇلار ئاش، ئوزۇق ياكى پۇل - پۈچەكنى ئۆتنە ھېسابى بېرىپ تۇرىدىكەن. بەڭگە ئۆتنە ئالغان نەرسىنى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بېرەلمەيدىكەن.

بەڭگىنىڭ تۇرمۇشىدا مۇشۇنداق غۇربەتچىلىك بىرنەچچە يىل داۋام قىپتۇ. خوتۇنى تۇرمۇشنىڭ غۇربەتچىلىك ئەلىمىگە چىدىيالماپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئېرىگە تاپا - تەنە قىلىپ مۇنداق دەپتۇ: «مەن ساڭا تەگمىگەن بولسام بوپتىكەن! باغۋەن ئۇستامنىڭ ئۆيىدىكىلەر مانتا، پولو، ساڭزا - قويماق ئاچچىقىپ بەرسە ھۇزۇرلىنىپ يېدۇق، بىزچۇ؟ پولو ئۇياقتا تۇرسۇن بىر تاۋاق ئوماچنىمۇ ئۇلارغا ئاچىقىپ بېرەلمىدۇق: بار تاۋىقىم، يان تاۋىقىم، بارمىساڭ، يانمىساڭ ئوتتۇرىدا سۇن تاۋىقىم: دەپتىكەن. سەن ئىش - ئوقەت قىلماي ئۆيدە بىكار ياتساڭ، ساڭا پۇل نەدىن كېلىدۇ؟ ئاش - ئوزۇق نەدىن كېلىدۇ؟ سېنىڭ ھايات تۇرغىنىڭدىن ئۆلگىنىڭ ياخشى، ئۆيۈڭدە چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، ئەمدى مېنىڭ خېتىمنى بەرگىن، ھەر قايسىمىز ئۆز كۈنىمىزنى ئۆزىمىز ئالايلى».

بەڭگە خوتۇنىنىڭ تاپا - تەنە، يامان گېپىگە چىداپ تۇرالماي سەپرايى ئۆرلەپ، بېشى راسا قېتىپتۇ. خۇرجۇننىڭ بىر بېشىغا خاكا كۆمە ئاپتۇ. يەنە بىر بېشىغا چىلىم قاپاق بىلەن سەيخانىلارنى تىقىپ خۇرجۇننى كۆتۈرگەن پېتى خوتۇنىدىن يامانلاپ يولغا چىقىپتۇ. بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ ئېگىز تاغنىڭ بويىدىكى دەرەخنىڭ تۈۋىگە كەپتۇ. دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ چىلىمغا نەشە ساپتۇ، خاكلاپ چېكەي دەپ تۇرۇشىغا بېشى قازاندەك، قەددى - قامىتى مۇناردەك، بېشى بەت ھەيۋەت

قورقۇنچلۇق بىر دىۋە پەيدا بوپتۇ. بەگگىنى كۆرۈپ: «ھەي نىمە جانسەن؟ بۇ جاي ماڭا تەئەللۇق! مېنىڭ ماكانىم بولىدۇ! ھەرقانداق ئۇچار قانات، جان ـ جانىۋارلار بولسا مېنىڭ ئىلكىمدە. ئادەمزاتلار كەلسە مەن ئەلۋەتتە ئۇلارنى يەيمەن، سەن مېنى يېسۇن دەپ بۇ يەرگە كەپسەن، يۈر سېنىمۇ بىرۋاقلىق ئۇزۇق قىلاي» دەپتۇ. بەگگە دىۋىدىن قورقۇپ قاچالماي جېنى چىققۇدەك بولۇپ، كۆزلىرىنى ئالاق ـ جالاق قىلىپ «قانداق قىلارمەن» دەپ تۇرۇپ قاپتۇ. بەگگىگە ئاخىرى ئەقىل كەپتۇ، ئوت يېقىپ قويغان چېلىمدىكى نەشىنى راسا ئىلىپ شوراپتۇ، ئوت خاكىغا تۇتاشقاندىن كېيىن چىڭقىلىپ تۇرۇپ تېشىغا پۈۋلىگەن ئىكەن، ئوت ۋال ـ ۋۇل قىلىپ، يىگىرمە مېتر ئېگىزلىككە شولا بېرىپتۇ. دىۋە ئوتتىن قورقۇپ، تىترەپ قېچىشقا باشلاپتۇ.

بەگگە دىۋىنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ ۋارقىراپ: «ھەي دىۋە نەگە بارىسەن، مەن بولسام دوزاخنىڭ پادىشاھى بولىمەن! دوزاخنىڭ بىر تال تۈۋرۈكى سۇنۇپ كەتكەنىدى، ئۇزاقتىن بېرى سېنى دوزاختا تۈۋرۈك قىلاي دەپ يۈرەتتىم، ماڭ بۇياققا» دەپتۇ.

دىۋە چېلىمدىن چىققان ئوتنى: «دوزاختىن چىققان ئوت» ئوت چىقارغان مەخلۇق بولسا دوزاخنىڭ پادىشاھى» دەپ ئىشىنىپتۇ. دىۋە: «ۋاي پادىشاھى ئالەم، مېنى دوزاختا تۈۋرۈك قىلمىسىلا، مەن سىلىگە ياخشىلىق قىلاي، مەن ماكانىمغا بېرىپ سىلىگە جىق ئالتۇن ئېلىپ كېلەي، ماڭا بىر سائەت رۇخسەت بەرسىلە» دەپ يالۋۇرۇپتۇ. بەگگە دىۋىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن: «ھازىر ماڭ يوقال كۆزۈمدىن، ۋەدەڭدە تۇرمىساڭ دوزاخنىڭ ئۇچقۇندىسىنى چىقىرىپ كۆيدۈرۈپ تاشلايمەن» دەپتۇ. دىۋە بىر پەرۋاز قىلىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ ۋە ھايال بولماي قايتىپ كەپتۇ. ئۈچ تۇلۇم ئالتۇننى بەگگىنىڭ ئالدىغا قويۇپ: «ئاز بولـ

سىز بۇلارنى ئېلىپ، مېنىڭ گۇناھىمدىن ئۆتسەڭ» دەپ-
تۇ. بەگگە بۇنچىلا ئالتۇنلارنى كۆرۈپ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغ-
ماي قالغان بولسىمۇ دېۋىنى يەنە بىر قېتىم قورقۇتماقچى
بولۇپ: «كۆتۈر بۇ نەرسەڭنى، ماڭا كېرىكى يوق، سېنى ئاپىرىپ
دوزاختا تۈۋرۈك قىلىمەن» دەپ ۋارقىراپتۇ. دېۋە قورقۇپ جېنى
چىققۇدەك بولۇپ يالۋۇرۇپتۇ.

بەگگە: «ئۇنداق بولسا ئۈچ تۈرلۈك شەرتىم بار، قوبۇل
قىلساڭ تەلىپىڭگە ماقۇل بولاي» دەپتۇ. دېۋە: «شەرتلىرىنى
ئېيتسىلا، بەجانىدىل قوبۇل قىلىمەن» دەپتىكەن، بەگگە مۇنداق
دەپتۇ: «بىرىنچى شەرتىم، ئۈچ تولۇم ئالتۇن بىلەن مېنى ئۆي-
گە ئاپىرىپ قويىسەن، ئىككىنچى شەرتىم، دوزاخنىڭ تامغىسى-
نى سۆڭگۈچىڭگە بېسىپ قويىمەن، دوزاختا قاچان لازىم بولۇپ
قالساڭ، دوزاخنىڭ ئەلچىسى سېنى ئىزدەپ تېپىپ دوزاختا
ئاپىرىدۇ! ئۈچىنچى شەرتىم شۇكى، بۇ يەرگە كەلگەن ئادەمزات،
جان - جانىۋار، ياۋايى ھايۋانلاردىن تارتىپ ئۇنىڭغا سەن
دەخلى قىلمايسەن، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلساڭ دوزاختا تۈۋرۈك
قىلىمەن، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن» دەپتىكەن، دېۋە دىر - دىر
تىترىگەن ھالدا بەگگە ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرنى بويىنغا
ئېلىپ بەگگىنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپتۇ. بەگگە دوزاخنىڭ
تامغىسىنى قىزىتىمەن دەپ چىلىمغا نەشە ساپتۇ، ئارقا - ئارقى-
دىن ئۈچ نۆۋەت چىلىمغا ئوت ئالدۇرۇپتۇ، چىلىمنىڭ سەيخا-
نىسى قىزىپ ئوتتەك بولغاندىن كېيىن سەيخانىنى ئاپىرىپ
دېۋىنىڭ سۆڭگۈچىگە يېقىپتۇ. ئاندىن بەگگە ئۈچ تولۇم
ئالتۇننى دېۋىگە ئارتىپتۇ، دېۋىنىڭ گەردىنىگە مىنىپتۇ، دېۋە
پەرۋاز قىلىپ تىنچ - ئامان بەگگىنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ قويۇپتۇ.
بەگگىنىڭ خوتۇنى مۇنچە جىق ئالتۇنلارنى كۆرۈپ خۇشال بو-
لۇپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ئاندىن كېيىن قوشنىسى
باغۋەن ئۇستامنىڭ ئائىلىسىنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ، تاماقتىن

كېيىن باغۋەنگە ئون چىنە ئالتۇن ھەدىيە قىپتۇ. بەگنىڭ خوتۇنى باغۋەننىڭ خوتۇنىغا ئۈزۈك، ساپاق، بىلەيزۈك سوۋغات قىپتۇ. باغۋەن ئۇستامنىڭ ئىلگىرى بەگنىڭ ئائىلىسىگە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئاغزىغا سىلىپ، رەھمەت ئېيتىپ، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ، بۇ ئىككى تام قوشنا تېخىمۇ ئىناق قوشنا بولۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. دىۋە ئىگىدارچىلىق قىلىپ كەلگەن كەڭ يايلاقتا ئادەملەر خاتىرجەم يىرىپ شىكار قىلىدىغان بوپتۇ. چارۋىچىلار ھەر يىلى چارۋىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ قورقماي چارۋا بېقىپ، ئوۋ ئوۋلايدىغان بوپتۇ. ھەممە كىشى دىۋىنىڭ زوراۋانلىقىدىن قۇتۇلۇپ خاتىرجەم بولۇپ باياشات ئۆتكەنىكەن.

(«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىل 3 - سانىدىن ئېلىندى).

# ۋەزىرنىڭ پاراستى

بۇرۇنقى زاماندا ئەزىمخان دەپ بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئىنتايىن رەھىمسىز ۋە زالىم ئىكەن.

ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. ئەزىمخان پەرزەنت كۆرمەي، يالغۇز يېگانە ئۆتكەن ئۆمرىگە ئېچىنىپ كۆزى ياشتىن، كۆڭلى غەشتىن خالى بولمايدىكەن. باشقىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى كۆرسە يۈرىكى كۆيۈپ، ئازابلىنىدىكەن. كۈنلەردىن بىركۈنى ئەزىم شاھ قىردىق خوتۇنىنى قاتار قىلىپ:

— سەن ئىپلاسلار ھېچقايسىڭ تۇغىدىغان شمايسەن، خەقنىڭ خوتۇنلىرى تۇغىدۇ، ۋاقتىدا تۇغۇشنىڭ بىرەر يولىنى تېپىشمساڭ ھەممىڭنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن، — دەپ سەككىز كۈنلۈك مۆھلەت بېرىپتۇ. سەككىز كۈندىن كېيىن بېشىغا قانداق كۈلپەتلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ ھەممىسى ئۆكسۈپ يىغلىشىپ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ خۇداغا مۇراجىئەت قىلىشىپتۇ. ۋاقىت يېقىنلاشقانسېرى قورقۇنچىدىن تىلى گەپكە كەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار بىر پىكىرگە كېلىشىپ، بېشىغا كېلىۋاتقان پاجىئەلىك ئۆلۈمدىن ئەقىلدار ئۇلۇغ قول ۋەزىرنىڭ قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپ، ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئايىغىغا تاشلاپ يەرنى سۆيۈشۈپ نالە قىلىشىپتۇ. ئەقىلدار خوتۇنلارنىڭ نالىسىگە چىداپ تۇرالماي شاھ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ:

— شاھىم، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ.

شاھ ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ نېمە دەپ كەلگەنلىكىنى ئويلا - ئويلىماي:

ھەرقانداق گۇناھىڭ بولسا كەچتىم، سۆزلە! — دەپ ئىجازەت بېرىپتۇ.

ئۇلۇغ شاھىم، قىرىق خوتۇنلىرىغا چۈشۈرگەن ھۆكۈملىرىنى ئاڭلىدىم. بەرگەن مۆھلەتلىرىدىن ئۈچ كۈن قاپتۇ. يەنە ئۈچ كۈن ۋاقىت ئۇزارتىپ بەرسەڭ، بۇ خوتۇنلار تاھارەت ئېلىشىپ، ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ، چوڭ زاتلارنى تېپىپ قۇرئان كېرىمنىڭ ئايەتىنى ئىچسۇن، ئۇلۇغ مازايى - ماشايىخلار ھەققىدە خەير - ساخاۋەت قىلىشسۇن، خوتۇنلارنىڭ تىلىكى ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئىجاۋەت بولۇپ، بىرى تۇغمىسا، بىرى تۇغۇپ قالار، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭمۇ يېرىم كۆڭلى پۈتۈن بولۇپ دۆلەتلىرى زىيادە بولسا ئەجەب ئەمەس... — دەپتۇ ۋەزىر - ئەقىلدارنىڭ سۆزلىرى ئەزىمخاننىڭ كۆڭلىگە يېقىپ، خوتۇنلىرىغا يەنە ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت قوشۇپ بېرىپ، ھەرقايسىڭلار ھەر تەرەپكە چىقىپ چارە ئىزدەڭلار، دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. خوتۇنلار ئوردىدىن چىقىپ يېرىم كۈن ماڭغاندىن كېيىن، بىر - بىرى بىلەن ئايرىلىش قارارىغا كېلىشىپ، يىغا - زارە ئىچىدە خوشلىشىپتۇ. بىچارە ئاياللار شۇنچە كۆپ ئىزدىنىپ كۆرگەن بولسىمۇ، تۇغۇشنىڭ بىرەر ئامالىنى تاپالماپتۇ. ئاخىرى قايتىپ كېلىشىپ شاھنىڭ ئاياغلىرىغا ئۆزىنى ئېتىپ:

— بىر ئۆمۈر ئۆزلىرىگە خوتۇن بولۇپتىمىز، ھالا بۈگۈنكى كۈندە جېنىمىز سىلىنىڭ قوللىرىدا قالدى. بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچكەيلا، — دەپ يەر سۆيۈشۈپتۇ.

بىر كۈنى ئەزىمخاننىڭ خىيالغا چۆكۈپ، دۇنيادىن تەرك بولۇپ، چىرايىدا قان قالماي، ھالى خاراب تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن سول قول ۋەزىر ئوردىدىكى

ئەلەمدار ۋە قەلەمدار باشلىقلىرىنى قۇتۇرتىپ، ئەقىلدار تۆرت قول ۋەزىر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، شاھ ئالدىغا بىللە كىرىشىپ بېرىشىنى ئىلتىجا قىپتۇ. ھازىرغىچە ئەقىلدارنى كۆرەلمەي دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ كەلگەن چوڭ - كىچىك ئوردا ئەمەلدارلىرى، ماقۇل بولۇشۇپ، ئەزىمخاننىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— بېشىڭىزدىن قورقىمىز شاھىم، — دەپ تەزىم قىلىشىپتۇ. ئەزىمخان شاھ بولغاندىن بۇيان مۇنداق كۆپ ئادەمنىڭ تەزىمگە كىرگەنلىكىنى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەيران بولۇپ ئىتتىك سۆزلەشنى بۇيرۇپتۇ.

— ئۇلۇغ شاھىم، گۇناھىمىزدىن كەچكەيلا، مېنىڭ دەيدىغان سۆزۈم شۇكى، ئەقىلدار ئەزەلدىن ياخشى، ئاق كۆڭۈل ئادەم ئەمەس، ئۇ سىلىنى توغرا يولغا باشلىمايدۇ. توغرا يولغا باشلىسا ئۆزلىرىنىڭ قىرىق خوتۇنلىرىنى ئىككى ھەپتە ئايرىپ يايلاققا چىقارمايدۇ، خوتۇن كىشى پىششىق ئاش، كىم ئىچسە بولۇۋېرىدىغان: ئۇلار نېمە ئىشلارنى قىلدى؟ ھۇزۇرلىرىنىڭ يۈزىگە ئاياغ قويدىمۇ - يوق؟ ھۇزۇرلىرى تەڭداشسىز ئۇلۇغ شاھ. شەنلىرىگە داغ كەلتۈرۈپ، كۆڭۈللىرىگە شەك چۈشۈرۈپ، ئەل ئىچىدە يۈز - ئابرويلىرىنى تۆكۈپ، باشلىرىغا مەسخىرە، سۆز - چۆچەك كەلتۈردى. ئويلاپ باقسىلا شاھىم، ئەقىلدارنىڭ قىلمىشى كىچىك گۇناھ ئەمەس. ئۇنى ياراتقان ئاللامۇ كەچۈرمەيدۇ. ئەل - پۇقرامۇ كەچۈرمەيدۇ. ۋەللاھۇ ئالەم - سۆزۈم خالاس، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، يەتتە نۆۋەت تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ. قالغانلار قوشاقچىدەك جاۋىلداپ ئەزىمخاننىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. سول قول ۋەزىرنىڭ سۆزلىرى خاننىڭ يۈرىكىنى پارە - پارە قىلغاندەك تۇيۇلۇپ، قىرىق خوتۇننى يىغىپتۇ. ئاندىن ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا ھۆكۈم قىپتۇ. بۇيرۇق ئىجرا قىلىنىپتۇ، ئاندىن ئەقىلدارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ، جاللاتلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنى ئۆلۈم مەيدانىغا سۆرەپتۇ.

— ئۇلۇغ شاھىم، سىلىگە دەيدىغان گېپىم بار، رۇخسەت بەرگەيلا، — دەپتۇ ئەقىلدار.

— رۇخسەت، سۆزلە، — دەپتۇ شاھ.

— ئۆزلىرى تەختكە چىققىلى ئوتتۇز يىل بوپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى خىزمەتلىرىدە بولدۇم. رازى قىلالىدىم، شۇنى ئېيتايكى، بىرىنچىدىن، كۆرگەن كۈنلىرىگە شۈكرى - قانائەت قىلمىدىلا، ئىككىنچىدىن، خۇداغا زىكرى - سانا قىلمىدىلا، ئۈچىنچىدىن، ئالدىلىرىدا تۇرغانلار قورساق بېقىش ئۈچۈنلا ھۇزۇرلىرىدا ھەمدەم بولغانلار؛ تۆتىنچىدىن، مۇندىن كېيىن تويى قىلسىلا بىرلا خوتۇن ئالسىلا. ئالانىڭ ھۇزۇرلىرىغا پەرزەنت بەرمەسلىكىمۇ بەلكىم شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك. شۇنداقلا سىلىدەك بىر ئادەمنىڭ دۇنياغا كېلىپ قېلىشىنى خۇدا ياقتۇرمىغان؛ بەشىنچىدىن، مېنى ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆلتۈرسىلە، — دەپتۇ. شاھنىڭ ئەقىلداردىن ئايرىلىشى بېلىق سۇدىن ئايرىلىشتىنمۇ تەس ئىدى. شۇڭا ئەقىلدارنىڭ بەشىنچى تەلىپىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن زىندانغا تاشلاپتۇ. ئەقىلدارنىڭ ھالىدىن خەۋەر تاپقان خالايىق ئەزىزخانغا خەتنامە يېزىپ، گۇناھىنى تىلەپتۇ. ئەزىزخان ئەقىلدارنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، بېشى تىنچىمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، زىنداندا چىرىتىشنى ئويلاپتۇ. ئەزىزخان يالغۇزسىراپ گۈلچەھرە ئىسىملىك بىر قىزنى نىكاھىغا ئېپتۇ. ئۇ گۈلچەھرە بىلەن ئۈچ يىل بىللە بولۇپ، بۇ خوتۇنىدىنمۇ رايى يېنىپتۇ. گۈلچەھرىنى تىزغاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەزىزخاننىڭ ھەسرىتى نەچچە ھەسسە ئېغىرلىشىپتۇ. ئاخىرى ئەقىلدارنىڭ دېگەنلىرىنى ئويلاپ، خۇداغا يىغلاپ زىكرى - سانا ئېيتىپتۇ. بىراق يەنىلا كۆڭلى پۈتۈن بولماي، ئاخىر ئەقىلدارنى سېغىنىپ زىنداندىن چىقىرىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي گۈلچەھرە قورساق كۆتۈرۈپتۇ.

ئەزىمخاننىڭ بېشى كۆككە يېتىپ، گۈلچەھرىنى بەكمۇ ئەتىۋارلاپتۇ. ئاي - كۈننىڭ ئۆتۈشى بىلەن توققۇز ئاي، توققۇز
كۈن، توققۇز سائەت توشۇپ بىر ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ. شۇ كېچىسى
ئەزىمخان بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە تەخت ئالدىدا ئىككى
ئاچىماق بىر تۈپ چىنار بولۇپ، ئۇ چىنارنىڭ ئىككى ئاچىماق
ئوتتۇرىسىدىن بىر تال نوتا شاخ كۆكلەپ چىققانمىش. ئۇ
نوتا شاختا ئون ئالتە دانە يوپۇرماق بولۇپ، بىر - بىرلەپ
چۈشۈپ كەتكەنمىش. كېيىن نوتا شېخى ئۆزلۈكىدىن سۇنۇپ
يەرگە چۈشكەنمىش، ئاندىن كېيىن چوڭ چىنار ئۆرۈلگەنمىش.
بۇنى كۆرگەن شاھ يۈرىكى يېرىلغۇدەك قورقۇپ «ۋايجان»
دەپ ۋارقىراپ ئويغىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شاھنىڭ قورقۇنچىسى
كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ، كۆڭلى ئارام تاپماپتۇ. ئەتىسى
قول ئاستىدىكى ئىلىم ئەھلى - ئۆلىمالارنى يىغىپ چۈشىنى
ئېيتىپ شۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ چۈشۈمگە كىمدە - كىم ئۈچ كۈن ئىچىدە
تەبىر بەرسە ئات بېشىچىلىك ئالتۇن بېرىمەن، جاۋاب بېرىش
مىسەڭ، كاللاڭنى ئالىمەن. ئۈچ كۈن ئىچىدە ھېچكىم جاۋاب
بەرمەپتۇ. چۈنكى بۇ چۈش بەكمۇ خەتەرلىك ئىكەن. ئۈچ
كۈندىن كېيىن ھۆكۈمنامە بويىچە ئۆلىمالارنىڭ كاللىسىنى
ئېلىشقا باشلاپتۇ. نۇرغۇن پاراسەتلىك ئۆلىمالارنىڭ ئۆلۈپ
كېتىۋاتقانلىقىغا چىدىمىغان ئەقىلدار ئۆز جېنىنى قۇربان
قىلىپ، نەچچە مىڭ جاننى قۇتقۇزۇشنى ئويلاپ:

— مەن جاۋاب بېرىمەن، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ.
پادىشاھ قوشۇلۇپتۇ. ئەقىلدار ئۈچ يىل زىنداندا يېتىپ،
يازغان نەزمىسىنى قولىغا ئاپتۇ:

— ئۇلۇغ شاھىم بېشىمنىڭ كېتىشىدىن قورقىمەن، —
دەپتۇ.

— گۇناھىڭدىن ئۆتىمەن، سۆزلە، — دەپ پەرمان
بېرىپتۇ شاھ. ئەقىلدار نەزمىسىنى ئوقۇشقا باشلاپتۇ:

خەت بىلمەيسەن شاھ سۇلتان،
تەۋەككۇلغا يار سۇلتان.
ھەق - ناھەقنى ئايرىماي -
باش كېسىپ قان ئاققۇزغان -

ئاياللارنى بۇلايسەن،
قىرىپ - چېپىپ خارلايسەن -
قانلار يۇتۇپ يالۋۇرسا،
ھەرگىز قۇلاق سالمايسەن.

ئۆزۈڭ كاتتا شاھ تۇرۇپ،
ئەلنى كۆزگە ئىلمىدىڭ.
كۈندە مىڭ بىر باش كېسىپ،
قىلچە رەھىم قىلمىدىڭ.

دارغا ئاسساڭ قانچىنى
كەستىڭ باشتىن شۇنچىنى،
قولۇڭدىكى پۇقرالار
تۆكتى خۇداغا يېشىنى.

قۇلاق سالغىن ئەزىمخان
ئوقۇماي بىلىم بولماس،
قارا نىيەت ئىنساندا،
تىرىقچە ئىنساپ بولماس.

ئەقىلدار نەزمىسىنى تۈگىتىپ بېشىغا كەلگەننى كۈتۈپتۇ. شاھ نەزمىنى ئاڭلاپ غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، قاپچىقىنى يۇتۇپ، ئۆزىنى بېسىۋاپتۇ. ئۇنى كۆرگەن سول قول ۋەزىر

ۋە چوڭ - كىچىك ئەمىر - ئۆمرالار:

— دات پادىشاھى ئالەم، ئەقىلدار ھەزرەتلىرىنى ھاقارەت قىلسا قاراپ تۇرغانلىرى نېمىسى؟ — دەرھال كالىلىسىنى ئالسىلا، — دەپ چۇقان سېلىشىپتۇ. ئەزىمخان:

— ئەقىلدار — بىلىملىك ۋەزىر، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ، — دەپ ئەقىلدارنى چۈشىنىڭ تەبىرىنى رازى بولغۇدەك ئېيتىپ بېرىشنى ئىلتىجا قىپتۇ. ئەقىلدار ۋەزىر:

— خىرش... پادىشاھى ئالەم، ئۇنداق بولسا مەن چۈش-لىرىگە تەبىر بېرىمەن. مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئىش قىلغايلا، — دەپ سۆزىنى باشلاپتۇ:

— تەختىنىڭ ئالدىدىكى چىنارنىڭ ئىككى يوغان شېخى بار ئىدى. پەرزەنتلىرى تۇغۇلغان كېچىسىلا يېڭىدىن بىر تال نوتا شاخ پەيدا بولىدى. ئون ئالتە يوپۇرماق، ئۇنىڭ بىردىن چۈشۈپ بولۇپ ئاندىن نوتىنىڭ سۇنۇپ چۈشۈشى ئوغۇللىرىنىڭ ئون ئالتە ياشتا ئالەمدىن يېنىشى، چوڭ چىنارنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشى ئوغۇللىرىنىڭ ئىچ ئاغرىقى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئالەمدىن يېنىشلىرىنىڭ بەلگىسىدۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان خاننىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولۇپ غەزىپىنى باسالمىغان ھالدا:

— ئەقىلدارنىڭ كالىلىسىنى ئېلىڭلار! دەپتۇ. ئەقىلدار ۋەزىر:

— ئۇلۇغ شاھىم، ئىشەنمىسەڭ مېنى زىندانغا تاشلا. ئون ئالتە يىلدىن كېيىن مېنىڭ گېپىمگە ئىشىنىسەن، يەنە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار، مەن ئۆلسەم سەن يول تاپالمايسەن، — دەپتۇ. ئەزىمخان نائىلاج ئەقىلدارنى ئۆلۈمدىن ياندۇرۇپ:

— يەنە قانداق گېپىڭ بار؟ — دەپتۇ.

— ئون ئالتە يىلدىن كېيىن دەيمەن، — دەپتۇ ئەقىلدار.

پادىشاھ: «بۇنى زىندانغا سالسامۇ ئۆلگەنگە ئوخشاشقۇ» دەپ زىندانغا تاشلاپتۇ.

ئاي، يىلنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەزىمخاننىڭ ئوغلى قەمەرخان ئون بەشكە كىرىپتۇ.

شاھ ئوغلىنىڭ بىر يىللىق ھاياتى قالغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ساقاللىرىنى يۇلۇپ، زار - زار يىغلاپ، كېچىسى كىرپىك قاقماي كۈننى تۈنگە ئۇلاپتۇ. شاھ ھەرقانچە ئويلىسىمۇ، ئوغلىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىشنىڭ چارىسىنى تاپالماي ئەقىلدارنى زىنداندىن ئېلىپ چىقىپ مەسلىھەت سوراشقا مەجبۇر بوپتۇ.

— ئۇلۇغ شاھىم، — دەپتۇ ئەقىلدار، — ھەزرەتلىرى يىغا يىغلاپ تۇرۇۋەرسىلە ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدۇ. قەمەرخان شاھزادىنىڭ ئۆلىدىغان كۈنىمۇ توشۇپ قالىدۇ. ئۆزلىرى مىڭ لەشكەر تەييارلاپ، ئون مىڭ قېچىرغا ئالتۇن - كۈمۈش ئارتىپ قەمەرخان بىلەن بىللە ماڭدۇرۇپ، ئالەمنى سەيلە قىلدۇرسىلا. شاھزادە قەمەرخاننىڭ ئەجىلى توشمىغان بولسا خۇدا ساقلاپ قالار، ئەجىلى توشقان بولسا تۇپرىقى ياقا يۇرتتا قالار. ئۆزلىرىمۇ جەسىتىنى كۆرمىگەندىن كېيىن ئوغلۇم كېلىدۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن كۆڭۈللىرى پاراكەندە بولماس، — دەپتۇ.

ئەزىمخان بىر ھازا چوڭقۇر ئويغا پاتقاندىن كېيىن، نەۋكەرلىرىنى چاقىرىپ سەپەر تەييارلىقىنى قىپتۇ.

— ئەي ئەقىلدار، — دەپتۇ ئەزىمخان، — مەنسەپ - ئەمەلدە مەن چىرىك بولغان بىلەن ئەقىل - بىلىمدە سەن چوڭ ئىكەنسەن. پەرزەنت مېنىڭ بولسىمۇ، ئوغزىمنىڭ غېمىنى سەن قىلغىن. ئۆزۈڭ يولغا سالغىن، كۆزۈم كۆرمىسە كۆڭلۈم ئارام تاپقاندەك بولىدىكەنمەن، — دەپ ھازىدار كىشىلەردەك يىغلاپ كېتىپتۇ. شاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئەقىلدار ۋەزىر قەمەرخاننى ئالدىغا چاقىرتىپ مۇنداق دەپ نەسىھەت قىپتۇ:

— ئوغلۇم سېنىڭ يولغا چىقىشىڭدىكى سەۋەب، دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىنى كۆرۈپ كۆڭلۈڭنى ئاچسۇن دېدۇق. ئوغلۇم، ئۆمرۈڭدە بىر ئادەمگە قوپاللىق قىلما، دۈشمىنىڭ بولمايدۇ. شاھ ئوغلىمەن دەپ تەكەببۇرلۇق قىلما، پۇقرالارنىڭ نەزىرىدىن چۈشمەيسەن، ۋىجدانسىزلىق قىلما، مەردلىكىڭنى ساقلايسەن، ئالدامچىلىق قىلما، يۈزۈڭ تۆكۈلمەيدۇ. يامانغا ياخشىلىق قىل، ئاق كۆڭۈللۈكۈڭ ئىپادىلىنىدۇ. ئېغىر بېسىق بول، دوستلىرىڭ كۆپىيىدۇ. ھېسسىياتقا بېرىلمە، زىيان تارتمايسەن. بىلىملىك ئادەمنى دوست تۇت، ئىچ پۇشۇقى كۆرمەيسەن. بېخىللىق قىلما، يولۇڭ تار بولمايدۇ... ئوغلۇم! دېگەنلىرىمنى ئېسىڭدە ساقلا، — دەپتۇ ئەقىلدار يىغلاپ تۇرۇپ.

ئەقىلدار دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، — ئى خۇدا، ئاسماننى مۇئەللەق، زېمىننى مۇتەپپەق ياراتقۇچى سەن. چامىمغا جان بەرگۈچى ئۆزۈڭ. شاھزادىمىز قەمەرخاننى ساڭا تاپشۇردۇم، — دەپ، كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆكۈپ يولغا ساپتۇ.

ئەمدى ئىككى ئېغىز گەپنى قەمەرخاندىن ئاڭلايلى.

قەمەرخان يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرۈپتۇ. ئەقىلدارنىڭ نەسىھىتى بويىچە ئىش تۇتۇپ زىيان تارتماپتۇ.

قەمەرخاننى ئېلىپ ماڭغان لەشكەر باشلىقى قەمەرخاننىڭ بىر ئايلىق ئۆمرى قالغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ، ئۇ كېچىلىرى كىرپىك قاقماي قەمەرخاننىڭ ئۆمرىنى تىلەپ ئېچىنىشلىق يىغلاپتۇ.

ئۇلار شۇنداق جاھان كېزىپ بىر شەھەرگە بېرىپتۇ. ئۇ شەھەر ئاھالىرىنىڭ نەچچىسى ئۆلۈپ تۈگەپتۇ. نەچچىسى خۇدادىن جېنىنى تېزرەك ئېلىشنى تىلەۋاتقان، مېڭىپ يۈرگەنلىرى خۇدادىن ئۆمۈر تىلە-

ۋاتقان، نەچچىسى خۇداغا شۈكرى، قانائەت قىلىشۋاتقان.
ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا توشاي دەپ قالغان قەمەرخان:
— ئەي سەركەردە، مەن بۇ ھالنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم،
بەزىلىرى جېنىغا ئۆلۈم تىلىسە، بەزىلىرى جېنىغا ئۆمۈر
تىلەۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە جېنىغا ئۆلۈم تىلىگۈچىلەر ھەم-
مىدىن كۆپ ئىكەن. بۇ قانداق ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ھۆرمەتلىك شاھزادەم، — دەپتۇ سەركەردە، — دۇن-
يادا ئۈچ خىل ئادەم ياشايدۇ. بىرى، باي ئادەملەر، بۇنداق
ئادەملەر جېنىغا ئۆمۈر تىلەيدۇ. ئىككىنچىسى، يوقسۇللار. بۇنداق
ئادەملەر خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا شۈكرى قىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، بەك
نامرات ئادەملەر. بۇلار جېنىدىن جاق تويۇپ، ئۆز جېنىغا
ئۆلۈم تىلىگۈچىلەر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
سەركەردىنىڭ جاۋابىدىن قانائەتلەنگەن شاھزادە، ئەقىل-
دارنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئەسلەپ، مىڭ دانە لەشكەرنى باشقا
شەھەرلەردىن ئاش سېتىۋېلىپ كېلىپ، شۇ شەھەردىكى ئاچ -
يالىڭاچلارنى قۇتقۇزۇشنى جېكىلەپتۇ.
شۇ كۈنلەردە قەمەرخانىنىڭ بىر كۈنلۈكلا ئۆمرى قالغا-
نىكەن. قەمەرخان ھۇجرىسىدا ياتسا كۆزىگە بىر ئاقساقال
ئادەم كۆرۈنۈپ:
— ئوغلۇم ئەتە ئالەمدىن ئۆتىسەن، ئاللا سېنىڭ
پېشانەڭگە پۈتكىنى شۇ، دەيدىغان گەپ - سۆزۈڭ بارمۇ؟ —
دەپ سوراپتۇ.
— ئەي ئۇلۇغ زات، دەپتۇ قەمەرخان، — خۇدانىڭ
تەقدىرىگە تەن بەرمەي ئامال يوق، بىراق مەن يۇرتنى
ئاچارچىلىقتىن قۇتۇلدۇرىمەن دەپ نۇرغۇن ئاشلىق سېتىپ
كەلگەنىدىم. ئاللاتائالاغا دېسىڭىز، يەنە ئۈچ كۈنلۈك ئۆمۈر
بەرسە، ئەكەلگەن ئامانەتنى ئىگىلىرىگە تاپشۇرسام، — دەپ
يىغلاپتۇ.

— بولدى ئوغلۇم، ياخشى نىيىتىڭنى ئورۇنلىۋال، — دەپتۇ ئاقساقال ھەم كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

قەمەرخان پەرىشان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ - دە، تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكەت شۈكرى نامىزى ئوقۇغاندىن كېيىن تاڭ ئاتقۇچە خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ ياش تۆكۈپتۇ. نامىزىدىن كېيىن خالايىقنى شەھەر ئالدىغا يىغىپ ئاشلىق تەقسىملەپ بېرىپتۇ.

قەمەرخان خالايىققا قاراپ تۇرۇپ:

— مەن بۈگۈن نامازدىگەردىن كېيىن ئالەمدىن يانىمەن، مەن مۇساپىرنىڭ قىلغان ئىشىم ناھەق بولغان بولسىمۇ رازى بولۇڭلار! — دەپ ۋىدالىشىپ يىغلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان خالايىق تاھارەت ئېلىشىپ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ:

— ئى ئاللا، ھەممىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن. ھەممىگە ئۆزۈڭ قادىر، ئاشۇنداق ئاق كۆڭۈل، سېخىي بەندەڭنىڭ جېنىنى ئالغۇچە بىزدەك گۇناھكار بەندەڭنىڭ جېنىنى ئالساڭ. ياخشى بەندەڭ بولمىسا ئەل - يۇقرانىڭ غېمىنى كىم يەيدۇ؟ ئى ئاللا ياكى بىزنىڭ جېنىمىزنى ئال، ياكى سېخىي بەندەڭنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىل، — دەپتۇ.

خۇدايىتائالا خالايىقنىڭ تىلىكىنى ئىجاۋەت قىلىپ، شاھزادە قەمەرخاننىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىپتۇ.

(«تۇمەنتال چېچەكلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىل 1 - سانىدىن ئېلىندى).

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

## هاۋاغا ئوردا سالىدىغان ئۇستا

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا تۆگە دۇمباقچىدى، كالا راۋاپچىدى، ئېشەك غىچەكچىدى، كۆك كەپتەر موللاقچىدى، ئاق كەپتەر شاللاقچىدى. قۇلان قۇلىدى، جەرەن جەدىدى، تۆت پۇتى يەدىدى، شۇ زاماندا بىر يۇرتنىڭ بىر پادىشاھى بار ئىكەن. پادىشاھنىڭ خانىشى بىر ئوغۇل قالدۇرۇپ ئاخىرەتكە سەپەر قىلغانىكەن. شاھزادە بالاغەتكە يەتكەندە پادىشاھ قول ئاستىدىكى پۇقرالار ئارىسىدىن بىر كەمبەغەلنىڭ يالغۇز قىزىنى قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشاھ كېسەل بولۇپ، ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. پادىشاھلىق تەخت ئوغلىغا قاپتۇ. يېڭى پادىشاھ گەرچە ياش بولسىمۇ، ئەل ـ يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراپ، پۇقرالارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپتۇ. بىراق ئۇنىڭ خانىشى تۇغماپتۇ، نۇرغۇن سەۋەبلەرنى قىلىپ بېقىپتۇ. ئۇنۇمى بولماپتۇ. بۇ پادىشاھنىڭمۇ چاچ ـ ساقاللىرىغا قىراۋ قونۇپتۇ. ئۇ دۇنيادىن پەرزەنتسىز ئۆتىدىغان بولدۇم دەپ تازا ھەسرەت چېكىپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە خانىش ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھ بېشى ئاسمانغا يەتكۈدەك خۇشال بولۇپتۇ. ئۇ ھەر ھەپتىدە شىكارغا چىقىپ ئېغىر ئاياق ئايالىغا قىرغاۋۇل، ئۇلا قاتارلىق گۆشى تەملىك ئېسىل ئۇچار قاناتلارنى ئۇۋلاپ، چىرايلىق تاغ گۈللىرىنى ئەكىلىپ تەقدىم

قىلىدىكەن. پادىشاھ ھەر قېتىم شىكاردىن قايتىپ كەلگەندە خانىش پادىشاھنىڭ ئالدىغا قايماق چاي ئەكىلىپ قويىدىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ شىكاردىن قايتىپ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ئەقىلدارى — مەسلىھەتچىسى، خەلققە ئۆلىما دەپ تونۇلغان بىر مۆتىۋەر كىشىنى خانىشقا باشلاپ كېلىپتۇ. خانىش ئادەتتىكىدەك قايماق چاي قويىمەن دەپ ئېگىشكەنىكەن، ئېغىرلىشىپ قالغان قورسىقى سىقىلىپ يەل قويۇپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپلا قاپتۇ. خانىش خىجىللىقتا يۈزىنى توسقان پېتى ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى ئۆلىما:

— شاھىم، بىر ئادىل پادىشاھنى مېھمان ئالدىدا كۆزگە ئىلماي ئۇياتقا قالدۇرغان بۇنداق بىئەدەب خوتۇننى ئۆيدە ساقلاش جايىز ئەمەستۇر، ئۇنى دەرھال ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلماق كېرەك، — دەپتۇ. شۇ گەپنىڭ ئۈستىگە پادىشاھنىڭ باش ۋەزىرى پادىشاھتىن ھاردۇق سوراش ئۈچۈن كىرىپ قاپتۇ. ئۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن پادىشاھقا چوڭقۇر تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، يەر ئۆپۈپ تۇرۇپ:

— ئۇلۇغ شاھىم، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن، دۆلەتلىرى زىيادە، سەلتەنەت تەختلىرى بەر قارار ۋە مۇستەھكەم بولسۇن، مېنىڭچە، خانىش بىلىپ تۇرۇپ ئۇنداق بىئەدەبلىك قىلمىغاندۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئۇقمىغان ھالدا تاسادىپىي يۈز بېرىپ قالغان سەۋەنلىك بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر شاھىمىز ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇش قارارىغا كەلگەن بولسا، ھۆكۈم تېخى ئېلان قىلىنمىدى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەن خانىشىمىزنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلىمەكچىمەن. سەۋەب شۇكى، ئۇنى ئۆلتۈرسەك بىرنى دەپ ئىككى جانغا زامىن بولىمىز. ھازىر خانىشنىڭ ھامىلدار بولغانلىق خۇش خەۋىرىنى ئىگىلىگىنىمىزگە ئالتە ئاي بولدى. كەمىنە قۇللىرىنىڭ بۇ پىكرىنى بىرقۇر ئويلاپ

بىغىشلىرىدىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىجا قىلىمەن، — دەپتۇ. بىراق ھېلىقى ئۆلىما گەپنى تارتىۋېلىپ:

— ئەدەبسىزگە ھىمات بولماق، شاھىمىزنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاڭ، سىزگە ئېيتىدىغان گېپىم شۇ ۋەزىر ئەزەم جانابلىرى — دەپتۇ.

پادىشاھقا باش ۋەزىرنىڭ پىكرى ئورۇنلۇقتەك تۇيۇلغان بولسىمۇ، ئۆلىمانىڭ پىكرىنى ئەزەلدىن رەت قىلىپ باقمىغاچقا نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئارىسالدى بولۇپ قاپتۇ. شۇ پەيتتە باش ۋەزىر ئۆلىماغا قاراپ:

— تەقسىر، ئاچچىققا ھاي بېرىش — ئادەمنى ئازدۇرۇپ خاتا يولغا باشلاۋاتقان شەيتاننى قوغلىۋەتكەنلىك بىلەن باراۋەر، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ، ئوسال بولغان ئۆلىما قەھر-غەزەپ بىلەن باش ۋەزىرگە قاراپ چەكچىيىپ تۇرۇپ:

— خوش، ۋەزىر ئەزەم، سىزچە بولغاندا قانداق قىلىش كېرەك؟! دەپ چالۋاقاپتۇ.

جانابىي ئۆلىمانىڭ پىكرى ئاشۇ بىئەدەبنى كۆزدىن يوقىتىش، مېنىڭچە، ئۇنى يىراق چۆل جەزىرىگە پالىۋېتەيلى، شۇ يەردە ئامان قېلىپ تۇغسا ئۆزىنىڭ تەلىيى، ئۆلۈپ كەتسە بىز گۇناھكار بولمايمىز، — دەپتۇ. بۇ مەسلىھەت پادىشاھقا يېقىپتۇ. باش ۋەزىر پادىشاھ ھۇزۇرىدىن چىقىپلا ھۆكۈمالارنى يىغىپ، ئۇرغۇن يېمەكلىك ۋە زاپاس سۇلارنى سىيىسدايدىغان، ئېچىمايدىغان قىلىپ تەييارلىتىپ، خانىشنى ئېلىپ ماڭىدىغان لەشكەر باشلىقىغا خۇپىيانە ھالدا تاپشۇرۇپتۇ. پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن ياساۋۇللار خانىشنى تۆت ئەتراپى ئوتتۇز كۈنلۈك كېلىدىغان بىر جەزىرىگە ئاپىرىپ تاشلاپ كەپتۇ. خانىش چۆلدە بىر ئەپلىك جاينى تېپىپ بىر گەمە قېزىپتۇ. گەمىنىڭ ئۈستىنى پالاس، كىگىزلەر بىلەن يېپىپ، چۆرىسىنى چېپىپ چىقارغان توپا تاشلار بىلەن يوشۇرۇپ، جايلىشىۋاپتۇ. ئاي

كۆنى توشۇپ بىر ئۇڭغۇل تۇغۇپتۇ. بالا ئۈچ ئايلىق بولغاندا زاپاس سۇ تۈگەپ قاپتۇ. خانىش بالىسىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ سۇ ئىزدەپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئەمما سۇ تاپالماي قايتىپ كەپتۇ. شۇ ئارىلىقتا بالىسى ئويغىنىپ، يىغلاپ، تىپىرلاپ، يەرنى تېپىپ بىر قاچا سۇ پاتقۇدەك جاينى ئويۇپ قويۇپتۇ. خانىش كۆڭلىدە بىر نېمىنى سەزگەندەك بالىسى ئويۇپ قويغان جاينى كولاپتىكەن. ئۇ يەردىن بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خانىش دەرھال باشقا يەردىن گەمە كولاپ ئورۇنلىشىپتۇ. بالدۇرقى گەمىدە بىر بۇلاق ھاسىل بوپتۇ. سۈيمۇ شۇنداق تاتلىق ئىكەن. بىر كۈنى بۇ يەرگە بىر توپ ئادەم كەپتۇ. ئۇلار كارۋانلار ئىكەن. ئەسلىدە بۇ يەردىن بىر يىلدا بىر قېتىم كارۋان ئۆتىدىكەن. كارۋانلار بۇ يەردە بۇلاق پەيدا بولغانلىقىنى، بۇلاق سۈيى بىر ئېرىق ھاسىل قىلىپ ئېقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ پات - پات ئۆتىدىغان بوپتۇ. ئۇلار ھەر قېتىم كەلگەندە خانىشقا يېمەكلىك ۋە لازىمەتلىك نەرسىلەرنى قويۇپ كېتىدىغان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ خانىش قىينالماي ئالتە يىلنى ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. بالا كۈنسايىن چوڭ بولۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆرگەن خانىش بۇ يەردە تۇرسا بالىنىڭ ئوقۇشسىز قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بىر كۈنى بالىسىنى ئېلىپ تەۋەككۈل قىلىپ بىر تەرەپكە قاراپ يول ئاپتۇ. مېڭىپتۇ، بىر نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. تاپانلار تېشىلىپتۇ. ئاخىرى بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. بىر ئىگىسىز ئۆينى تېپىپ جايلىشىپتۇ. بالىسى يەتتە ياشقا كىرگەندە مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىپتۇ. ئۆزى دوپپا تىكىپ سېتىپ كۈن كەچۈرۈپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە گەپنى پادىشاھتىن ئاڭلايلى:

— پادىشاھ خوتۇنىنى چۆل - جەزىرىگە پالىۋەتكەندىن كېيىن ئۆز تەۋەلىكىدىكى پۇقرالار ئارىسىدىن بالىسى جىق بىر ئادەمنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئاپتۇ. يېڭى خانىش بىر يىل-

...دىن كېيىن بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بۇ شاھزادىمۇ مەكتەپكە بېرىپتۇ. ئىككى شاھزادە بىر - بىرىدىن ئالتە ئايلىقلا پەرق قىلىدىكەن. ئۇلار مەكتەپتە ئىنتايىن چىقىشىپ قېلىپ ئايرىلماس دوستلاردىن بولۇپ قاپتۇ. بەش يىل بىللە ئوقۇپتۇ. كىچىك شاھزادە ھەر كۈنى مەكتەپتىن يانغاندا بۇ ساۋاقدىشىنى ئوردىغا باشلاپ كىرىپ كەچكىچە بىللە دەرس تەييارلايدىكەن. بۇ كۈنلەردە ئۇلار قوشاق - نەزمىلەرنى توقۇشۇپ، مۇشائىرىلىشىدىغان، زېھىن سىنىشىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. چوڭ خانىش بالىسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كەچ قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر كۈنى بالىسىدىن كەچ قايتىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن، بالىسى ئوردىدا شاھزادە بىلەن دەرس تەكرارلاپ كەچ قېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇ ئانا ئەسلىدە ئۆز شەھىرىگە كېلىپ قالغانلىقىنى ئاللىقاچان بىلگەنىكەن. ئۇ، ئوغلىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ.

— بالام، بۇنىڭدىن كېيىن ئوردىغا بارما، مەكتەپتىن يېنىپلا ئۆيگە كەل، مەن بەك ئەنسىرەپ قالىدىكەنمەن، — دەپتۇ ئانا. بالىسى «خوپ، ئانا» دەپتۇ - دە، شۇنىڭدىن كېيىن: «ئانام ئاغرىقچان بولۇپ قالدى، ئۆيگە بېرىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسام بولمايدۇ» دېگەننى باھانە قىلىپ ئوردىغا كىرمەيدىغان بوپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن پادىشاھنىڭ كىچىكى ئوغلى بەزى دەرسلىرىنى تەكرارلىيالماي ھېلىقى ساۋاقدىشىنى يەنە تەكلىپ قىپتۇ، نائىلاج قالغان بالا شاھزادىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلالماي شاھزادە بىلەن بىللە ئوردىغا بېرىپتۇ.

شۇ كۈنى پادىشاھ ھېلىقى ئۆلىما بىلەن بىر ئىش ئۈستىدە پىكىرلىشىپ ئولتۇرغانىكەن، ئىككى بالا سالام قىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. شۇ چاغدا نېمىشقىدۇر ئۆلىمانىڭ يۈرىكى ئەنسىز ئويناپ كېتىپتۇ. ئارىدىن بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن يۈرىكى سەل جايىغا چۈشكەندەك بوپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ قو-

لىقىغا پىچىرلاپ:

— كەرەملىك شاھىم، شاھزادە بىلەن بىللە كىرگەن ھېلىقى بالا ئۇن ئىككى ياشقا كىرىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ شاھزادە بىلەن بىللە بولۇۋېلىشى سەۋەبسىز ئەمەس، ئۇنى ۋاقتىدا كۆز-دىن يوقاتسىلا، ئۇنداق قىلمىسىلا يەنە ئاز كۈندىن كېيىن پادىشاھلىقلىرىغا چاڭ سالىدۇ، — دەپتۇ.

— بۇنى قانداق بىلىسىز؟ — دەپ سواپتۇ پادىشاھ ئۇ-نىڭ سۆزىنى مەنسىتمىگەن ھەم ئېتىبارسىز قارىمىغان ھالدا.

— مەن بۇ بالىنىڭ شاھزادىمىز بىلەن بىللە يۈرگەنلى-كىنى بىرقانچە قېتىم كۆردۈم، شۇنىڭدىن كېيىن قۇرئە سالسام قۇرئىدە مەن دېگەن بايىقى ئاقىۋەتتىن بېشارەت بوالدى، — دەپتۇ ئۆلىما.

پادىشاھ دەرھال باش ۋەزىرىنى چاقىرتىپ، بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ پىكرىنى ئالماقچى بوپتۇ.

— شاھىم، ئۆلىما ھەززەتلىرىنىڭ قۇرئىسىدە شۇنداق دەپ چىققان بولسا، بۇ ئېھتىيات قىلىشقا، سەل قارىماسلىققا تېگىشلىك ئىكەن. ئەمما بۇ بالىنى مۇنداقلا يوشۇرۇن ئۆلتۈ-رۈۋەتسەك، كېيىن خەلقى ئالەم ئالدىدا پاش بولۇپ قالسا، بۇ ئىش ئاۋام خەلق بەخش ئەتكەن «ئادىل پادىشاھ» دېگەن شۆھرەتلىك ناملىرىغا داغ بولۇپ چۈشىدۇ. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ سەت ئىش بوامايدۇ، شۇڭا ئۆلىما ھەزرەتلىرى ئۆز مەقسىتىگە مۇۋاپىق باشقا بىر يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقسا، دېگەن تەكلىپنى بېرىمەن، — دەپتۇ باش ۋەزىر. پادىشاھ ئۆلىماغا سىز نېمە دەيسىز دېگەندەك سوئال ئىشارىتى بىلەن قاراپتۇ. ئۆلىما ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ:

— ۋەزىر ئەزەمنىڭ پىكرىمۇ مېنىڭ پىكرىمگە ھەم قوشۇل-غانلىق، ھەم ئۇنى تەستىقلىغانلىقتىن بېشارەت بەردى. مېنىڭ تەكلىپىم شۇكى، پادىشاھ ئالىيلىرى ئۇنىڭغا: «ئالتۇننىڭ ئورۇ-

قىدا ھاۋاغا ئۇردا سالدىغان بىر ئۇستا تېپىپ كەل» دېگەن ۋەزىپىنى تاپشۇرسا، ھەم بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىماي قايتىپ كەلمەيسەن دېگەننى شەرت قىلسا، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بالىنى چاقىرتىپ، يۇقىرىقى ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپتۇ. ۋەزىپىنى ئورۇندىماي قايتىپ كەلسە شەرتنى بۇزغان گۇناھى ئۈچۈن كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىنى، ۋەزىپىنى ئورۇنداپ كەلسە پادىشاھلىقنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بالا: «خوپ شاھىم» — دەپتۇ - دە، شۇ كۈنىلا يولغا چىقماقچى بوپتۇ. ئۇ ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ ماڭىدىغان چاغدا، ئانىسى:

— ئوغلۇم، مەن ساڭا ئۇردىغا كىرمە دېسەم گېپىمگە قۇلاق سالمىدىڭ. پادىشاھنىڭ ئالدىدا ۋەزىپىنى تاپشۇرۇ-ۋېلىپ «خوپ» دەپ چىققانكەنسەن، بوپتۇ بار، لېكىن شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، بۇ ئىشنىڭ تېگىدە بىر يوشۇرۇن سۇيىقەست باردەك قىلىدۇ، ھېلىقى ئۆلىما، — دەپتۇ - دە، گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك گېپى ئۈزۈلۈپ، كۆزى ياشقا تولۇپتۇ.

— ئانا، «بار» دېگىنىڭ ئۈچۈن رەھمەت، ئۇلار سۇيى-قەست پىلانلىغان بولسا بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەرمەن، لېكىن سەن خاتىرجەم بول، ئورنىنى كىم كولىسا ئۆزى چۈشىدۇ. خوش، مەن كەتتىم، — دەپتۇ بالا. ئانىسى ئاق يول تىلەپ، دۇئا قىلىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. بالا شۇ يۈرۈشىدە ئالتە يىل توختىماي مېڭىپ كەزمىگەن چۆل - باياۋان، بارمىغان شەھەر ۋە يېزا-قىشلاقلىرى قالماپتۇ. بويى ئۆسۈپ، بۇرۇتى خەت تارتىپ، يىگىتلىك پەسلىگە قەدەم قويۇپتۇ، ئەڭ ئاخىردا چىن ماچىن شەھىرىگە بېرىپ قاپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئۇ بارمىغان بىرلا يېزىسى قالغانىكەن. يىگىت شۇ يېزىغا قاراپ يول ئاپتۇ. يولدا ئاپئاق ساقال، پاكىز قېرىغان بىر بوۋاي يولۇقۇپتۇ. بالا ئەسسالامۇئەلەيكۇم دەپ بوۋايغا سالام بېرىپتۇ. بوۋاي ۋەئە-لەيكۇم ئەسسالام دەپ بالىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئاپتۇ.

— بوۋا نەگە ماڭدىلا، ئۆيلىرى نەدە؟ دەپ سوراپتۇ بالا بوۋايدىن تىنچلىق ۋە ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن.

— ئۆيگە ماڭدىم، ئۆيۈم ئاشۇ كۆرۈنگەن دەرەخلىكتە، — دەپتۇ بوۋاي.

— يولىمىز بىر ئىكەن، بىللە ماڭىدىكەنمىز، — دەپتۇ بالا. ئەمما بوۋاي كەم سۆز، جىمغۇر ئىكەن، بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، — بوۋا تايدىن بىرنى مىنسىڭىز بولمامدۇ؟ — دەپتۇ بالا.

— نېمە دەيدىغانسەن بالام، «كانايىنى ياغلىغىلى ياغ يوق، سۇنايغا نەدە» دېگەندەك قورساققا يەيدىغىنىم يوق تۇرسا تايغا نەدىكى پۇل، — دەپتۇ بوۋاي. يەنە بىرئاز مېڭىپ:

— بوۋا، يولنىڭ تاناۋىنى تارتقاچ ماڭمايمىزمۇ؟ دەپتۇ بالا.

يولنىڭ تاناۋىنى قانداق تارتىمىز؟ بۇ بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلەمدۇ؟ نەدىكى يوق گەپنى قىلىدىكەنسىنا! — دەپتۇ بوۋاي سەل ئاچچىقلانغاندەك قىلىپ، بالا ئۇنىڭ سەپرا مىجەزرەك ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ، لېكىن پىسەنت قىلماي:

— بوۋا قورۇيىڭىزدا ئىتىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھە، بىر قانجۇق بار، — دەپتۇ بوۋاي.

— ئۆيىڭىزنىڭ تۈۋرۈكى بارمۇ؟ دەپ سوراپتۇ بالا يەنە.

— مېنىڭ ئۆيۈم كىمىر ئۆي، ئۇ ئۆيلەرگە تۈۋرۈك ھاجەتسىز، — دەپتۇ بوۋاي.

ئۆيىڭىزنىڭ چىرىغى بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بالا، شۇ چاغدا بوۋاينىڭ تازا ئاچچىقى كەپتۇ. ئۇ ئۆزىنى باسالماي:

— تولا زوغۇيلۇق قىلماي يولۇڭغا ماڭ، ئۆي دېگەندە چىراغ بولمامدۇ؟ — دەپتۇ بوۋاي زەردە بىلەن.

— بوۋا، ھەر قېتىم بىر يەرگە بېرىپ قايتىپ ئۆيىڭىزنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۆيگە كىرگۈچە ئىشىكنى ئۈچ قېتىم ئۇرۇۋېتىڭ دەپتۇ بالا. دەل شۇ چاغدا بوۋاي توختاپ قاپتۇ، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانىكەن، بالا بۇنى پەملەپ: «خوش بوۋا، ئامان بولۇڭ» دەپتۇ ـ دە، يولىغا راۋان بېرىپتۇ. بوۋاي مەن ئۇنىڭ ھەممە گەپلىرىگە جاۋاب بەردىم. بەزى گەپلىرىنى رەت قىلدىم، ئەمدى ئاخىرقى سۆزىگە ئەمەل قىلىپ باقاي، ـــ دەپ ئىشىكنى ئۈچ قېتىم ئۇرۇپتۇ. لېكىن ئىشىك دەرھال ئېچىلماي ھايال بولۇپراق ئېچىلىپتۇ.

ـــ دادا، ھېچقاچان ئىشىكنى ئۇرمايتىڭىز، بۈگۈن ئەجەب ئىشىكنى ئۇرۇپ سالدىڭىزغۇ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ بوۋاينىڭ ئىشىكىنى ئاچقان قىزى. بوۋاي يولدا بولغان ئەھۋالنى قىزىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ ھەم ئۇ بالا توغرىسىدا:

ـــ ئەجەبمۇ تولا گەپ قىلىدىغان زوغۇي بالا ئىكەن، گەپ سوراۋېرىپ تويغۇزۇۋەتتى، ئۇنىڭ گەپلىرىگە رەددىيە بەردىم. بىراق ئاخىرقى بىر گېپىنى ئاڭلاپ قوياي دەپ ئىشىكنى ئۇرغانىدىم. سەنمۇ ھايال بولۇپ ئاچتىڭغۇ، نېمە بولدى، ئۇخلاۋاتامتىڭ؟ ـــ دەپتۇ بوۋاي.

ـــ ياق، دادا، بويۇزىمنى سۇغا سېلىۋاتاتتىم، شۇڭا سىزنى بىر ئاز ساقلىتىپ قويدۇم، يۇيۇنمىغان بولسام ئىشىكنىمۇ ئەتمەيتتىم. دادا، ئۇ ئاجايىپ ئەقىللىق بالا ئىكەن، قېنى ئۇ بالا، دەرھال چاقىرىپ كېلىڭ دەپتۇ قىزى.

ـــ سەن ئۇنىڭ ئەقىللىكلىكىنى نەدىن بىلىسەن؟ ـــ دەپ ھەيران بولۇپ قىزىغا قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ بوۋاي.

ـــ دادا، ئۇنىڭ تايدىن بىرنى مىنىسىڭىز بولمامدۇ دېگىنى ھاسا تۇتسىڭىز بولامامدۇ دېگىنى؟ يولنىڭ تاناۋىنى تارتقاچ ماڭايلى دېگىنى پاراڭلاشقاچ ماڭايلى دېگىنى؛ ئۆيىڭىزدە ئىتىڭىز بارمۇ دېگىنى خىزمەتچىڭىز بارمۇ دېگىنى؛ ئۆيىڭىزنىڭ تۈۋرۈكى بارمۇ دېگىنى ئوغلىڭىز بارمۇ دېگىنى؟ ئۆيىڭىزنىڭ چىرىغى بارمۇ دېگىنى قىزىڭىز بارمۇ دېگىنى، ـــ دەپتۇ قىزى.

بۇنى ئاڭلىغان بوۋاي دەرھال سىرتقا چىقىپ، ئۇ يىگىتنى تېپىپ ئۆيىگە باشلاپ كەپتۇ. بوۋاي ئەمدى ئۇنىڭغا باشقىچە،

خۇش خۇي مۇئامىلە قىپتۇ. ئۇنى خۇدايىم يەتكۈزگەن خاسىيەتلىنىڭ يىگىت، خىسلەتلىك ئوغلۇم دېگەندەك نامىلار بىلەن ئۇلۇغلاپتۇ. بوۋاينىڭ بۇ كىمىر ئۆيى بىرنەچچە ئېغىزلىق بولۇپ بىرىدە ئۆزى، بىرىدە قىزى تۇرىدىكەن، يەنە بىرىنى كەمبەغەل بولسىمۇ مېھمانخانا ئورنىدا راسلاپ قويغانىكەن. يىگىتنى مېھمانخانىغا جايلاشتۇرۇپتۇ. يىگىتكە قاتتىق - قۇرۇق ئارپا نېنى بىلەن چاي بېرىپتۇ. ئاندىن، — دەم ئېلىڭ بالام، — دەپ ئۇنى يالغۇز دەم ئېلىشقا قويۇپ قايتىپ چىقىپتۇ. بىر پاقلىنى بار ئىكەن سويۇپتۇ. كەچتە قىزى قوشنىسىنىڭ بىر قىزى بىلەن بىللە چۆچۈرە ئېتىپتۇ، قۇيماق ساپتۇ. بۇ ئارىلىقتا يىگىت راھەتلىنىپ بىر ئاز كۆز يۇمۇۋاپتۇ، تاماق تەييار بولغاندا بوۋاينىڭ قىزى ھېلىقى دوستىدىن (قوشنىسىنىڭ قىزىدىن) بىر ھېجىر چۆچۈرە بىلەن بىر تال قۇيماقنى تۇتقۇزۇپ، بۇنى مېھماننىڭ ئالدىغا ئەكىرىپ بەر، — دەپتۇ، يىگىت ئالدىغا قويۇلغان تاماققا قاراپ: «ئاينىڭ يېرىمى يوق، يۇلتۇز شالاڭ» دەپتۇ. قىز قايتىپ چىقىپتۇ. بوۋاينىڭ قىزى:

— ئۇ يىگىت نېمە دېدى، — دەپ سوراپتۇ دوستىدىن.

— ئاينىڭ يېرىمى يوق، يۇلتۇز شالاڭ، — دېدى دەپتۇ دوستى.

— ھوي ساراڭ قىز، راستىلا شۇنداق قىلدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاينىڭ قىزى دوستىدىن.

— نېمە قىپتىمەن؟ — دەپتۇ دوستى.

— تاماقنى ئېلىپ كىرگۈچە قۇيماقنىڭ يېرىمىنى يەپ، چۆچۈرىنىڭ يېرىمىنى ئىچىپ قويۇپسەنغۇ؟ — دەپتۇ بوۋاينىڭ قىزى. ئۇ قىز شۇنداق قىلغىنىنى ئىقرار قىپتۇ.

بوۋاي بالدۇرلا ئۇخلاپ قاپتۇ. بوۋاينىڭ قىزى يىگىتكە ئورۇن راسلاپ بېرىش ئۈچۈن كىرىپ بىردەم پاراڭلىشىپ قاپتۇ. بۇ قىز شۇنداق چىرايلىق ئىكەنكى، ئۇنىڭ ھۆسن - جامالى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىن كۈندۈزى كۈن خىجىل بولۇپ ئۆزىنى بۇلۇتلارنىڭ كەينىگە ئالسا، كېچىسى ئاي خىرەلىشىدىكەن. قىز يىگىتنىڭ ئىزدىمەكچى بولغان نەرسىسىنى ئۇققاندىن كېيىن:

— سىلەرنىڭ يۇرتتا تېرىق، سۈپى تورغاي دېگەن نەرسىلەر بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇنداق نەرسىلەر يوق، — دەپتۇ يىگىت.

— ئۇنداق بولسا، سىز ئىزدىگەن ئۇستىنى مەن تېپىپ بېرىمەن، لېكىن ئىككىمىز توي قىلىشىمىز كېرەك، — دەپتۇ قىز. يىگىت:

— سىز بىلەن توي قىلىشقا ھازىرلا تەييارمەن، بىراق مەن توي قىلىشقا ئەمەس، پادىشاھنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلىشقا چىققان. ئاۋۋال ئاشۇ بۇرچۇمنى ئادا قىلاي، ئاندىن توي قىلايلى، — دەپتۇ.

— ئاۋۋال توي قىلايلى، ئۇنداق قىلمىساق سىز بۇ يەرگە قايتىپ كەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. ۋەزىپىنى بەجا كەلتۈرسىڭىز پادىشاھ بولىسىزغۇ، قانداق قىلىپ دۆلەت ئىشلىرىنى تاشلاپ بۇ يەرگە كېلەلەيسىز؟ — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ قىز. يىگىت ئاخىرى توي قىلىشقا ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار توي قىپتۇ. بىر يىلدىن كېيىن بوۋاينىڭ قىزى قوشكېزەك ئوغۇل تۇغۇپتۇ. يىگىت بالىلىرىنىڭ خۇشاللىقىدا يەنە ئىككى يىل تۇرۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى يىگىت ئانىسىنى چۈشەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ بەجا كەلتۈرمەكچى بولغان ۋەزىپىسىنىمۇ يادىغا ئاپتۇ. خوتۇنى ئۇنىڭغا بىر خالتا تېرىق ھەم بىر دانە تورغاينى قاپاققا سولاپ بېرىپتۇ ۋە بۇنى قانداق قىلىشنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. يىگىت سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، ئۆز شەھرىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆيىگە بېرىپ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. بالا ئەتىسى ئوردىغا بارماقچى بوپتۇ. شۇ چاغدا ئانىسى ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ

كېلىپ، — ئوغلۇم، سەن مۇشۇ پادىشاھنىڭ بالىسەن، مەن
خەلق ئارىسىدىن ئوردىغا كەلگەنلىكىم ئۈچۈن ئوردا ئەمەلدار-
لىرىنىڭ ياخشى - يامانلىقى توغرىسىدا پۇقرالارنىڭ رايىدىن
خەۋەردار ئىدىم، شۇڭا داداڭ ھېلىقى مەسلىھەتچىسى بولغان
ئۆلىما بىلەن بىرەر ئىشنى كېڭەش قىلغاندا مېنىمۇ قاتناشتۇ-
راتتى. بىر كۈنى باش ۋەزىرنىڭ پەيمانى توشۇپ، رىزقى
تۈگەپ ئاخىرەت ئېتىغا مىندى. داداڭ كىمنى باش ۋەزىر
قىلىش توغرىسىدا ئۆلىما بىلەن مەسلىھەتلەشتى. شۇ كېڭەشتە
مەنمۇ بار ئىدىم. ئۆلىما ھەققىدە پۇقرالارنىڭ نارازىلىقى كۆپ
ئىدى. ئەمما ئۆلىما ناھايىتى مەككار بولغاچقا ئۆردەككە سۇ
يۇقمىغاندەك ئۆزىگە ھېچنەرسىنى يۇقتۇرمايتتى. ئۇنىڭ بىردىن-
بىر مەقسىتى ئاۋۋال باش ۋەزىرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش، ئاندىن
داداڭدىن تەختنى تارتىۋېلىش ئىدى. مەن ئۇنىڭ قورسىقىدا
مۇشۇنداق يامان غەرەز بارلىقىنى بىلسەممۇ ئاساس كۆرسىتىپ
بېرەلمەيتتىم. شۇڭا گەپنى ئوچۇق قىلمىساممۇ، ئۇنىڭ مۇشۇ
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋەزىر ئەزەملىك ئورنىنى ئىگىلىۋالماس-
لىقى ئۈچۈن، دەرھال باش ۋەزىرلىككە ھازىرقى باش ۋەزىرنى
كۆرسەتتىم. داداڭ دەرھال قوشۇلدى. بۇ باش ۋەزىرنى پۈتۈن
پۇقرالار ھىمايە قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلىمانىڭ تاۋۇزى
قولتۇقىدىن چۈشتى. بىراق ئۇ ماڭا ئۆچمەنلىك ساقلاپ كەل-
گەنىدى. سەن قورسىقىمدا ئاتتە ئايلىق بولغان چېغىمدا. مەن
بىر كۈنى شۇ ئۆلىما بىلەن داداڭ مەسلىھەت داستىخىنىدا ئول-
تۇرغاندا ئۇلارغا چاي قۇيماقچى بولۇپ ئېگىلىشتىم، تۇيۇقسىز
توخۇ بىمەھەل چىللاپ سالدى. بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم...
كېيىن خۇددى ماڭا قىلغىنىدەك ساڭىمۇ ئورۇنداش مۇمكىن بول-
مايدىغان ۋەزىپىنى تاپشۇرتقۇزدى. مانا ئامان - ئېسەن قايتىپ
كەپسەن، ئەمدى ئوردىغا بارىۋەر، — دەپتۇ.

يىگىت ئوردىغا بېرىپ پادىشاھقا كۆرۈنۈش قىپتۇ. ئۆلى-

امۇ ھازىر بوپتۇ. ئوردىنىڭ بارلىق ئاكابىر ئەشـ
رەپلىرى ئالدىدا:
— ئۇلۇغ شاھىم، ئالتۇننىڭ ئورۇقىدا ھاۋاغا ئوردا سالـ
دىغان ئۇستىنى تېپىپ كەلدىم، — دەپتۇ يىگىت.
— قېنى؟ — دەپتۇ پادىشاھ.
— مانا، — دەپ قاپاقنىڭ ئېغىزىنى ئېچىۋېتىپتۇ يىگىت.
نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان قاراڭغۇ قاپاقنىڭ ئىچىدە زېرىكىپ
كەتكەن تورغاي چۇر-چۇر قىلىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن تەڭ يىگىت:
— ھە، تېز بولۇڭلار، نېمە قاراپ تۇرىسىلەر، ھاۋاغا
ئوردا سېلىش باشلاندى، — دېگىلى تۇرۇپتۇ. تورغاي چۇر-
چۇر قىلىپ ئۇيان-بۇيانغا ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ.
— ئۇ نېمە دەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ يىگىتتىن.
— ھە، لاي، ھە، خىش، — دەيدۇ، — دەپتۇ يىگىت. شۇ
ئارىدا تورغاي غايىب بوپتۇ. — شاھىم مەن توققۇز يىل
جاھان كېزىپ ئاران بۇ ئۇستىنى تېپىپ كەلسەم سىلەر ھېچ
قانداق تەييارلىق قىلماپسىلەر، مانا ئۇستام خاپا بولۇپ
كېتىپ قالدى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەپتۇ يىگىت.
— بۇنىڭغۇ كۆردۇق، ئالتۇن ئورۇقى قېنى؟ — دەپ سوراپـ
تۇ پادىشاھ يىگىتتىن.
— مانا، — دەپ خالتىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ تېرىقنى
يەرگە تۆكۈپ كۆرسىتىپتۇ، — يىگىت ھەمدە، — بۇنى ئۆمرىدە
يەل قويمىغان ئادەم تېرىسا ئۈنىدىكەن، — دەپتۇ.
پادىشاھ «ئۆمرىدە يەل قويمىغان» ئادەم تېپىشقا بۇيرۇق
قىپتۇ. پۈتۈن ئوردا ھەممە لەشكەر سەپەرۋەر قىلىنىپتۇ. لېكىن
بۇنداق ئادەم تېپىلماپتۇ. باش ۋەزىر ھېلىقى ئۆلىمادىن:
— جانابلىرى ئۆزلىرى بۇخىل ئەھۋالدىن خالىدۇرلەر؟ — دەپ
سورىغانىكەن. ئۆلىما:

— ئۇنىڭدىن خالى بولۇش مۇمكىن ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئاخىر ۋەزىرلەر مەسلىھەتلىشىپ، بەلكىم پادىشاھىمىزنىڭ ئۆزى بىز ئىزدەۋاتقان ئادەم بولۇشى مۇمكىن، — دېيىشىپ پادىشاھتىن سوراپسا، پادىشاھ:

— مەنمۇ كۈندە ئۈچ - تۆت قېتىم پۇچقاق ياقىلىتىپ يەل قويۇپ بېرىمەن، — دەپتۇ. ئەمما شۇ گەپنى دېيىش بىلەن كۆڭلىگە ھېلىقى پالۋەتكەن چوڭ خوتۇنى چۈشۈپتۇ - دە، دەرھال ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى بۇيرۇپ، — ئەگەر شۇ خانىش ھايات بولسا تەخىرسىز ئىزدەپ تېپىپ كەلتۈرۈپ كېلىڭلار، — دەپ پەرمان قىپتۇ. چاپارمەنلەر يول تەييارلىقىغا تۇتۇش قىپتۇ. شۇ چاغدا يىگىت:

— شاھىم، ئەمدى ماڭا رۇخسەت قىلغايلا، مېنىڭ چىن-ماچىن شەھىرىدە خوتۇن - بالىلىرىم بار، شۇ يەرگە كېتەي، — دەپتۇ.

— سەن ئەسلىدە بۇ يەردە كىمنىڭ بالىسى ئىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. يىگىت ئانىسى ئېيتىپ بەرگەن ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بېرىپتۇ. ئاخىرىدا ئۆز ئىسمىنىڭ ئادىل ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىپتۇ. پادىشاھ تەختتىن ئۆزىنى ئېتىپ، ئوغلۇم! دەپ بالىسىغا قۇچىقىنى ئېچىپ يۈگۈرۈپتۇ. ئادىل يەر ئۆپۈپ تەزىم قىلىپ، دادىسىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئاتا - بالا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. پادىشاھ چوڭ خوتۇنىنى ئوردىغا ئالدۇرۇپتۇ. چىن ماچىن شەھىرىدىن قۇدىسىنى، كېلىنىنى، نەۋرىلىرىنى ئەكەلدۈرۈپتۇ. شاھانە توي ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئادىلغا شاھلىق تاجىنى كىيگۈزۈپ تەختكە چىقىرىپتۇ. ئادىل شاھ ئىنىسىنى ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ مۇئاۋىن باش ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەپ، يۇرتنى ئادالەتلىك بىلەن سوراپ ئىسمى جىسمىغا لايىق ئادىل شاھ بولۇپ ئۆتۈپتۇ.

(«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىل 5 - سانىدىن ئېلىندى.)

www.uyghurkitap.com

# ئېشەكباش پادىشاھ

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، ئۇسمان شاھ دېگەن بىر ئادىل پادىشاھ بار ئىكەن. ئۇ خەلقپەرۋەر بولۇپ، چوڭ ئىشلارنى خەلق بىلەن مەسلىھەت قىلىش ئۈچۈن ھەر بىر مەھەللىدە پۇقرالارنىڭ سايلىشى بىلەن بىردىن كېڭەشچى تۇرغۇزغانىكەن. پۇقرالار ئۇلارنى «ئوردا مەسلىھەتچىسى» دەپ ئاتىشىدىكەن. پادىشاھ بۇ «مەسلىھەتچى» لەر ئارقىلىق يۇرتنىڭ ئەھۋالىنى، پۇقرالارنىڭ پىكىر ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بىلىپ تۇرىدىكەن. مۇۋاپىق تەلەپلىرىنى بېجىرىپ بېرىدىكەن. پادىشاھنىڭ ئۆزىمۇ پۇقراچە كىيىنىپ خەلق ئارىسىدا يۈرۈيدىكەن. دەردمەنلەرنىڭ مۇڭ - زارىغا، داد - پەريادىغا يېتىدىكەن. ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىدىغان، خەلققە زۇلۇم - سەتەم سالىدىغان نەپسانىيەتچى، خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلار سېزىلىسە قاتتىق جازالايدىكەن. شۇڭا بۇ مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرى گۈللەپ - ياشنىغان، خەلقى شادىمان، تۇرمۇشى پاراۋان ئىكەن. شۇ تۈپەيلى ئاۋام خەلق بۇ پادىشاھنى ئىنتايىن قەدىرلەيدىكەن. پادىشاھ بىر نەچچە كۈن شىكارغا چىقىپ كەتسە ياكى باشقا بىرەر مەملىكەتكە زىيارەتكە چىقىپ كەتسە، خەلق پادىشاھنى سېغىنىپ يولىغا ئىنتىزار بولۇپ كۈتىدىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ئاغرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. خەلق غەم - قايغۇغا پېتىپ، چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش، ئەر - ئايال كۆز ياشلىرىنى

سەلدەك ئاققۇزۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئوردا ئالدىغا كېلىپ، پا-
دىشاھنىڭ سەھەتلىك تېپىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۇرۇشۇپتۇ.
ۋەزىر ئەزەم خەلقنىڭ پىغانىنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. ۋەزىر-
دىن بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ ھاسىسىغا تايىنىپ خەلقنىڭ
ئالدىغا چىقىپ، ئەھلى جامائەتتىن ھال سوراپتۇ. ئۇلارنىڭ
ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەنلىكىگە مىننەتدارلىق ئىزھار
قىپتۇ، ھەمدە:

— پۇقرالىرىم، مەن سىلەرگە كۈتكىنىڭلاردەك ياخشى
ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم، ئوبدان خەيرىخاھ بولالمىدىم. مەندىن
سەۋەنلىكلەر ئۆتكۈلگەن بولسا، رەنجىتىپ قويغان بولسام مائاپ
قىلغايسىزلەر. «جان تەندە ئامانەت» دېگەن گەپ بار. مۇبادا
ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ ئاخىرەت سەپىرىگە يول تۇتۇپ
قالسام مەندىن رازى بولۇڭلار، — دەپ پۇقرالار بىلەن رازىلىق
ئېلىشىپتۇ. بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھنى ئەجەل زىيا-
رەت قىلىپ باقى ئالەمگە ئېلىپ كېتىپتۇ...

پادىشاھنىڭ ۋەلى ئەھدىسى بولمىغاچقا ۋەزىرلەر مەسلى-
ھەت تۈزۈپ، شۇ مەملىكەتنىڭ قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان
رەسمى يوسۇنى بويىچە: «بەخت قۇشىنى ئۇچۇرايلى، ئۇ
كىمنىڭ بېشىغا قونسا شۇ پادىشاھ بولسۇن» دەپ قارار قىلىشىپتۇ
ھەمدە بۇ قارارلىرىنى پۇقرالارغا ئېلان قىلىپ ئۇلارنىڭ
ماقۇللۇقىنى ئاپتۇ.

پايتەختتە ھېكىم ئاتلىق بىر سودىگەرزادە بار ئىكەن.
ئۇ ياش ھەم ئىنتايىن كۆچتۈڭگۈر بولۇپ، قورقماسلىقى، قارام-
لىقى بىلەن «ھېكىم نوچى» دەپ ئاتالغانىكەن. ئەمما ئۇ ئاچ-
چىغى يامان، چېچىلاڭغۇ، تېرىككەك، جېدەلخور، كۆڭلىگە نېمە
كەلسە شۇنى قىلىدىغان، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن «زاغۇن باش»
دەپمۇ ئاتالغانىكەن. بارا ـ بارا بۇ لەقەم تارازىنىڭ «ھېكىم
نوچى» پەللىسىنى بېسىپ چۈشۈپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا «ھېكىم زاغۇن»

www.uyghurkitap.com

دىگەن نام سىڭىپ كېتىپتۇ. بەخت قۇشى شۇنىڭ بېشىغا قو-نۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن خەلق غۇلغۇلا قىلىشىپ، چوقان - سۈرەن سېلىپ قۇشنى ئۇنىڭ بېشىدىن ھەيدەپ ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ. بىراق قۇش پەرۋاز قىلىپ ئاسماندا بىر ئايلانغاندىن كېيىن، قايتىپ كېلىپ، يەنە شۇنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. كۆپچىلىك ۋەزىر ئەزەمنى تېپىپ:

— ئەي ۋەزىرى ئەزەم، جانابىلىرى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مەرھۇم پادىشاھىمىز بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، بېشىمىزغا ئادالەت قۇياشىدىن نۇر ياغدۇرۇپ، بىز پۇقرالارغا باشپاناھ ۋە شاپائەتچى بولۇپ كەلگەن ئىدىلە، بىز ھەزرەتلىرىنىڭ پادىشاھ بولۇشلىرىنى تەلەپقىلىمىز...— دېيىشىپتۇ ھەمدە بەخت قۇشىنى يەنە ھېكىمنىڭ بېشىدىن ھەيدىۋېتىپتۇ.

— سىلەرگە مەلۇمكى، بەخت قۇشى كىمنىڭ بېشىغا قونسا شۇ شاھلىق تەختىگە چىقىش بىزنىڭ ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىمىز. پادىشاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەگەر ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى بولمىسا، ئوردا سەركەردىلىرى ئارىسىدا ئۆزئارا تەخت تالىشىش، ئاخىر بېرىپ يېغىلىق يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەجدادلىرىمىز مۇشۇنداق قىلىشنى بىر تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىكەن. ھازىر بۇنى ئۆزگەرتىشكە ئامال يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ ياشىنىپ قالدىم. مەرھۇم پادىشاھىمىزدىن يېگىرمە ياش چوڭمەن. ئەمما بەخت قۇشى مېنىڭ بېشىمغا قونسا پادىشاھ بولۇشتىن باش تارتمايمەن... دەپتۇ ۋەزىر ئەزەم.

خەلق: «بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز بار ئوخشايدۇ»، دېيىشىپ، نارازىلىقلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بەخت قۇشىنىڭ ئەمدى كىمنىڭ بېشىغا قونىدىغانلىقىغا قارىشىپ تۇرسا، بەخت قۇشى ئۇچىنچى قېتىمدىمۇ ھېكىمنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. پۇقرالار: «ئاللانىڭ ئىرادىسى شۇنداق ئىكەن، بىزدە نېمە ئامال، بەخت قۇشىنىڭ

ئۇچۇرۇلۇشىغا ئۆزىمىز قوشۇلدۇقۇ...» دېيىشىپ، «ھېكىم زاغۇن باش» نى شاھىمىز دەپ ئېتىراپ قىلىشىپتۇ.

«ھېكىم زاغۇن» «ھېكىم شاھ» بولغاندىن كېيىن، ئۆز-ئۆزىگە: «ھەي ھېكىم، سەن شاھ بولدۇڭ. ئادەمگە ئۆمۈر بىر قېتىم بېرىلگىنىدەك ئامەتمۇ قوشلاپ كېلىۋەرمەيدۇ. «ئامەت كەلسە قوشلاپ كەپتۇ» دېگەن بۇ سۆز نىسپىي. سەن پادىشاھلىقتىن ئىبارەت بۇ ئامەت تاجىسى ئىلكىڭدە تۇرغان چېغىدىكى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، دۇنيانىڭ راھەت-ھالاۋىتىنى كۆرۈۋال. قانغۇچە ئويناۋال» دەپ ئىشنى ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپا قىلىشتىن باشلاپتۇ. سېلىقنى كۆپەيتىپتۇ. باج خىراجىتىنى ئېغىرلىتىپتۇ. قامچىسىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان باغرى تاش خۇنخورلارنى تورلۇك ئەمەللەرگە تەيىنلەپتۇ. ئۇلار پۇقرالارنىڭ يىلىكىنى شۇنداق شوراپتۇكى، دېھقانلار، چارۋىچىلار، شەھەر ئاھالىلىرى ئۇنلاپ-يۈزلەپ باشقا يەرلەرگە سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتىشكە باشلاپتۇ. تېرىلغۇ يەرلەر ئاق قېلىپ، دۇكانلار تاقىلىپ، يېزىلار، رەستە-بازارلار چۆللىشىپ پۈتۈن مەملىكەت خارابىلىك تۈسىنى ئاپتۇ. قىممەتچىلىك، قەھەتچىلىك ئىلگىرىكى مەمۇرىچىلىقنىڭ ئورنىغا دەسسەپتۇ. ئوغرى-يالغان، بۇزۇقچىلىق ئەۋج ئاپتۇ. بۇنىڭغا قارشى چىققانلارنى ھېكىم شاھ رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇرۇپ، قانلىق قىلىچى ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. بەزىلىرىنى دارغا ئېسىپتۇ، بەزىلىرىنى زىندانغا تاشلاپتۇ...

بىر كۈنى ۋەزىر ئەزەم بارلىق ئوردا ئاكابىرلىرى بىلەن بىرلىكتە ھېكىم شاھقا سالام بەرگىلى كىرگەن چاغدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلماقچى بولۇپ، سۆز باشلاپتۇ.

— شاھىم، پۇقرالار كۈن كەچۈرۈشكە ئامالسىز قېلىپ، ھەر تەرەپلەرگە چېچىلىپ كەتتى. شەھەر خەلقى ئازلا قالدى. يېزا-سەھرالارمۇ ھۇقۇشلارنىڭ ماكانىغا ئايلاندى. ئەگەر پۈتۈن خەلق باشقا جايلارغا چىقىپ كېتىۋەرسە ئۆزلىرى

كىمگە پادىشاھلىق قىلىدىلا، يەر تېرىيدىغان دېھقان بولمىسا پۇقرالار نېمە بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. بىز نېمە يەيمىز، لەشكەرلەرنى نېمە بىلەن باقىمىز، دۆلەت خادىملىرىنى نېمە بىلەن تەمىنلەيمىز؟ ھۈنەرۋەنلەر، كاسىپلار، سودا-سېتىقچىلار بولمىسا تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزىمىز؟ پادىشاھ دېگەن ئۆزىدىن ئاۋۋالقى پادىشاھنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى نەمۇنە قىلىپ، ناچار تەرىپى بىراسا ئىبرەت ئېلىپ، ئادالەت تارازىسىنى چىڭ تۇتۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلىشى لازىمكى، ھەرگىزمۇ زالىملىقنى، بەتقىلىقلىقنى دوست تۇتماسلىقى كېرەك. پادىشاھنىڭ بۇرچى خەلقنى بەختىيار، يۇرتنى ئاۋات، دۆلەتنى قۇدرەتلىك قىلىش، ۋەزىرنىڭ سۆزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ھېكىم شاھنىڭ كۆزىدىن غەزەپ ئوتلىرى ئۇچقۇنلاپ، «بەس!» دەپ ۋەزىر ئەزەمگە خىتاب قىپتۇ-دە، «جاللات!» دەپ تۇۋلاپتۇ. پادىشاھ ئالدىدا دەرھال كۆزىدىن قىپقىزىل قان قۇيۇلۇپ تۇرغان يەتتە جاللات ھازىر بوپتۇ.

— بۇ «پىچاقتىن قورقمايدىغان قېرى ئۆكۈز» نى ئاچقىپ كاللىسىنى كېسىپ ئالدىمدا قويۇڭلار!— دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ ھېكىم شاھ. جاللاتلار «خوپ» دەپ ۋەزىر ئەزەمنى ئېلىپ مېڭىپتۇ. باشقا ۋەزىرلەر قورققىنىدىن ئۇنى ئىچىدگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا غايىبتىن: «توختا!» دېگەن دەھشەتلىك بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بۇ ئاۋازدىن يەر تەۋرىگەندەك پۈتۈن ئوردا لەرزىگە كەپتۇ. جاللاتلار تۇرغان جايىدا بۇتتەك قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. پادىشاھمۇ ئالاقزادە بولۇپ كېتىپتۇ.

— ئەي پادىشاھ، ۋەزىر ئەزەم ساڭا ياخشىلىق قىلىۋاتىدۇ. ياخشىلىققا يامانلىق قىلما!— دېگەن سادا كەپتۇ يەنە غايىبتىن.

— ئەي غايىب كالام، ئۆزۈڭ كىمسەن، ئادەممۇ، ھۆرپەرىمۇ، جىن-شاياتۇنمۇ؟ ئۆزۈڭنى ئاشكارا قىل، دەرقەم سۆزلىشەيلى،— دەپتۇ ھېكىم شاھ ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ، لېكىن «نوچى» لىق غۇرۇرى بىلەن.

— مېنىڭ كىملىكىمنى ھامان بىلىپ قالىسەن، ئاۋۋال ۋە-زىر ئەزەمگە قىلغان ناھەق ھۆكۈمىڭدىن قايت، نەسىھىتىمنى ئاڭلىماي، پۇشايماننى ئالارغا قاچا تاپالماي قالمىغىن!— دەپتۇ غايىب ئاۋاز. ھېكىم شاھ ھېچنېمىنى پەسەنت قىلماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئارقىدىنلا:

— «يىگىت سۆزىدىن يانماپتۇ، يولۋاس ئىزىدىن» دېگەن-دەك، پادىشاھمۇ ھۆكۈمىدىن قايتمايدۇ. ئەگەر ھۆكۈمىدىن قايتسا ، ئۇنىڭ سۆزى گال پىچاقتەك ئۆتمەس بولۇپ قالىدۇ. شاھلار ئەمرىنىڭ يۇرۇشلۇكى ئۇنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدە. بۇ ئۆتكۈر-لۈك بولسا شاھلارنىڭ بىر سۆزلۈكى دەپتۇ ھېكىم شاھ.

— خاتا ھۆكۈمىدىن ۋاز كەچكەن شاھ ئادالەت ئەرشىدىن نۇرۇن ئالغاندەك بولىدۇ. ئىناۋىتى ئۆسىدۇ، تىلى ئۇزۇن بولىدۇ، — دەپتۇ غايىب ئاۋاز.

— سەن بۇنداق بىمەنە سۆزلىرىڭنى دەرياغا بېرىپ، ئېقىن سۇغا ئېيت، ئېقىتىپ كەتسۇن! — دەپتۇ ھېكىم شاھ. لېكىن شۇ سۆزنى دېيىش بىلەنلا بېشى ئېغىرلىشىپ، تەكپۇكلۇقىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ بېشىنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ قامااللاپ تۇتقىنىچە تەختكە يۆلىنىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بېشى ئاس-تا- ئاستا ئېشەكنىڭ بېشىغا ئۆزگىرىپ، زوۋۋانىمۇ تۇتۇلۇپ، تىلسىز ھايۋانغا ئايلىنىپتۇ.

— ئەي ۋەزىرلەر، ئۇنى ئاۋۇ تام ئەينەكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭلار، تۇرقىنى قېنى كۆرۈپ باقسۇن! دەپ نىدا كەپتۇ يەنە غايىبتىن، ۋەزىرلەر ھېكىم شاھنى چوڭ تام ئەينەكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ھېكىم شاھ ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ ئېشەكباش بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەينەك ئالدىدا ھوشىدىن كېتىپتۇ.

ئەسلىدە پادىشاھنىڭ ئانىسىنىڭ ئىلمىي سېھرى- ئىلمىي جادۇدىن خەۋىرى بار ئىكەن. ئەمما ئۇ توغرا نىيەتلىك، ئاق كۆڭۈل،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

تەقۋادار ئايال بولۇپ، كىشىلەرگە ھېچقانداق زىيىنى تەگمەيـ
دىكەن. ئۇ ئوغلىنىڭ قىلمىش- ئەتمىشلىرىدىنى خۇپپىيانە كۆزىتىپ
يۈرگەن ئىكەن. ئۇ، ھېكىمنىڭ خەلققە سىيلىغۇاتقان زۇلمى،
زورلۇق- زومبۇلۇلۇقلىغا سەۋر - تاقەت قىلالماي تۇرغان پەيتتە،
ھېكىمنىڭ ۋەزىر ئەزەمگە قىلغان ھېلىقى چېكىدىن ئېشىپ كەتـ
كەن قانخورلۇق مۇئامىلىسى ئۇنى سۆكۈتنى قايرىپ قويۇشقا
مەجبۇرلاپتۇـ دە، بايىقى غايىب سادالارنى ياڭراتقاندىن كېيىن
ئوغلىنىڭ دەماللىققا ئەيۋەشكە كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى
ئاشۇ تەقلىدكە كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ.
— ئەي دۆلەت ئەركانلىرى، يۇرت مۆتىۋەرلىرى كۆردۈڭـ
لارمۇ؟ ئىنسانىيەتچىلىكتىن چىققان كىشى ھايۋان بىلەن باراۋەر.
پادىشاھنى خەلقنىڭ قانلىق كۆز يېشى، ئاھۇزارى تۇتتى. خۇداـ
نىڭ غەزىپىگە ئۇچرىدى، بۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىڭلار،— دەپتۇ
غايىب ئاۋاز. ھەممە ئاكا بىر - ئەشرەپلەر ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ،
ئىستىغپار ئېيتىپ تووۋا قىلىشىپتۇ.
— ئەي جاللاتلار، ۋەزىر ئەزەمنى قويۇپ بېرىڭلار، ئۆزۈڭـ
لار بۇ يەردىن يوقىلىڭلار! دەپتۇ غايىب ئاۋاز. جاللاتلار ۋەزىر
ئەزەمنى قويۇپ بېرىپ چىقىپ كېتىپتۇ.
— ئەي ۋەزىر ئەزەم، جانابلىرىغا ھازىردىن باشلاپ ھاكىمىيەت
يۈرگۈزگەيلا،— دەپتۇ يەنە غايىب ئاۋاز. ۋەزىر ئەزەم «خوپ»
دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. غايىب ئاۋاز تىنىپتۇ. لېكىن ۋەزىر ئەزەم
ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئېشەكباش ھېكىم شاھنى ھوشىغا كەلتۈـ
رۈپ، يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، يەنە تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.
ئاندىن ۋەزىرلەرگە قاراپ:
— ئەي ۋەزىر- ۋۇزرالىرىم، سەركەردىلىرىم، ھېكىم شاھ
ھەزرەتلىرى گەرچە بۇنداق ھالەتكە دۇچار بولغان بولسىمۇ، يەنـ
لا بىزنىڭ پادىشاھىمىز. چۈنكى جانابى ئالىيلىرى بەخت قۇشـ
نىڭ قونۇشى بىلەن پادىشاھ بولغان. مەن ۋەكالىتەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ

ئۆلىمەن، — دەپتۇ. دەل شۇ چاغدا پادىشاھنىڭ ئانىسى كىرىپ
كەپتۇ. ئۇ ئوغلىنى ئېشەكباش سۈرەتتە كۆرۈپ، تەئەججۈپلىنىپ
سارىسىمىگە چۈشۈپ قالغاندەك قىياپەتتە تېڭىرقاپ تۇرۇپ
قاپتۇ. ئاخىر تىلى گەپكە كەلمەيۋاتقاندەك دۇدۇقلىغان ھالدا:
— مەن بىر دەھشەتلىك ئاۋازنى ئاڭلاپ، نېمە ۋەقە يۈز
بەرگەندۇ، دەپ كەلگەنىدىم. بۇ نېمە ئالامەت؟ — دەپتۇ.
ۋەزىر ئەزەم ئەھۋالنى پادىشاھنىڭ ئانىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ،
شاھنىڭ ئانىسى ۋەزىر ئەزەمنىڭ بايانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:
— ھەركىم ئۆز تەزكىرىسىنى ئۆز قولى بىلەن يازىدۇ.
«نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن» دېگەن ماناشۇ. مەن پۇقرالار-
دىن نۇرغۇن ئەرز- شىكايەت خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ خەت-
لەردىن ئوغلۇمنىڭ سەتەمكار بولۇپ قالغانلىقىنى، دۆلەت
خەزىنىسىنى ئەيش - ئىشرەت خىراجىتى قىلىۋالغانلىقىنى، شاھلىقنى
شەخسىي ھالاۋەتنىڭ پۇرسىتى دەپ بىلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى
قالمىغانلىقىنى، پۇقرالارنىڭ ئۇنىڭغا چىش- تىرنىقىچە ئۆچ بولۇپ
كەتكەنلىكىنى بىلگەنىدىم. ئۇ قىلمىشلىرى يەتمىگەندەك بۈگۈن
ھۆرمەتلىك دۆلەت ئاتىسى، بىگۇناھ ۋەزىر ئەزەمگە ھاقارەت
قىپتۇ ۋە ئۇنى ناھەق ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. شۇڭا ئاللا ئۆز
كارامىتى بىلەن ئۇنى ئۆز قىلمىشىغا مۇۋاپىق زۇۋانسىز
ھايۋان سۈرىتىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ تەزكىرىسىگە «ھېكىم شاھ
ئېشەكباش مەخلۇققا ئايلانغان» دېگەن بىر جۈملىنى يېزىپ
قويۇپتۇ. بۇ بىر بېشارەت. ئەگەر ئوغلۇم توۋا قىلمىسا تېخىمۇ
قاتتىق جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىغا ئىشارەت. ئادەمنىڭ پۈتۈن
ھاياتى سىناق ئۆتكىلى، — دەپتۇ - دە، ھېكىم شاھقا قاراپ، —
ئوغلۇم، بۇ سىناقتىن ئوبدان ئۆت. ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىڭغا
توۋا قىل، ئاللا مەغپىرەت قىلغاي، خەلق كەچۈرگەي، — دەپ
كۆزىدىن ئىچىنىشلىق ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.
ئېشەكباش ھېكىم شاھنى ۋەزىر - ۋۇزرالار ھەر كۈنى

www.uyghurkitap.com

ئادەتتىكىدەك تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزلىرى ئاۋۋالقىدەكلا ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئۇنىڭغا سالام بېرىشنى تەرك قىلماپتۇ. ۋەزىر ئەزەم ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ دۆلەت ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ ئانىسى «بۇلار نېمىدېگەن بىچارە، نېمىدېگەن ساددا - ھە؟ بۇلار قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن شۇنداق قىلامدىغاندۇ ياكى قۇللۇق مەۋقەسى كۈچلۈكمىدۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ۋەزىر ئەزەمنى چاقىرىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپتۇ.

— بۇ ئىشەكباش پادىشاھنى يەنە نېمە ئۈچۈن تەختكە ئولتۇرغۇزۇۋاتىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھنىڭ ئانىسى ۋەزىر ئەزەمدىن.

— بۇ بىزنىڭ ئۇنىڭدىن قورققانلىقىمىزدىن ئەمەس، بەخت قۇشى ئەنئەنىسىنى ئۆزگەرتمىگەنلىكىمىزدىن بولۇۋاتىدۇ. ئۇ ھاياتلا بولىدىكەن مۇشۇ ئەنئەنە بويىچە ئۇنىڭ پادىشاھلىق ئورنى ئۆزگەرمەيدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، بىز پادىشاھىمىزنىڭ ياش، جىگەرلىكلىكىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمىز. شاھىمىز ئەسلىگە كېلىپ قالغۇدەك بولسا، ھەقىقەتەن ياخشىلىققا قەدەم قويىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل... — دەپتۇ ۋەزىر ئەزەم. پادىشاھنىڭ ئانىسى ۋەزىر ئەزەمنىڭ ئىشنى ئەتراپلىق ئويلايدىغان دانىشمەنلىكىگە قايىل بولۇپ، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا تەھسىن - ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ھەمدە ئۆز كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپ قويۇپتۇ. ئۇ ۋەزىر ئەزەمگە:

— ھۆرمەتلىك ۋەزىر ئەزەم، جانابلىرى باشلىق دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ «پادىشاھ سەھەتلىك تاپسا چوقۇم ياخشىلىققا قەدەم قويىدۇ» دېگەن ئۈمىدلىرىنىڭ بىر خىيال بولۇپ قالماسلىقىغا تىلەكداشمەن. ئەمما دۆلەتنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاش يۈزىسىدىن ئۇ ھايۋاننى تەختتىن قوغلاشنى تەكلىپ قىلىمەن، — دەپتۇ.

— بىزمۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە ئابرۇيىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىمىز. مەن ۋەكالىتەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە تۇتۇنغىنىمىزدىن بۇيان ئىشنى ئىلگىرىكى شاھىمىزنىڭ مەھەللە مەسلىھەتچىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن، ھازىرقى شاھىمىز تەيىنلىگەن يارىماس، بەتنىيەت زالىم ئەمەلدارلارنى مەنسەپتىن قالدۇرۇشتىن باشلىدىم. پۇقرالار قانداقتۇر بىر ئىللىقلىقنى سېزىۋاتىدۇ. ھازىر ھەممە جايدا «پادىشاھىمىز ئىنساپقا كەپتۇ» دېگەندىن ئۆزگە نارازىلىق سادا يوق. ئۆزلىرى خاتىرجەم بولسىلا، شاھىمىز دۇچ كەلگەن بۇ ئىش قۇدۇقتا چۆككەن تاشتەك جىمىمدە ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دەپتۇ ۋەزىر ئەزەم. ئۇ پادىشاھنىڭ ئانىسىنىڭ گەپ - سۆزلىرى پادىشاھ ھايۋان سۈرىتىگە كىرىپ قالغان كۈنى غايىبتىن كەلگەن ئىدا بىلەن ئوخشاش مۇقامدا ئىكەنلىكىنى پەملەپ، كۆڭلىدە جازالىغان «خۇدا» دەل مۇشۇ ئايال دەپ جەزىملەشتۈرگەن ئىكەن. شۇڭا پادىشاھنىڭ ئەسلىگە كېلىدىغانلىقىغىمۇ شەك كەلتۈرمىگە-نىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ئانىسى ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن پىلانى بويىچە ئەتىگەندە تەختنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئىلمىي سېھرى» سىنىڭ كۈچى بىلەن كۆزگە كۆرۈنـمەيدىكەن. ۋەزىرلەر ئېشەكباش ھېكىم شاھقا سالام بەرگىلى كىرىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەندە ھېكىم شاھ ئادىتى بويىچە جاۋاب سالام بەرگەندەك ئاغزىنى ئېچىپ ماكىلدىتىپتۇ. ئەمما بۇ قېتىم شاھنىڭ ئانىسى ئاۋازىنى خۇددى ھېكىم شاھنىڭ ئاۋازىدەك چىقىرىپ «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپتۇ. ۋەزىرلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ ھەيرانۇ - ھەس بولۇشۇپ قاپتۇ. ھېكىم شاھ توختىماي گەپ قىلغاندەك ئاغزىنى ماكىلدىتىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ شۇ ئېغىز ھەرىكىتىگە ماسلاشتۇرۇپ.

— ھۆرمەتلىك ۋەزىرلىرىم، سەركەردىلىرىم، ھەممىلىرىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايانكى، مەن پۇقرالارغا زالىملىق قىلغىنىم، تاپتىن چىققىنىم تۈپەيلى ئاللا مېنى جازالىدى، مەن ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلىرىمنى ۋە ئۇنىڭ قەبىھ ھەم ئېغىرلىقىنى تونۇپ يەتتىم. مەن گۇناھىمنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۆزۈمگە تەئەللۇق بولغان بارلىق پۇل، مال-مۈلۈك، يەر-زېمىنلىرىمنى يوقسۇللارغا تەقسىم قىلىپ بېرىشنى، يايلاقتىكى قوي-كالىلارنى قان قىلىپ بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئەرۋاھىغا نەزىر-چىراغ قىلىشنى، يەنە زىندانىدىكى ناھەق قامىلىپ ياتقان مەھبۇسلارنى ئازاد قىلىشنى ھەم ئۇلارنى رازى قىلىشنى، شۇنىڭدەك خەزىنىدىن مەلۇم مىقداردا ئالتۇن-كۆمۈش ئاجرىتىپ بۇزۇلغان كۆۋرۈك-يوللارنى ياسىشنى، ئالۋان-ياساق، باج-خىراج ئۇمۇمەن ھەر خىل سېلىقلارنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشنى قارار قىلدىم. كىمىكى بۇ پەرمانغا خىلاپلىق قىلسا ياكى ئۆز نەپسىنى كۆزلىسە مەندىنمۇ بەتتەررەك ئاقىۋەتكە قالغۇسى. مەنمۇ ئەسلىمگە كەلگەندە، ئۇنداق ئاچكۆزلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن. بۇ ئىشلار ئادىللىق بىلەن بەجا كەلتۈرۈلسۇن! — دەپتۇ.

— مەرھەمەتلىك شاھىمىز، ئۆزلىرىگە بارىكاللا، بارىكاللا، پەرمانبەرداردۇرمىز، — دېيىشىپتۇ ۋەزىرلەر تەڭلا سۆيۈنۈشۈپ، پادىشاھنىڭ ئېيتقانلىرى ئورۇندىلىپتۇ. بىراق پادىشاھ ئېشەكباش پېتى تۇرۇۋېرىپتۇ. بىر كۈنى ۋەزىرلەر سالام-سائەت ئادا قىلغاندىن كېيىن:

— شاھ ئالىيلىرى، پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلدۇق — دەپ قىلغان ئىشلىرىدىن مەلۇمات بېرىشىپتۇ. بۇ كۈنلەردە شاھنىڭ ئانىسى ھەر كۈنى تەختنىڭ كەينىدە ھازىر بولۇپ تۇرىدىكەن. ۋەزىر سۆزلىرىنى تۈگىتىشى بىلەن ئېشەكباش ھېكىم ئاغزىنى ئېچىپتۇ:

— ۋەزىرلىرىم ياخشى ئىشلارنى قىلدىڭلار، لېكىن ئادىل بولمىغان تەرەپلەر تېخى ئاز ئەمەستەك، قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك

كىشىلەر تولۇق قۇتقۇزۇلمىغاندەك قىلىدۇ. مەسىلەن: ئالايلۇق، سىلەر ئۇرغۇن قوي، كالا، تۆگىلەرنى سويۇپ، تاغار - تاغار گۈرۈچلەرنى دەملەپ نەزىر - چىراغ قىلدۇق دەۋاتىسىلەر، لېكىن نەزىر ئېشىنى كىمگە بەردىڭلار؟ مېنىڭچە ئۇنى يەنىلا خەجلىگىلى پۇلى بار، كىيگىلى كىيىمى بار، يېگىلى ئاشلىقى بار، توققۇزى تەللەر تويماس قارنىغا دەم تارتىپ كەتتى. پۇلى يوق، يەيدىغىنى يوق، كىيىم - كېچەكى يوق نامراتلار نەزىر ئېشىدىنمۇ، قۇتقۇزۇش ئەشيالىرىدىنمۇ كۈتكىنىدەك بەھرىمەن بولالمىدى. قىسقىسى بۇ ئىشلار ھەق جايىغا قارار تاپمىدى. يەنە كېلىپ يېقىندىكىنى ئاندا - ساندا كۆردۈڭلار، يىراقتىكىنى ئىزدىمىدىڭلار...

— خوش شاھىم، بىز بەلكىم بۇنداق سەۋەنلىكلەردىن خالى بولالمىغاندۇرمىز. بۇ ھەزرەت ئالىيلىرىنىڭ قەلب كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالماپتۇ. ھازىردىن باشلاپ بۇ ئېيتقانلىرىنى ئورۇندايلى، — دەپ ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشىپتۇ ۋەزىرلەر. ئۇلار شەھەر - يېزىلارنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن تارتىپ تاغدىكى مالچى، جاڭگالدىكى ئوتۇنچى، دەريادىكى بېلىقچىلارغىچە زىيارەت قىلىشىپ قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىكلەرنى تېپىپ قۇتقۇزۇپتۇ.

— شاھ ئالىيلىرى تەلەپلىرىنى ئورۇنلىدۇق، ئىنشائاللا ئەكسىلىرىگە كەلگەيلا، — دېيىشىپتۇ ۋەزىرلەر قىلغان ئىشلىرىدىن پادىشاھقا مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن.

— ھەي قەدىرلىك ۋەزىرلىرىم، — دەپتۇ ئىشەكباش پادىشاھنىڭ ئېغىز ھەرىكىتىگە ماسلاشتۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئانىسى، — مەن خەزىنىنى پەس ئارزۇ - ھەۋەسلەر ئۈچۈن بۇزۇپ چاچتىم، دۆلەت ۋە پۇقرالارغا بىھېساب زىيان كەلتۈردۈم. مەن بۇ قەرزىمنى ئۆمۈرۋايەت تۆلەپ تۈگىتەلمەسلىكىم مۇمكىن. ئەمما مەن بۇنىڭدىن كېيىن دۆلەتنىڭ بىر تىيىن پۇلىنى شەخسىيىتىم ئۈچۈن ئىشلەتمەيمەن. خەزىنە خەلقنىڭ پاراۋانلىقى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەملىكەتنىڭ گۈللىنىشى، قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن تەسەررۇپ قىلىنىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئالدى بىلەن شەھەر- يېزىلاردا تۈرلۈك مەكتەپ، مەدرىس- دارىلئۇلۇملارنى تەسىس قىلىشىمىز، ئىلىم- بىلىم ئەھلىلىرىنى، ئۆلىما- ئالىملارنى يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم. مەرىپەت- گۈللىنىش، قۇدرەت تېپىشنىڭ ئانىسى. يەنە شۇنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتەيكى، ئىگە- چاقىسىز قېرى- چۆرىلەرنى، يېتىم- يېسىرلارنى، نامراتلارنى بىر قېتىمدىلا تويغۇزۇش، كىيىندۈرۈش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، خەيرىيەت ئىشلىرىنى ئوبدان يولغا قويۇپ، ئۇلارنى تۇرمۇش تەھلىكىسىدىن ئۆمۈر بويى نىجات تاپتۇرىدىغان دارىلئاجىزىنلارنى، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى ۋە يېتىم يېسىرلەرنى تاماق، ياتاق، كىيىم- كېچەك، دەپتەر- قەلەم بىلەن تەمىنلەپ ئوقۇتىدىغان دارىلئېيتاملارنى قۇرۇشىمىز، ئىشسىزلارنى ھۈنەر- كەسىپ ئورۇنلىرىغا جايلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا تىرىكچىلىك قىلىش يولىنى ئېچىپ بېرىشىمىز، ئاجىز، مېيىپلارنى ھەقسىز داۋالايدىغان شىپاخانىلارنى بەرپا قىلىپ، ئەزرائىلنى ئۇلارنىڭ جېنىغا خالىغانچە چاڭگال سالالمايدىغان قىلىپ قويۇشىمىز، ئۆي- ماكانى يوقلارغا ئولتۇراق جايلارنى بىنا قىلىپ بېرىشىمىز، مانا شۇنداق قىلىپ ئېلىمىزنى بىرمۇ ساۋاتسىزى يوق، تەييارتاپ، ئىشسىزى يوق، سائىل، ئوغرى- يالغاندىن خالى، خەلقىنىڭ ھاياتى، مال- مۈلكى كاپالەتكە، جەمئىيىتى خاتىرجەملىككە ئىگە، تۇرمۇشى پاراۋان، ھەممە ئىشى روناق تاپقان پاك- ساپ مەملىكەتكە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم،— دەپتۇ.

ۋەزىرلەر بىردەك:

— شاھىمىز، جانابى ئالىيلىرىدىغا رەھمەت، تۈمەنمىڭ رەھمەت،— دېيىشىپتۇ. ئۇلار يەنە بىر يېڭى جەڭگە ئاتلىنىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئانىسى ۋەزىر ئەزەمدىن شاھنىڭ بۇ يېڭى پەرمانىنى ئاڭلاپ تولىمۇ شاتلانغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

— مەن شۇنىڭغا ھەيرانمەنكى،— دەپتۇ ۋەزىر ئەزەم سۆزلەۋېتىپ،— شاھىمىز پەقەت مۇشۇنداق سۆزلەرنى قىلغاندا

ۋە شۇنىڭغا ئائىت پەرمان بەرگەن چاغدىلا زۇۋانىغا كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە تىلدىن قالىدۇ.

— جانابى ۋەزىر ئەزەم، ئۇنداق بولسا، ئوغلۇم ئەمدى ئىستىقامەتخانىدا ئېھتىكاپتا ئولتۇرسا بولغۇدەك. شۇنداق قىلغاندا گۇناھتىن ساقىت بولۇپ، ئەسلىگە كېلىشى تېزلىشىدىغاندەك قىلىدۇ، — دەپتۇ پادىشاھنىڭ ئانىسى.

ۋەزىر ئەزەم بۇ مەسلىھەتنى ئورۇنلۇق بىلىپ، شۇ كۈنىلا ئېشەكباش ھېكىم شاھنى ئۆز خانىسىغا ئېھتىكاپقا ئولتۇرۇشقا ئەكىرىپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ خىزمىتىگە خاس بىر مەھرەم تەيىن قىپتۇ. بۇ جايغا ئاشۇ مەھرەمدىن باشقا ھېچكىم كىرەلمەيدىكەن، پادىشاھنىڭ ئانىسى بىلەن ۋەزىر ئەزەم ئۇنى پات - پات يوقلاپ تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ئانىسى سىرتقا چىقىپ ئەھۋالنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. ئۇ شەھەر خەلقىنىڭ مەڭزىدە كۈلكە ئويناپ، كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرغانلىقىنى، شەھەر يېڭى قىياپەتكە كىرىپ، رەستە - بازارلار ئاۋاتلىشىپ، يېمەك - ئىچمەك تۆكمە بولۇپ، مەمۇرچىلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقىنى، مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. چىرايى تۇرۇلگەن، غەمگە چۆمۈلگەن، جۇل - جۇل كىيىنگەن، «ھەق دوست» دەپ ئالقىنىنى ئېچىپ ئۆتكەن - كەچكەنگە قاراپ تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان بىرەر ئادەمنى چېلىقتۇرمىغان پادىشاھنىڭ ئانىسى گويا بۇلۇتنى سۈرۈپ چىققان قۇياش ھەممە جايغا تەكشى نۇر چاچقاندەك يارقىنلاشقان بۇنداق مەنزىرىدىن رازى بولۇپ ئوردىغا قايتىپتۇ. بۇ چاغ پادىشاھنى ئىستىقامەت ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇلغىنىغا ئۈچ يىلدىن ئاشقان ۋاقىت ئىكەن. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھنىڭ ئانىسى ئوغلىنى يوقلاپ كىرسە ھېكىم ئېشەكباش كۆزىدىن لۆم - لۆم ياش تۆكۈپ، قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ ئولتۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن ئانا

...ۆگلىدە: «پۇقرالار ئازادلىققا چىققىلى ئۈچ يىلدىن
...اشتى. سەرگەردان بولۇپ، ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتكەنلەرمۇ
...ايتىپ كەپتۇ. ئوغلۇممۇ قىلمىشىغا توۋا قىلغاندەك تۇرىدۇ.
...ەمدى بۇنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈردى» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، كېچىسى
...وغلىمۇ، مەھرەممۇ شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن چاغدا، تۇيدۇرماي
...وغلىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئەپسۇن سۈيىنى ئوغلىنىڭ بېشىغا
چېچىۋېتىپ قايتىپ كېتىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن ھېكىم شاھ
...اتتىق چۈش كۆرۈپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭغا
بېشى يەڭگىللەپ قالغاندەك سېزىلىپتۇ. ئۇ دەرھال ئەينەككە
قارىسا ئەسلى قىياپىتىدە تۇرغۇدەك، بۇنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا
يۈگۈرگەنچە ئانىسىنىڭ خاس خانىسىغا بېرىپ ئىشىكنى قېقىپتۇ.
ئانىسى چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ. ئۇ ئوغلىنى ئەسلى سىياقىدا
كۆرۈپ ھەيران قالغان قىياپەتتە:

— ئوغلۇم، بۇ ئۆڭۈممۇ، چۈشۈممۇ، — دەپتۇ.

— جېنىم ئانا، بۇ چۈش ئەمەس، ئۆڭىڭىز، — دەپتۇ.

ھېكىم شاھ ئانىسىنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ. ئانا ئوغلىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ باغرىغا بېسىپتۇ، ئۆيگە باشلاپتۇ.

— بالام قانداقچە ئەسلىگە كېلىپ قالدىڭ، كىم ئەسلىگە كەلتۈردى؟ دەپ سوراپتۇ ئانا كۆزىدىن خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ.

— ئانا، مەن ئۇخلاۋېتىپ بىر چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە ئەسلى قىياپىتىم بويىچە بىر توپ ياساۋۇللارنىڭ قورۇقچىلىقىدا شەھەرنى ئايلىنىپ يۈرگۈدەكمىشمەن. بىر يەرگە بارغاندا خوتۇن ـ قىزلارنى قوي بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قالدىم ـ دە، ھەي لەنىتىلەر، نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ دەپ ۋارقىرىدىم. ئۇلار: «بىزنى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىغان سەن! نۇرغۇنلىغان خوتۇن ـ قىزلىرىمىزنى بۇلغىدىڭ، ئەمدى بۇلارنى بوغۇزلاپ تاشلىمىساق

سىنىڭ ئېپلاس قولۇڭ بولارغىمۇ سوزۇلدۇ»، دەپ تەپ تاتماس- تىن ماڭا ھۆرپىيىشتى. مەن ياساۋۇللىرىغا: «بۇ قاتىللارنى تۇتۇڭلار، كاللىسىنى ئېلىڭلار!» دەپ ئەمىر قىلدىم. ئەمما شۇئان بېشىم قانداقتۇر بىر ھايۋاننىڭ بېشىغا ئۆزگىرىپ، زۇۋانىم تۇتۇلۇپ، تىلسىز بولۇپ قالدىم. لېكىن پەيلىمدىن يانماي قورۇقچىلىرىمغا ھېلىقى ئادەملەرنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن قولۇم بىلەن ئىشارەت قىلدىم، بىراق شۇنداق قىلىشىم بىلەن تەڭ پۈتۈن بەدىنىم سىرقىراپ تۈت پۈتلۈق بىر قاۋان سۈرىتىگە كىرىپ قالدىم. يايىقى كىشىلەر «ئۇر! چاپ!» دەپ چۇقان سېلىشىپ ماڭا قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى. لەشكەرلىرىم جېنىنى قۇتقۇزۇش بىلەن بولۇپ، ھەر تەرەپكە تېرىقتەك چېچىلىپ تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى، ھەممىسى ئۇر - ئۇرغا قالغان چاشقاندەك كىرىۋېلىشقا كامار ئىزدەپ، ئۇدۇل كەلگەن جايغا بېشىمىزنى تىقاتتۇق. ئەمما تۇمشۇقىمىزغا يەيتتۇق، مەن سۈرۈلۈپ يۈرۈپ بىر تامنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدىم - دە، ئىرغىپ تام ئۈستىگە چىقىپ، نېرىقى تەرەپكە سەكرەپ چۈشۈپ شەھەر سىرتىغا قاراپ قاچتىم. قاچا - قاچا بىر جاڭگالغا بېرىپ توقايزارلىققا كىرىپ قالدىم. چاتقاللار پۇتۇمغا سىپىلىنغان كىشەندەك بىر چامدام مېڭىشىمغىمۇ ئىمكانىيەت بەرمىدى. ئارقامدىن قوغلاپ كەلگەنلەر چاتقالغا ئوت قويۇپ مېنى كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئاسماندىن چۈشكەندەك ئالدىمدا ۋەزىر ئەزەم پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ كۆپچىلىككە: «توختاڭلار، ئوت قويماڭلار» دەپ ئۇلارنى ئوت قويۇشتىن توختاتتى. ئاندىن: «سىلەر قايتىڭلار، پادىشاھقا ئۆزىمىز چارە كۆرىمىز» دېدى. خالايىق قايتتى. ۋەزىر ئەزەم مېنى چاتقاللىقتىن ئېلىپ چىقىپ، قولۇمدىن تۇتۇپ يېتىلەپ ماڭدى. بىر يەرگە بارغاندا سۈيى سۈزۈك ئېقىۋاتقان بىر ئۆستەڭگە چىقىپ قالدۇق. ۋەزىر ئەزەم مېنى ئۆستەڭگە

يۇشۇرۇپ پۈتۈن ئەزايىمنى يۇدى، شۇ چاغدا نېمىشقىدۇر بەدىنىم قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. مەن ئاغرىققا چىدىيالماي ئۆزۈمنى قىرغاققا ئاتتىم - دە، ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام ئەسلىمگە كېلىپ قاپتىمەن، - دەپتۇ پادىشاھ.

- بالام چۈشۈڭدە ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرۈپسەن، سەن بىر ئاددىي ئادەم ئىدىڭ، بېشىڭغا بەخت قۇشى قونۇپ پادىشاھ بولدۇڭ، لېكىن بەختنى ئاياغ - ئاستى، تەختنى قارا باستى قىلدىڭ. خەلقنى ئەزدىڭ، نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇڭ، شۇڭا ئالالنىڭ قەھرى - غەزىپىگە، پۇقرالارنىڭ لەنەت - نەپرىتىگە ئۇچراپ، بىر بىزارى بولۇپ قالدىڭ، بەخت قۇشى قونغان بېشىڭ ئېشەكنىڭ بېشىغا ئايلاندى. ئەمما خەلق پادىشاھىمىز ياش، ئازمايدىغان ئادەم يوق، شاھىمىز بىر كۈنى ھامان ھوشىنى تاپار، توۋا قىلىپ ياخشى ئادەمگە ئايلىنار... دەپ يەنىلا ساڭا ئۈمىد باغلىدى. ۋەزىر ئەزەم باشلىق دۆلەت ئەركانلىرى نۇرغۇن ساۋابلىق ئىشلارنى قىلدى، - دەپ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بايان قىلىپ بېرىپتۇ. ئانىسى ھەمدە ئىلگىرىكى پادىشاھنىڭ ياخشى خىسلىتى ۋە ئادالىتىگە ۋارىسلىق قىل، خەلقتىن ئايرىلما، خەلق ياشناپ تۇرغان بىربوستان، ئۇنى قۇرۇتساڭ دۆلەت بولۇر گۆرىستان...- دەپ نەسىھەت قىپتۇ. پادىشاھ يامان قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە پۇشايمان قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئانىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ. ئانىسى: «سەن ۋەزىر ئەزەم باشلىق ئوردا ئەھلىدىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىدىن كەچۈرۈم سورا، خەلق گۇناھىڭدىن ئۆتسە، ئاللامۇ گۇناھىڭنى كەچۈرگەي» دەپتۇ.

شۇ چاغدا تاڭ ئېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ مەھرىمى تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئاپتۇۋىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا چىقىپتۇ ۋە شۇ پەيتتە قارىسا ئېشەكباش پادىشاھ شاھ ئورنىدا كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ پادىشاھنى ئىزدەپ ئۇيان يۈگۈرۈپ، بۇيان يۈگۈرۈپ

پادىشاھنىڭ ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ قاپتۇ. قارىسا، ھېكىم ئەشەكباش ئەسلى ئادەم سىياقىدا تاھارەت ئېلىۋاتقۇدەك. مەھرەم بۇ نېمە ئالامەت؟ — دەپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. شۇ چاغدا ھېكىم شاھ تاھارەت ئېلىپ بولۇپ ئانىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. خۇددى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بولغان مەھرەم ئۇچقاندەك بېرىپ كۆرگەن ئەھۋالىنى ۋەزىر ئەزىمگە خەۋەر قىپتۇ. ۋەزىر ئەزەم دەرھال پادىشاھنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ، قارىسا ھېكىم شاھ جايناماز ئۈستىدە دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، ئاللادىن گۇناھىنى تىلەپ، مۇناجات ئوقۇپ ئولتۇرغۇدەك، ئۇ دۇئادىن فارىغ بولغاندىن كېيىن ۋەزىر ئەزەمگە ئۆزىنى ئېتىپ: «مېنى ئەپۇ قىلغايسىز ئاتا» دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ۋەزىر ئەزەم ئۇنىڭ ئەسلىگە قايتقانلىقىنى مۇبارەكلەپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ بېشىنى ئاتىلارچە سىيلاپ تۇرۇپ:

— شاھىم گۇناھىڭىزغا ھەقىقىي توۋا قىلغان بولسىڭىزلا بولدى، — دەپ ئۇنى ئېلىپ چىقىپ ئۆز تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئاندىن پۈتۈن شەھەر خەلقىنى شاھلىق مەيدانىغا يىغىپ ھېكىم شاھنى ۋەزىرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاۋام پۇقرالارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپتۇ. ھېكىم شاھ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ، پۇقرالار ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان يامانلىقلىرىنى تىلغا ئالماي، كېيىنكى ياخشى ئىشلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ياخشىلىقلارنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ۋەزىر ئەزەمنى ئۇستاز تۇتۇپ، ھەقىقىي خەلقپەرۋەر، ئادىل پادىشاھ بولۇپ ئۆتۈپتۇ.

(«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىل 1 - سانىدىن ئېلىندى.)

# ياخشى نىيەت بەختكە ھەمراھ

— خۇش رىۋايەتكار دەرۋىشىم، شىرىن سۆھبەت رىۋايىتىڭ
نى باشلىغىن. سۆبھىتىنىڭ خۇش ساباسى سىنىڭ ئۇۋامەس
روھىڭ قاتلىرىدا ساقلىنىپ تۇرغان رىۋايەت — چۆچەكلىرىڭنىڭ
خۇش پۇرىقىنى ئۈچى پۇشۇپ تۇرغان، ھاياتقا مۇھەببەت —
مېھرى يوق دەپ ئالەمدىن نارازى بولۇپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ
قەلبىگە سىڭدۇرۇپ، ھاياتقا زوق ئويغاتسۇن!...

دەرۋىش بۇ سۆزنى ئىشتكەندىن كېيىن، دۇررى ئەف
شاندەك شىرىن تىلىدىن مۇنداق دۇر تۆكتى:

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، توشقان تېرىسى خۇرجۇم، مايمۇن
تېرىسى يېپەك زامانىسىدا، بۆرى قاراقچىكەن، تۈلكە يالاقچىكەن،
قاغا تاغاقچىكەن، سېغىزخان پايلاقچىكەن، چىمچىق چېقىمچىكەن،
يولۋاس سوراقچىكەن، غاز كانايچىكەن، ئۆردەك سۇنايچىكەن،
سۇخەنچىلەر ئاي ئىكەن، ياخشى نىيەتلىكلەرنىڭ ھالىغا ۋاي
ئىكەن. پۇل بايغا يار ئىكەن، دېھقان تېيىنغا زار ئىكەن، ئەسكى
تاملاردا قوشقاچ تولا، كەمبەغەلگە پۇتلاش تولا بولغان تەگشىكى
يوق زامانلارنىڭ بىرىدە بىر كەمبەغەل دېھقاننىڭ ئۈچ ئوغلى
بولغانىكەن.

دېھقان بىچارىنىڭ يېشى ئۆلگىيىپ، پۇت - قولى بوشىشىپ
بۇ دۇنيادىن كېتىشىنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىدىغان ۋاقتىدا ئوغۇل
لىرىنى يېنىغا چاقىرىپ مۇنداق دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ:

— باللىرىم، بۇ دۇنيادىن يەيدىغان رىزقىم تۈگەپ قالدى، بۈگۈن - ئەتە ئاق يوپۇقلۇق ئاتقا مىنىپ باقىي ئالەمگە كېتىمەن. سىلەر قالىسىلەر، كەمبەغەللىكتە بارى - يوقى بىرلا ئۆكۈزىمىز بار، مەن ئۆلگەندىن كېيىن، دوست - دۈشمىنىمنىڭ ئالدىدا شۇ ئۆكۈزنى ئۆلتۈرۈپ يەتتە نەزىرىمنى ئوبدان بېرىڭلار، مېنىڭ روھىم خۇش بولسۇن. توپا ئالساڭلار ئالتۇن بولغاي!

بوۋاي شۇنداق دەپ باللىرىغا دۇئا قىپتۇ. باللىرىمۇ ماقۇل بوپتۇ. دېھقان بىچارە ئاخىرى تىنىقتىن توختاپتۇ. ئۈچىمۇ ئۆتۈپتۇ. يەتتە نەزىرىگىمۇ بىر - ئىككى كۈن قاپتۇ. ئالتىنچى كۈنى كەنجى ئوغلى ئاكىلىرىغا قارىسا غېمىدە يوق يۈرگۈدەك. بالا ئەجەبلىنىپ: «ئەتە دادامنىڭ نەزىر كۈنى، بۈگۈن ئۆكۈزنى سويىدىغان كۈن ئەمەسمۇ؟!» دەپ ئاكىلىرىنىڭ سەمىگە ساپتۇ. ئاكىلىرى ئۇكىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ: «ئاغزىڭنى يۇم، دادامدىن قالغىنى بارى - يوق بىرلا ئۆكۈز، ئۇنى سويىۋەتسەك نېمە بىلەن دېھقانچىلىق قىلىمىز...» دەپ ئىنىسىنى تىللاپ چىقىرىۋېتىپتۇ.

كەنجى ئوغۇل ئۆكۈزنى سۇغىرىش ئۈچۈن تالاغا ھەيدەپ چىقىپتۇ. ئۇ كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپتۇ - دە، قولىغا بىر كالتەك ئېلىۋاپتۇ. بۇ قەھرىتان قىش - زىمىستان كۈنلەر ئىكەن. بالا ئۆكۈزنى سۇ ئىچۋاتقاندا كالتەك بىلەن بىرنى قويۇپ پۇتىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. ئاكىلىرى سورىغانىكەن: «ئۆكۈز مۇزدا تېيىلىپ پۇتى سۇنۇپ كەتتى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئاكىلىرى ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەپتۇ. ئۇلار: «بۇ ئىنىمىزنىڭ پەيلى يامان، چاتاق تېرىيدىغاندەك تۇرىدۇ، كۆزدىن يىراقلاتمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئالاكۆڭۈللۈك قىلىشىپتۇ. دانىشمەنلەر ئېيتقانىكى: «كۆڭۈلنىڭ ئالاسى خۇدانىڭ بالاسى» ئالا كۆڭۈللەرنىڭ بويىنىغا دوزاخ ئوتى سىرتماق بولغاي!

ئاكىلىرىنىڭ كۆڭلىگە شەيتان نەئىل ئەنە شۇنداق قارا سايە — ۋەسۋەسە ئوتىنى سالغاندىن كېيىن، ئۇلار بۇ دوزاخ ئۇچقۇنىدا يانماي قالۇرمۇ!...

ئەلقىسسە: شۇنداق بولدىكى ئاكىلىرى ئىنىسىنى ئالداپ ئاپىرىپ بىر ئېگىز ياردىن تاشلىۋېتىپ، ئۆلدى دەپ كېتىشىپتۇ. بالا يار ئاستىغا چۈشكەندىن كېيىن ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇ ھوشىغا كېلىپ يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، يىغلاۋېرىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە مۆجىزانە ئىش كۆرۈپتۇ:

ئوڭ يېنىدا ئاي، سول يېنىدا كۈن، ئالدىدا چولپان يۇلتۇزى نۇرلىنىپ بالىنى چاقىرىۋاتقۇدەك. بۇ ئاۋاز شۇنچە يېقىملىق، شۇنچە مەيىن، مىسالى باھارنىڭ ئىللىق شامىلى ۋە ياكى لەرزان ئېقىۋاتقان بۇلاق سۈيىدەك ئىمىش. بۇ ھالىنى شۇل زامان شائىرى مۇنداق نەزمىگە رەك قاسغانىمىش.

ئوڭ يېنىمدا ئاي كۈلەدۇر،
سول يېنىمدا لەئلى تاج①.
سۈبھىدەم چولپان چاقىرسا،
مەندە قالغايمۇ ئىلاج!...

خەيرىيەتكى، بالا چۆچۈپ ئويغانسا، يار ئاستىدا يېتىپتۇ، ئەتراپنى تۇمان قاپلاپ كېتىپتۇ. كەنجىتاي ئاللاغا سېغىنىپتۇ - دە، تەۋەككۇل كەمىرىنى بەلگە باغلاپ، مۇساپىرلىق خۇرجىنىنى ئۈشىنىسىگە ئارتىپ، تۇمان يېرىپ، بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە ئۆزىنى ئاپتۇ. بىر تۇغقان - قېرىنداش ئاكىلىرىنىڭ ۋاپاسىزلىقىغا، ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇندىمىغانلىقىغا كۆڭلىدە لەنەت - نەپرەت ياغدۇرۇپ، ئاتىسىنىڭ روھىغا دۇئا قىپتۇ.

ئاللا ياخشى نىيەتلىككە ھەمراھ، ئاللا ئۇنى ئاچ قويىسى-

① لەئلى تاج — قۇياش مەنىسىدە

مۇ، كەچ قۇيماپتۇ. كەچ قويسىمۇ ئاچ قويماپتۇ. كەنجىتاي دەشت - باياۋانلارنى كېزىپ، چۆل شامالىلىرىدا قارىداپ، تاغ - دەريالاردىن ئېشىپ بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. كەچ كىرىپ، ئاي - يۇلتۇزلار ئاسمان سەھنىسىنى مۇنەۋۋەر قىلىپ، نۇرلۇق كۆزلىرىنى يەر يۈزىدە تىكىپ، ئىنسانلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى ھەققىدە ھېكايەت قىلىشقا باشلىغانىكەن.

كەنجىتاي بېشى قېيىپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى خالۋەت بىر كوچىدا خۇدانىڭ يەر يۈزىدىكى دەرگاھى — مەسچىتكە دۇچ كەپتۇ ۋە ھېچ ئىككىلەنمەيلا مەسچىتكە كىرىپ: «ئاللانىڭ جايى پېقىرنى خەۋپ - خەتەردىن ئەمىن قىلغاي!» دەپ بورا ئۈستىدە بەخىرامان ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. كەنجىتاي مەسچىتتە ئۇخلاپ، شېرىن چۈشىنى كۆرۈپ تۇرسۇن، بىز رىۋايەتكار دەرۋىشنىڭ يېڭى قىسسىسىنى ئاڭلايلى:

ئەلقىسسە: بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى زاماندارنىڭ ئەقىللىك ۋە ئوۋغا ئىشقىۋاز، كېلىشكەن، باتۇر ئوغلى — شاھزادە كوجار بىر قېتىم شىكارغا چىققىنىدا بىر قىزغا ئاشىقى - بىقارار بولۇپ قالغانىكەن. بۇ قىز ھۆسن - جامالدا يېگانە بولۇپ، بىر كۆچمەن قەبىلىنىڭ گۈلى ئىكەن. زاماندار شاھ شاھزادىسىنىڭ بۇ قەبىلە گۈلىگە ئاشىق بولغىنىنى ئاڭلىغانىدىن كېيىن قاتتىق خاپا بوپتۇ، چۈنكى زاماندار شاھ «شاھى نەسەب شاھقا لايىق بولماق زۆرۈر» دەپ قارايدىكەن. شۇڭا ئۇ قوشنا شاھلار بىلەن سۆزلىشىپ، شاھزادە كوجارغا مەلىكىدىن بىرىنى تېپىپمۇ قويغانىكەن. ئەمما شاھزادە ئىشق چۆلىگە ئات سېلىشقا نىيەت باغلاپ، قىز بىلەن مۇشۇ مەسچىتتە ئۇچرىشىپ بىللە قاچماقچى بولغانىكەن. قىز نىسپى شەپ (تۈن تەڭ) بولغاندا ئۆز قەبىلىسىدىن ئىككى ئاتنى ئېلىپ مەسچىت ئالدىغا كەلسە، مەسچىت پېشايۋىنىدا بورا ئۈستىدە بىر يىگىتنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. تەقدىرى ئەزەل دېگەن شۇن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىشلەر-
داق ئۇستا چاقچاقچىكى، زامان ـ زامانلاردىن بېرى
ئۇلگۇ-
نى قولىدا ئويۇنچۇقتەك ئوينىتىپ كەلگەچكە، بۇ ئىشقا
ئالىقى-
رۇپ كەلگەن تەقدىر مۇئەككىلى كەنجىتاي بىلەن قىزنى
ئۇخ-
نىغا ئېلىۋاپتۇ. قىز قاراڭغۇدا: «شاھزادەم ھېرىپ كېتىپ
ئوي-
لاپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، كەنجىتاينى
غىتىپ ئاتقا مىندۇرۇپتۇ.

ئەسلىدە زاماندار شاھ شاھزادە كوجارنىڭ پىلانىدىن
خە-
ۋەر تېپىپ قالغانلىقتىن، شاھزادىنىڭ ھوجرىسىدىن چىقىشىغا
رۇخسەت قىلىنمىغانىكەن.

شۇنداق قىلىپ تەقدىر مۇئەككىلى بۇ ئىككى ناتونۇش
ياشنى چۆلگە ئېتىپتۇ. تۈن قاراڭغۇسىدا ئۇلار شەھەردىن
تالاي ئۇزاپ كېتىپتۇ. يول بويى قىز شۇنچە تەمۇرسىمۇ يىگىت
گەپ ـ سۆز قىلماي مېڭىۋېرىپتۇ. كەنجىتايمۇ ھوشيار يىگىت
ئىكەن. ئۇ يەردە بىر ئۇقۇشماسلىق بولۇۋاتقىنىنى سېزىپ:
«خۇدا ماڭا نېسىپ قىلغان قىز ئوخشايدۇ» دەپ ئۈنچىقماپتۇ.
ئۇلار بىر مەنزىلگە كەلگەندە قىز يىگىتكە سەپ-
تاك سوزۇلۇپ، ئۇلار بىر يىگىت، ئۇستىبېشى جۇل ـ جۇل بول-
سېلىپ قارىسا، باشقا بىر يىگىت، ئۇستىبېشى جۇل ـ جۇل بول-
سىمۇ، ئۆزى خېلى قاملاشقان. شۇ چاغدا تەقدىر مۇئەككىلى
قىزنىڭ كۆڭلىنى يىگىتكە باغلاپتۇ. قىز ئۇنداق ئويلاپ، مۇنداق
ئويلاپ، ئاخىرى: «خەير ئەمدى، تەقدىر پېشانەم شۇنداق ئوخ-
شايدۇ» دەپ تەقدىرگە تەن بېرىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ تەقدىر شامىلى ئۇلارنى بىر
ئەلقىسسە: شۇنداق قىلىپ تەقدىر شامىلى ئۇلارنى بىر
شەھەرگە ئۇچۇرۇپ كەپتۇ. ئۇلار بۇ يەردە ئۆي تۇتۇپتۇ.
ئۇلارنىڭ كوچىسى بۇ ئەلنىڭ ۋەزىرى ئوبۇلنىڭ ماڭار يولى
ئىكەن. بىر كۈنى قىز سۇغا چىققاندا ئوبۇل ۋەزىر بىلەن ئۇچ-
رىشىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز شامال چىقىپ قىزنىڭ
چۈمپەردىسىنى كۆتۈرىۋەتكەنىكەن. قىزنىڭ ھۆسن ـ جاما-
لىنى كۆرگەن ۋەزىر ھوشىدىن كېتىپتۇ. مۇلازىملىرى دەررۇ

سۇ چىچىپ ھوشىغا كەلتۈرسىمۇ، خىيال قىلىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ ئۆزىگە كېلىپ قارىسا كۈن چاشكا بولۇپ قالغانىكەن. ئالدىراپ ئوردىغا بارسا، شاھ توڭكۇر غەزەپلىنىپ: «كۈن چاشكا بولدى، ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ سوراپتۇ، قورقۇپ كەتكەن ۋەزىر كۆرگەن ئەھۋالنى سۆزلەپ مۇنداق نەزمە قىپتۇ:

ئى جاھانشاھ، يولدا كۆردۈم بىر گۈزەل،
كۋالى ئالەم تىڭشىمىغان بىر غەزەل.
ھېچ ئىشەنمەيمەنكى ئىنسان پۈتمىدى،
ئۇ پەرىزات ئەس ــ ھوشۇمنى قويمىدى.

شاھ توڭكۇر بۇنى ئاڭلاپ غايىبانە ئاشىق بوپتۇ ــ دە، ئۇبۇل ۋەزىرگە: «ئاشۇ قىزنى كەلتۈر» دەپتۇ. ۋەزىرى شاھقا قۇللۇق ئېيتىپ:

ــ ئى ئۇلۇغ، كەرەملىك شاھىم، سەۋرى قىلىڭ، ئۇ پەرىزاتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېرىنى يىراققا ــ ئىنسان قىلالمايدىغان ئېغىر ئىشقا بۇيرۇيلى، ئۇ شۇ يولدا ئۆلىدۇ، ئاندىن پەرىزاتىم؛ سىزنىڭ بولىدۇ، ــ دەپتۇ.

توڭكۇر شاھ ماقۇل بوپتۇ. ئۇبۇل ۋەزىر كەنجىتاينى چاقىرتىپتۇ ــ دە، ئۇنىڭغا:

ــ بىزنىڭ كەرەملىك شاھىمىز ئاغرىپ قالدى، ئاڭلىساق، ئۇستا سەيياد (ئوۋچى) ئىكەنسەن، شاھقا يىلۋاس سۈتى دورا بولۇپ قالدى. نەدىن بولسۇن تېپىپ كەل! ــ دەپ بۇيرۇپتۇ.

كەنجىتاي ئۆيگە كېلىپ ئەھۋالنى ئايالىغا ئېيتقانىكەن، «نۆكەرلەر سىزنى چاقىرغاندا كۆڭلۈم تۇيغانىدى. ئاخشام چۈشۈمدىمۇ بۇ ئىش ئايان بولغان. خەير، بوپتۇ، قورقماڭ! سىز شەھەردىن چىقىپ كۈن چىقىشقا ماڭسىڭىز بىر بۇلاق تۇۋىگە بارسىڭىز، شۇ يەردە سىزگە بىر بېشارەت بولىدۇ» دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

كەنجىتاي يولغا چىقىپ ئايالىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە بۇلاقنى تېپىپتۇ. ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ ئاللاغا سېغىنىپ دۇرۇت ئوقۇۋاتقاندا كۆزى سەل ئىلىنىپ قالغانىكەن. چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە بىر ئاقساقال بوۋاي: «ئوغلۇم، تۇر، ئوڭ قولۇڭدىكى سايغا كىر، ئۇ يەردە بىر يولۋاس نالە - پەرياد قىلىپ، ئاغۇ - تاشلارنى يىغلىتىۋەتتى. ئۇنىڭغا ياردەم بەر!» دەۋاتقۇدەك. كەنجىتاي چۆچۈپ كۆزىنى ئاچسا، بوۋاي يوق، ئۆزى بۇلاق تۈۋىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ: «ئاللا ئۆزۈڭ بار!» دەپ ئوڭ تەرەپتىكى سايغا كىرگەنىكەن، يىراقتىن نالە قىلىپ يىغلاۋاتقان يولۋاسنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ. كەنجىتاي مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئاخىرى يولۋاس بار يەرگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، بىر يولۋاس ئۆڭكۈردە يېتىپ، ئىككى پۇتىنى سىرتقا چىقىرىپ يىغلاۋاتقان، كەنجىتاي يولۋاسنىڭ قېشىغا كېلىپ پۇتىغا قارىسا، بىر شوخا تىكەن كىرىپ كەتكەنىكەن. كەنجىتاي شوخا تىكەننى قولى بىلەن ئالالماپتۇ، ئۇنداق قىپتۇ، مۇنداق قىپتۇ، زادىلا ئالالماپتۇ. ئاخىرى چىشى بىلەن تارتقانىكەن، تىكەن چىقىپتۇ. يولۋاسنىڭ نالىسى بېسىلىپتۇ. يولۋاس كەنجىتايدىن:

— بۇ ياخشىلىقىڭغا نېمە ئالۇرسەن، تەلەپىڭنى ئېيت! — دەپ سوراپتۇ.

— شاھىمىز ئاغرىپ قېلىپ، مېنى يولۋاس سۈتى تېپىپ كەل دەپ ئەۋەتكەنىدى. مېنى مۇشۇ دىشۋارچىلىقتىن قۇتۇلادۇرساڭ! دەپتۇ كەنجىتاي.

بۇ يولۋاس ئەسلىدە يولۋاسلارنىڭ پادىشاھى ئىكەن. ئۇ بىر ۋارقىرىغانىكەن، تەرەپ - تەرەپتىن يولۋاسلار يىغىلىپتۇ، قارىسا بىر ئادەم تۇرغان، يولۋاسلار ئۇنىڭغا خىرىس قىلغانىكەن، يولۋاسلار پادىشاھى:

— ئۇنىڭغا تەگمەڭلار، ياخشىلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىلىش يولۋاس ئەۋلادىنىڭ يولى. بۇ ئادەم مېنىڭ ئايىغىمدىكى

شوخا تىكەننى ئۆز چىشى بىلەن ئېلىۋەتتى. ئۇنىڭغا يولۋاس سۈتى لازىم ئىكەن، بېرىڭلار! — دەپ بۇيرۇپتۇ. بىر ئانا يولۋاس سۈتىنى بېرىپتۇ، يولۋاسلار شاھى بىر يولۋاسنى كەنجىتايغا مىندۈرۈپ، شاھ ھۇزۇرىغا ئاپىرىپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ.

ئەلقىسسە: يولۋاس مىنگەن كەنجىتاي شەھەر تامان كىرگەنىكەن، كۆرگەنلەر قورقۇپ، ھەيرانۇ - ھەس بولۇپ، كۆرمىگەنلەر كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ، كوچا - كويدا ئاجايىپ بىر ساراسىمە پەيدا بوپتۇ. تالاي قىزلار، چوكانلار، مويسىپىتلەر دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ، بۇ ئاجايىپ مەنزىرىنى كۆرۈشكە ئالدىراپتۇ. خەيرىيەتكى، ئەنە شۇنداق ھەيۋە ۋەھىمە ۋە مىسلى كۆرۈلمىگەن مۆجىزىنى شەھەرگە باشلاپ كىرگەن كەنجىتاي شاھ ئوردىسى ئالدىدا توختاپتۇ - دە، يولۋاسنى سىرتقا قويۇپ، ئۆزى شاھ ئالدىدا ھازىر بوپتۇ ۋە شاھقا يولۋاس سۈتىنى تەقدىم قىپتۇ.

ئۆڭكۈر شاھ ھېلىقى قارا نىيەت ۋەزىرى ئۇبۇل ۋە باشقا ئاكا بىر - تەكەببۇرلىرى بىلەن ئولتۇرغانىكەن، ئۇبۇل ۋەزىر دەررۇلا بۇنى سېزىپ: «شاھىم، بۇ، يولۋاس سۈتى ئەمەس!» دەپتۇ. كەنجىتاي شۇ ئاندا:

— ئى ئۇلۇغ شاھىم، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا يالغان ئېيتماق بىز مۆمىن پۇقرالىرىڭىزغا خوپ بولۇرمۇ، شاھ ئالىيلىرىنىڭ غەزىپىدىن قورقماي بېشىمىز ئۇنىمۇ، ئاللا ئىشىمنى ئاسان قىلدى، ۋەزىر ئەزەم ئىشەنمىسە سىرتقا چىقىپ كۆرۈپ باقسا بولۇر، — دەپتۇ.

توڭكور شاھ ۋە قارا نىيەت ۋەزىر ئۇبۇل ئاكا بىر تەكەببۇرلار كەنجىتاينىڭ كەينىگە قىزىقىپ سىرتقا چىققانىكەن، يولۋاسنى كۆرۈپ رەڭگىلىرىنىڭ قېنى ئۆچۈپتۇ، يولۋاس قارا نىيەت ۋەزىرگە قاراپ شۇنداق خىرىس قىلغانىكەن، ئۇبۇل ۋەزىر قورققىنىدىن ئىشتىنىغا چىقىرىۋېتىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. قالغانلار

ئەمىسى قېچىپ ئۇردىغا كىرىۋاپتۇ.
شاھ توڭكور ئېغىزغا چۈشمىگەن شاپتۇلنى تاشلىشىپ، پەرى-
زاتقا كۈندىن - كۈنگە غايىبانە ئاشىق بولۇپ، قانداق قىلىشنى
بىلەلمەي قاپتۇ، ئۇبۇل ۋەزىر يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي كەن-
جىتايىنى يەنە ئۇردىغا چاقىرتىپتۇ - دە:
— كەرەملىك شاھىمىزغا تىككىنى يوق قىزىلگۈل دورا
بولۇپ قالدى، تېپىپ كەل! — دەپ بۇيرۇپتۇ.
كەنجىتاي ئۆيىگە كېلىپ، خۇتۇنىغا ئېيتقانىكەن، خوتۇنى
كەنجىبايغا:
— مال بازىرىغا كىرسىڭىز يەتمىش يېرىدىن يېرىڭ ئېقىپ
تۇرغان بىر بوز ئات ئۇچرايدۇ، شۇ ئاتنى ئېلىپ چىقىڭ! —
دەپ بۇيرۇپتۇ.
كەنجىتاي ئاتنى مىڭ تىللاغا سېتىۋاپتۇ. پەرىزات ئاتنى
كۆرۈپ:
— ئەي دۇنيا كەزگەن دەرۋىشنىڭ بوز ئېتى، ئەسلىڭگە
كەل! — دەپ بېشىدىن قۇيرۇقىغىچە سىيلىغان ئىكەن، ئاتنىڭ
يېرىڭلىرى تۆكۈلۈپ، چىرايلىق، تۈكلىرى پارقىراپ تۇرغان ئاق
بوز ئاتقا ئايلىنىپتۇ. شۇ چاغدا پەرىزات:
— بۇ ئاتنى مىنىپ قولتۇقنى سىيلىسىڭىز سىزنى ئاسمانغا
ئېلىپ چىقىدۇ، ئۇ ئۆزى سىزنى باشلاپ بىر جايغا چۈشىدۇ،
سىز ھېچياققا ئاتنىڭ بېشىنى تارتماڭ! — دەپ بۇيرۇپتۇ.
كەنجىتاي ئاق بوز ئاتقا مىنىپ، قولتۇقىنى سىيلىغانى-
كەن، دۇلدۇل كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئاسمانغا ئېلىپ
چىقىپتۇ.
دۇلدۇل كەڭ سامادا ئاقار يۇلتۇزدەك ئۇچۇپ، بىر مەن-
زىلگە كەلگەندە ئاستا - ئاستا تۆۋەنلەپتۇ - دە، بىر گۈلزار-
لىق باغقا چۈشۈپتۇ. باغ ئىچىدە بىر بۇلاق بولۇپ، بۇلاق
تۆۋىدە بىر تۈپ تىكەنسىز قىزىل گۈل چوغدەك جۇلالىنىپ

تۇرغانىكەن، قىزىل گۈل شۇ قەدەر چىرايلىق ۋە بۇلاق سۈيىمۇ شۇنچىلىك سۈزۈك ئىكەنكى كەنجىتاي بىرىدە قارىسا، بىرىدىن كۆزىنى ئالالماي قاپتۇ. يول بويى چاڭقاپ كەتكەچكە پەرىزاتنىڭ: «بۇلاق سۈيىنى ئىچىپ سالماڭ!» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئۇنتۇپ، بۇلاق سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىپتۇ. شۇ ھامان بۇلاق سۈيى داۋالغۇپ، زۇمرەت تامچىلار چىمەنقىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپتۇ - دە، بىر پەرىزات پەيدا بوپتۇ. پەرىزات يىگىتتىن ئەھۋال سورىغانىكەن، ئۇ ھەممە ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. كەنجىتاي پەرىزات بىلەن بىللە تىكەنسىز قىزىل گۈلنى شاھ تۇڭكۇرغا ئاپىرىپ بەرگەنىكەن، ئۇ، گۈلنى پۇراپلا ھوشىدىن كېتىپتۇ ۋە شۇ ھوشىدىن كەتكەنچە قىرىق بىر كۈندىن كېيىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىپتۇ.

قارا نىيەت ۋەزىر ئۇبۇل كەنجىتايىنى زىندانغا بەند قىلغانىكەن، ھېلىقى بۇلاقتىن چىققان پەرىزات ئۇنى ئازاد قىپتۇ.

ئۇبۇل ۋەزىر كەنجىتايىنى يەنە زىندانغا سالسا، يەنە ئازاد قىپتۇ. كەنجىتايىنى: «شاھىمىزغا زىيانكەشلىك قىلدى» دەپ دارغا ئاسقانىكەن، ھېلىقى بۇلاقتىن چىققان پەرىزات يەنە قۇتقۇلدۇرۇپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. قارا نىيەت ۋەزىر ھېچقانداق چارە تاپالماپتۇ. ئاخىرى دانىشمەنلەرگە مەسلىھەت سالغانىكەن، ئۇلار: «بۇ بىر كارامەت ئىگىسى ئىكەن، بۇ يىگىتنى شاھ قىلماق لازىم، ئۇنىڭ خاسىيىتىدىن ئەل كۆكلەپ كەتسە ئەجەب» ئەمەس، دېيىشىپتۇ.

ئەلقىسسە: شۇنداق قىلىپ ئاق كۆڭۈل كەنجىتاي بۇ ئەلگە شاھ بولۇپ تەختكە ئولتۇرۇپتۇ. بۇلاقتىن چىققان پەرىزاتنىمۇ ئەمرىگە ئاپتۇ. ئارىدىن ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ، چوڭ ئايالى ئوغۇل تۇغۇپتۇ. كەنجىتاي شاھانە تەختتە ئولتۇرۇپ، ئىككى ئايالىنى يېنىغا ئېلىپ، ئوغلىنى ئالدىغا قويۇپ قارىسا، ھېلىقى تۇمانلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېچىدە ئەسكى يار تۈۋىدە كۆرگەن چۈشى ئېسىگە كەپتۇ ۋە بۇ نەزمىنى ئوقۇپتۇ.

ئوڭ يېنىمدا ئاي كۈلەدۇر،
سول يېنىمدا لەئلى تاج.
دەم كۈلۈپ چولپان چاقىرسا،
مەندە قالغايمۇ ئىلاج!...

ئاق كۆڭۈللەرگە، ياخشى نىيەتلىكلەرگە بەخت ھەمراھ، ئاتا ۋەسىيىتىنى ئورۇندىغان كەنجىتاي ئەنە شۇنداق بەخت ۋە خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ. ئۇ: «ئاكاملارمۇ ماڭا ئوخشاش ئاتا ۋەسىيىتىنى ئورۇندىغان بولسا، ياخشى كۈن كۆرگەن بولاتتى» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، يەنە قېرىنداشلىق مېھرى يېتىپ، شەھەرلەردە تىلەمچى بولۇپ كەتكەن ئاكىلىرىنى يېنىغا ئېلىپ بەختلىك تۇرمۇش ئاتا قىپتۇ، يۇرتىمۇ كۆكلەپ، ئاۋام ـ پۇقرا خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ.

(«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىل 1 ـ سانىدىن ئېلىندى).

# قارا چاچ قىز

بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ توق ئىكەن، قاراتاغ ئېتىكىدە بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئادەمنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئادەم قېرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ ۋە ئوغۇللىرىنى چاقىرىپ:

— ئوغۇللىرىم، مەن ياخشى بولالمايدىغان ئوخشايمەن، سىلەرگە قىلىدىغان بىر نەسىھىتىم بار. سىلەر بۇ باغقا بارغۇچى بولماڭلار، — مېنىڭ سىلەرگە قىلىدىغان بىردىنبىر ۋەسىيىتىم شۇ، - دەپتۇ - دە، دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، چوڭ ئوغلى ئىچ پۇشقىنى چىقىرىپ كېلىش ئۈچۈن، تۇلپارنى مىنىپ، ھېلىقى تاغ تەرەپكە ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇ تاغقا يېتىپ كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، تاغ باغرىدا بەكمۇ چىرايلىق بىر باغ كۆرۈنۈپتۇ. باغدا تۈرلۈك تۈمەن گۈللەر ئېچىلغان، ھەر خىل مېۋىلەر مەي بولۇپ پىشىپ كەتكەن، بۇلبۇللار سايراپ تۇرغانىمىش، باغنىڭ گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولغان يىگىت: «دادام نېمە ئۈچۈن بۇ باغقا بارماڭلار، باغقا كىرگۈچى بولماڭلار دېگەندۇ؟ نېمە بولسا بولسۇن، بۇ باغنى بىر كۆرۈش كېرەك!» دېگەن قارارغا كەپتۇ - دە، تەۋەككۇل قىلىپ، دەرۋازىنى ئېچىپ باغنىڭ ئىچىگە كىرىشى ھامان، ئۇنى بىر ياساۋۇل تورىۋېلىپ:

— توختا! نەگە بارىسەن؟ نېمە قىلىپ يۈرگەن ئادەم

سەن؟ — دەپ سوئال قويۇپتۇ، يىگىت:
— بۇ باغ نىمۇ گۈزەل ئىكەن، كىمنىڭ بېغى ئىكەنلىكىنى بىلىگۇم، كىرىپ تاماشا قىلغۇم كەلدى، — دەپتۇ.
ياساۋۇل:
— بۇ باغ جاھاندا تەڭدىشى يوق باتۇر قارا چاچ قىزنىڭ بېغى، باغقا كىرىپ تاماشا قىلىشقا بولمايدۇ، ئەگەر باغقا كىرىمەن دېسەڭ بىر شەرت بار، شەرتنى ئاداقىلالىساڭ، باغقا كىرىپ سەيلە قىلالايسەن ھەم قارا چاچ قىزنىمۇ ئالالايسەن، بۇ باغمۇ سېنىڭ بولىدۇ، شەرت شۇكى، ئالدى بىلەن ئاۋۇ ئۇدۇلدا كۆرۈنگەن سارايدا بىر كېيىك بار، كېيىكنى ئۆلتۈرسەڭ مەقسىتىڭگە يېتىسەن، ئەگەر ئۆلتۈرەلمىسەڭ ھالاك بولىسەن، — دەپتۇ.
يىگىت شەرتكە ماقۇل بولۇپ، قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، كېيىك بار سارايغا مېڭىپتۇ. سارايىنىڭ ئىشىكى ئېچىلغاندا قارىغۇدەك بولسا، بۇ كېيىك ئادەتتىكى كېيىكلەرگە ئوخشىمايدىكەن، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى تۈكلەر رەڭدار بولۇپ، ھەربىر تۈكىدە بىر قوڭغۇراق بار ئىكەن، قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىكەن، ياساۋۇل كېيىكنى كۆرسەتكەندىن كېيىن:
— مانا ئەمدى كېيىك بىلەن ئېلىشىشقا بولىدۇ، ئۆلتۈرسەڭمۇ، ئۆلتۈرەلمىسەڭمۇ ئىككى كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن، قانداق بولغانلىقىنى ماڭا خەۋەر قىلىشىڭ كېرەك، — دەپتۇ.
يىگىت كېيىك بىلەن ئىككى كېچە - كۈندۈز ئېلىشىپ كۆرۈپتۇ. ھېچقانداق ئىلاج قىلالماي، ئاخىرى مادارىدىن كېتىپ، ياساۋۇلغا كېلىپ، كېيىكنى ئۆلتۈرەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. شۇ ھامان باغنىڭ تۆرىدىن ئون سەككىز ياشلار چامىسىدىكى، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، ئاجايىپ چىرايلىق بىر قىز تۆلپارنى چاپتۇرۇپ كېلىپ بىر قامچا ئۇرۇپلا يىگىتنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پارە - پارە قىلىپ، جەينىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ.

بۇ يىگىتنىڭ ئۆكىلىرى بىر يىلغىچە ئاكىسىنى كۈتۈپتۇ. كەلمىگەندىن كېيىن ئەنسىرەپتۇ، ئاخىرى ئوتتۇرانچى ئۆكىسى جابدۇنۇپ تۇلپارغا مىنىپ، ئاكىسىنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ، بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، ئاخىرى قارا تاغ ئېتىكىگە يېتىپ كەپتۇ. ھېلىقى باغ بۇ يىگىتنىمۇ ئۆزىگە تارتىپتۇ. ئۇمۇ باغقا كىرىپ قارا چاچ قىزنىڭ قامچىسىدا ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ.

ئارىدىن ئاتتە ئاي ئۆتۈپتۇ، ئاكىلىرىدىن ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىغان كەنجى ئوغۇل قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ، «ئاكىلىرىم نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەلمەيدۇ؟» دەپ، ئىزدەپ تېپىش قارارىغا كەپتۇ - دە، جابدۇنۇپ، ئاكىلىرى كەتكەن تەرەپكە قاراپ يول ئاپتۇ، بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، ئاخىرى ھېلىقى قارا تاغ ئېتىكىگە كېلىپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا تاغنىڭ باغرىدا تولىمۇ مەنزىرىلىك بىر باغ كۆرۈنۈپتۇ، ئۇ بىردەم سايداپ، باغنى ئايلىنىپ يۈرۈپ دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ سىنچىلاپ قارىغۇدەك بولسا، دەرۋازىنىڭ ئىچىگە ئىككى تۇلپارنىڭ كىرىپ كەتكەن ئىزى بار. چىققان ئىزى يوقمىش، يىگىت: «بۇ يەردە جەزمەن بىر سىر بار، بۇ دەل دادام ھايات ۋاقتىدا كىرمەڭلار دەپ نەسىھەت قىلغان باغ بولسا كېرەك، بۇ باغقا كىرسەم بولارمۇ؟ كىرسەممۇ ئەتە كۈندۈزى بىر نەرسىنى پەرق ئەتكۈدەك ۋاقىتتا كىرەي» دېگەن ئويغا كەپتۇ - دە، بىر ئېرىقنىڭ ياقىسىدا يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە بىر ئاپئاق ساقال ئادىم يولۇقۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئوغلۇم، سەن بۇ كىرسە چىقماس باغنىڭ ئەتىراپىدا نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ سەنمۇ ئاكىلىرىڭنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئۆلۈپ كەتكىڭ بارمۇ؟ بۇ باغ دىۋىلەر مەلىكىسىنىڭ بېغى، بۇ باغ نۇرغۇنلىغان ئەزىمەتلەرنىڭ بېشىغا چىققان،

ئەڭ ياخشىسى ئاتاڭنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، باغقا كىرىش نىيىتىڭدىن قايت! ئاكىلىرىڭنىڭ ئۆچىنى ئېلىشنى خالىساڭ، كىرىپ جەڭ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما سېنىڭ بۇ قىلىچىڭ ھېچنېمىگە يارىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن مېنىڭ ماۋۇ قىلىچىمنى ئىشلەتكىن، بۇ قىلىچتىن ھەرگىز ئايرىلمىغىن، — دەپ بىر قومۇش قىلىچنى بېرىپتۇ. يىگىت:

— رەھمەت بوۋا، — دەپ قومۇش قىلىچنى قولىغا ئېلىش بىلەنلا، ئاقساقال ئادەم كۆزدىن غايىب بوپتۇ. يىگىت چۆچۈپ ئويغانسا قومۇش قىلىچ غىلاپ بىلەن بېلىدە ئېسىقلىق تۇرغۇدەك. يىگىت چۈشىدە ئۆزىگە خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولۇققانلىقىنى بىلىپ، دەرۋازىنى ئۇلۇغ ئېچىپ باغقا كىرىپتۇ. باغدا ياساۋۇلغا دۇچ كەپتۇ. ئۇنىڭ سوئال - سوراقلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەرتىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇ شەرتكە ماقۇل بولۇپ، ئالدى بىلەن ساراي ئىچىدىكى رەڭدار كېپىنەك بىلەن جەڭ قىلىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇ قىلىچنى چىقىرىپ كېپىنەككە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، كېپىنەك بىلەن بىر - كېچە كۈندۈز قاتتىق ئېلىشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىر تال موينى تەۋرىتەلمەپتۇ، ئاخىرى ئۇ چۈشىدىكى ئاقساقال بوۋاينىڭ سۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ، يېنىدىكى قومۇش قىلىچنى قولىغا ئېلىپ، كېپىنەككە قارىتىپ بىرلا شىلتىغانىكەن، كېپىنەك شۇ ھامان پارچە - پارچە بولۇپ، تۈكلىرى توزۇپ، قوڭغۇراقلىرى چۇۋۇلۇپ كېتىپتۇ.

يىگىت كېپىنەكنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، ئەھۋالنى ياساۋۇلغا بايان قىپتۇ. ياساۋۇل كېپىنەكنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، يىگىتنىڭ باتۇرلۇقىغا قايىل بولۇپ، قالغان ئىشلار ئۈستىدە يول كۆرسىتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەمدى سەن نېرىقى ساراينىڭ ئىچىگە كىرىشىڭ كېرەك، ئۇ سارايدا قارا چاچ باتۇر ئۆز تەختىدە ئۇخلاۋاتىدۇ. بۇ قىر ھەر قېتىم ئۇخلىغاندا قىرىق كېچە - كۈندۈز ئۇخلاي-

دۇ. ھازىر ئۇنىڭ ئۇيقۇدىكى ۋاقتى. سەن ئۇ يەرگە كىرىپ ئوڭ تەرەپكە قارىساڭ بىر ساندۇق بار، ئۇنىڭدا قىرىق دانە تۆمۈر قوزۇق بار. سول تەرەپتە بىر ساندۇق بار، ئۇنىڭدا بىر پۇت كېلىدىغان تۆمۈر بازغان بار. ئالدى بىلەن قوزۇقلارنى ئېلىپ، قىزنىڭ بەدىنىنى يەرگە مىخلايسەن، ئاندىن بازغان بىلەن قىزنىڭ مەيدىسىگە قىرىق بىر قېتىم ئۇرىسەن، شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغىنىدۇ. سەن شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە مۇيەسسەر بولىسەن.

يىگىت ياساۋۇلنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە نېرىقى سارايىنىڭ ئىچىگە كىرسە، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان بىر پەرىزات ھەممىدىن بىخەۋەر ئۇخلاپ يېتىپتۇ. يىگىت ئۇنى كۆرۈپلا ئاشىقى - بىقارار بوپتۇ ۋە ياساۋۇلنىڭ دېگەنلىرىنى بىرمۇ بىر ئىجرا قىپتۇ. پەقەت قىزنىڭ مەيدىسىگە قىرىق بىرىنچى بازغان ئۇرۇلغاندىلا قىز ئاندىن ئۇيقۇدىن ئويغىنىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يېشىلگەنلىكىنى بىلىپ، يىگىتكە ئۆزىنى قويۇۋېتىشنى، ئەگەر قويۇۋەتسە، يىگىتكە پۈتمەس - تۈگىمەس ئالتۇن - كۈمۈش بېرىدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن يىگىتكە ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. يىگىت قويۇۋەتمەپتۇ. ئاخىرى قىز:

— ئۇنداق بولسا مەن سىزنىڭ نىكاھىڭىزغا ئۆتتۈم، مېنى قويۇۋېتىڭ، — دەپتىكەن، يىگىت قىزنى بوشىتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يىگىت بىلەن قارا چاچ قىز بىرگە ئۆتۈشكە باشلاپتۇ.

يىگىت بىر كۈنى ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ، قارا تاغنىڭ كەينىدە نۇرغۇنلىغان ئاتلىقلارنىڭ چاڭ توزۇتۇپ، ئۆزلىرى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ دەرھال قايتىپ كېلىپ خوتۇنىغا مەلۇم قىپتۇ. قاراچاچ قىز بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مۇڭدام دەپتۇ:

— بۇ كېلىۋاتقانلار مىسىر شاھزادىسىنىڭ قوشۇنى، شاھزادە ماڭا كۆيۈپ قالغان. ئۇ بىرقانچە يىل بولدى، مۇشۇ مەزگىلدە قوشۇن تۈزۈپ كېلىپ، مېنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ، لېكىن ھەر يىلى يېڭىلىپ، لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىدۇ، تۇلپارى ناھايىتى يۈگۈرۈك بولغاچقا ئۆزى قېچىپ كېتىدۇ.

يىگىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ، غەزەپكە كېلىپ، كېلىۋاتقانلارغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. لېكىن قاراچاچ قىز يىگىتنى توسۇپ، پەقەت ئۆزىنىڭلا ئۇلارغا تەڭ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ، تۇلپارىغا مىنىپ، ئۆزى يالغۇز جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. بىر - كېچە كۈندۈز قاتتىق جەڭ جەريانىدا، شاھزادىنىڭ لەشكەرلىرى ھالاك بوپتۇ. قوشۇندىن ئايرىلغان شاھزادە ئۆزى يالغۇز قېچىپ كېتىپتۇ.

شاھزادە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەلەمگە چىدىماي دادىسىغا، قاراچاچ قىزنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن بىرقانچە يىل قوشۇن تۈزۈپ جەڭ قىلغان بولسىمۇ، قوشۇنىنىڭ كارغا كەلمەي ھالاك بولغانلىقىنى، ئۇنى يېڭىشكە كۆزى يەتمىگەنلىكىنى، ئەمدى ئىشقى - پىراق دەردىدە ئۆزىنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

پادىشاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بېشى قېتىپتۇ. ئاخىرى ئۇ ئوردىدىكى پۈتۈن ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى يىغىپ كېڭەشكەندىن كېيىن، پۈتۈن شەھەردىكى خەلقنى يىغىپ مۇراجىئەت قىپتۇ. ئەگەر كىمدە كىم ئاشۇ قاراچاچ قىزنى بىر ئامال قىلىپ ئېلىپ كەلسە، ئۇنىڭدا شۇ ئادەمنىڭ بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ھېچكىم بۇ ئىشنى ھۆددىگە ئېلىپ ئوتتۇرىغا چىقالماپتۇ. پەقەت سەكسەن ياشلار چامىسىدىكى مۈكچىيىپ قالغان بىر ئايال ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ ئىشنى ئۆزى ئورۇندىيالايدىغانلىقىنى مەلۇم قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا بىر چوڭ ساندۇق ياساتتىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئاياللارنىڭ ھەر خىل پەرداز بۇيۇملىرى بىلەن زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى قاچىلاپ بېرىڭلا ھەم بىر دانە پالاق توخۇم بېرىڭلا. بۇلارنى بىر تۆگىگە ئارتىمەن، بۇ ئىشنى ئورۇنداپ كەلگەندە، ئاشۇ تۆگەم بىلەن تەڭ ئالتۇن ئالىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ماقۇل بولۇپ، موماينىڭ دېگىنى بويىچە جابدۇنۇپ يولغا سېلىپتۇ.

موماي نۇرغۇن يول بېسىپ ھېرىپ — ئېچىپ، ئاخىرى قارا تاغ دېگەن يەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ تۆگىسىنى ئوتلاتقاچ، تاغ باغرىدا دەم ئېلىشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى قاراچاچ قىزنىڭ ئېرى ئادىتى بويىچە سىرتقا چىقىپ، ئىزۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ مومايغا يولۇقۇپ قاپتۇ. ئۇ موماي بىلەن ئامانلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن:

— موما، بۇ يەردە يالغۇز نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. موماي:

— يالغۇز مومايمەن، ئىگە — چاقام يوق، ئانىسى يوققا ئانا بولۇپ، خىزمىتىنى قىلىپ، كۈن كەچۈرسەم دەيمەن، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يىگىت مەن ھەمىشە سىرتقا چىقىپ كەتسەم خوتۇنۇم يالغۇز قالىدۇ، خوتۇنۇمغا ھەمراھ بولسىلا بولغۇدەك دەپتۇ — دە، دەرھال بېرىپ ئايالىغا مەسلىھەت سېپتۇ، خوتۇنىمۇ بۇ مەسلىھەتكە قوشۇلۇپتۇ. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، موماي قاراچاچ قىزغا ھەمراھ بولۇپ، تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن يىگىت ئادىتى بويىچە ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ. موماي بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، قاراچاچ قىزنىڭ بېشىنى بېقىپ قويماقچى بوپتۇ. ئۇ باش بېقىۋې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېپ، پالاق تۇخۇمنى چېقىپ، قىزنىڭ بېشىغا ئاقۇزۇۋېتىپتۇ.
قاراچاچ قىز ئېقىپ چۈشۈۋاتقان بۇ نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىغاندا موماي:
— ۋاي قىزىم، نېمە بولاتتى دەيسىز، ياش ۋاقتىمدا
ئېرىمنىڭ سىرىنى سوراپ بىلىۋالالمىغانلىقىمنىڭ نەتىجىسى.
ئاياللار ياش ۋاقتىدا ئېرىنىڭ سىرىنى سوراپ بىلىۋالمىسا،
قېرىغاندا كۆك ماڭقا بولۇپ قالىدىغان گەپكەن، بۇ مېنىڭ
بۇرنۇمدىن ئاققان نەرسە، سىزمۇ ياش ۋاقتىڭىزدا ئېرىڭىزنىڭ
سىرىنى سوراپ بىلىۋالمىسىڭىز، قېرىغاندا ماڭا ئوخشاش بولۇپ
قالىسىز، قارىسام سىز كۈچ - قۇدرەتتە تەڭدىشى يوق،
باتۇر قىزدەك تۇرىسىز، بۇ يىگىت ئادەتتىكى ئادەمدەك قىلىدۇ،
بۇ سىزنى قانداق قىلىپ ئۆز نىكاھىغا ئالالىدى؟ مانا بۇ سىر-
نى بىلىۋېلىشىڭىز كېرەك، — دەپتۇ.
قاراچاچ قىز ئويلاپ بۇ سۆزنى توغرا تېپىپتۇ، ئۇ شۇ
كۈنى كەچتە ئېرى قايتىپ كەلگەندىمۇ ئالدىغا چىقماپتۇ، ئاخ-
شىمى تەتۈر قاراپ يېتىۋاپتۇ. يىگىت بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپ-
تۇ. قاراچاچ قىز نازلىنىپ تۇرۇپ:
— مەن باتۇرلۇقتا تەڭدىشى يوق قىز ئىدىم، مېنى ئال-
مەن دەپ كەلگەن يىگىتلەر قىلىچىم ئاستىدا جان بېرەتتى.
پەقەت سىزلا مېنى يېڭىپ، مەن بىلەن نىكاھلىنىشقا مۇيەسسەر
بولدىڭىز، لېكىن مۇشۇ كەمگىچە بۇ ھەقتىكى سىرىڭىزنى ماڭا
دەپ بەرمىدىڭىز، مەن شۇنچىلىك ئىشەنچسىزمۇ؟! مېنى چىن
دىلىڭىزدىن سۆيۈپ، ئىشەنچ قىلسىڭىز، بۇنچىلىك ئىشنى ئېيتىپ
بەرگەن بولاتتىڭىز، — دەپتۇ.
يىگىت بۇ ساھىبجامال قىزنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قو-
يۇشتىن ئەنسىرەپتۇ ھەم ئۇنىڭ ناز بىلەن قىلغان سىلىق، مۇ-
لايىم سۆزلىرى ئالدىدا مەست بولۇپ، ئايالىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:
— ئەسلىدە بۇ ئىشنىڭ سىرىنى سورىمىغىنىڭ ياخشى ئىدى،

بوپتۇ، ئېيتىپ بېرەي، ساڭا ئىشەنمەيدىغان يېرىم يوق، سى-
نىڭ ئۈچۈن ئۆلۈشكىمۇ رازىمەن، بىلىپ قويغىنكى، مېنىڭ پۈ-
تۈن كۈچ - قۇدرىتىم ئاشۇ قوزۇقتا ئېلىپ قويغان قومۇش قى-
لىچتا، سەنمۇ مېنى دېسەڭ ئۇ قىلىچنى چىڭ ساقلىغىن، مەن
ئۇنىڭدىن ئايرىلسام ھالاك بولىمەن، دەپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى پەنجىرىنىڭ تۆشۈكىدىن ماراپ ئاڭلاپ
تۇرغان موماي، ئەتىسى ئەتىگەندە، قاراچاچ قىزنىڭ ھاجەتكە
چىقىپ كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆيگە كىرىپتۇ - دە
قوزۇقتىكى قومۇش قىلىچنى ئېلىپ ئاستاغىنا ئۆيگە چىقىپ،
ئوچاقتىكى كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلاپتۇ. يىگىت ئۇخلاۋاتقان
يېرىدىلا جان بېرىپتۇ. قاراچاچ قىز كىرگۈچە موماي چايلارنى
تەييارلاپ، قىزنى چايغا تەكلىپ قىپتۇ. قاراچاچ قىز ئېرىنى
ئويغاتماقچى بولغاندا، موماي:

— تەگمەڭ، ئېرىڭىز تۈنۈگۈن ئوۋغا چىقىپ ھېرىپ كەت-
تى، دەم ئالسۇن، بىز ئىچىپ تۇرايلى، ئۇ كېيىن ئويغانغاندا
ئايرىم ئىچەر، — دەپتۇ. چايدىن كېيىن موماي:

— قىزىم، سىز ماڭا ئىشەنچ قىلىپ، ئۆز ئانىڭىزدەك كۆ-
رۈپ، ھەممە ساندۇقلىرىڭىزنى كۆرسەتتىڭىز. مېنىڭمۇ بىر سان-
دۇقۇم بار، ئۇنىڭدا ساقلاپ تۇرغان ئاز -تولا نەرسىلىرىم
بار، ئۇلارنى سىزگە كۆرسىتەي، كۆرۈپ كۆڭلىڭىزنى ئاچارسىز.
كۆڭلىڭىزگە ياققىنىنى ئالارسىز، — دەپتۇ - دە، ساندۇقنى
ئېچىپتۇ. قاراچاچ قىز ساندۇقنىڭ ئىچىدىكى ھەر خىل نۇر
چاقناپ تۇرغان زىبۇ زىننەتلەرگە قىزىقىپ، ساندۇقنىڭ
ئىچىگە باش تىقىپتۇ. ئېڭىشىپ كۆرمەكچى بولۇۋاتقاندا، مو-
ماي دەرھال ئۇنى ساندۇققا ئىتتىرىۋېتىپ ئاغزىنى ئېتىپتۇ -
دە، تۆگىسىگە ئارتىپ، باغنىڭ كەينى ئىشىكىدىن چىقىپ،
مىسىر شاھىنىڭ يۇرتىغا قاراپ راۋان بوپتۇ.

موماي قىزنى ساق - سالامەت ئېلىپ كېلىپ، پادىشاھقا

تاپشۇرۇپتۇ. پادىشاھ خۇشاللىقىدىن پۈتۈن شەھەر خەلقىگە قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىشنى جاكارلاپتۇ. قاراچاچ قىز ئېرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ داد - پەرياد قىلىسىمۇ، شاھنىڭ كارى بولماي تويىنى باشلاۋېرىپتۇ.

ئەمدى ۋەقەنى قاراچاچ قىزنىڭ بېغىدىن ئاڭلايلى: دەرۋازىۋەن بىر قانچە كۈندىن بېرى ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ تالا - تۈزگە چىقمىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ، سارايغا كىرىپ قارىسا، قاراچاچ قىز بىلەن موماي ئۆيدە يوق. يىگىت ئۆلگەن، ئاشخانىغا چىقىپ قارىسا قومۇش قىلىچ ئۆينىڭ ئىچىدە سەكرەپ تۇرغۇدەك. ياساۋۇل بۇ نېمە كارامەت؟ دەپ قىلىچنى سەكرەپ چىقىشىغا تۇتۇۋېلىپ، سارايغا كىرسە غىلاپ تۇرغۇدەك. قىلىچنى غىلاپقا سېلىشىغا، يىگىت ئۇزاق ئۇيقۇدىن ئويغانغان قىياپەتتە ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. يىگىت ياساۋۇلنىڭ نېمە قىلىپ تۇرغانلىقىنى، ئۆيدىكىلەرنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سوراپتۇ. ياساۋۇل ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىنى دەپ بېرىپتۇ. يىگىت بۇ مومايىنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، غەزەپكە كەپتۇ - دە، ئىز قوغلاپ، مىسىر شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ بىر ئاي دېگەندە مىسىر شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ پادىشاھ ئوردىسى يېنىدىكى ھەشەمەتلىك سارايغا چۈشۈپتۇ. سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر ئۆستەڭ سۇ ئاقىدىكەن. يىگىت: «بۇ شەھەرگىمۇ كەلدىم، ئەمدى خوتۇنۇمنى قانداق تاپارمەن؟!» دەپ سۇ بويىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسا، بىر توپ ئۇششاق بالىلار ھەر بىرى بىردىن ئاپتۇۋا كۆتۈرگەن ھالدا ئۆستەڭدىن سۇ ئالماقچى بولۇپ كېلىپتۇ. يىگىت بالىلارنىڭ بۇ ئىشىغا ئەجەبلىنىپ:

— ھەي بالىلار، سۇنى نېمە قىلىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. بالىلار:

— بىز ئوردا ھەرەمىدىكى بالا مۇلازىملارمىز، شاھزادىمىز قارا تاغدىن ئېلىپ چىققان قاراچاچ قىز دېگەن گۈزەل مەلـ

نىگە قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، ئۆيلەنمەكچى بولۇ-
ۋاتىدۇ. بۈگۈن قىرىقىنچى كۈنى. ئاخشاملىققا نىكاھ ئوقۇلىدۇ،
بىز بۇ سۇنى ئوردىدىكى مەلىكە بىلەن كېنىزەكلەرنىڭ قولىنى
يۇيۇشقا ئىشلىتىمىز، — دېيىشىپتۇ.

يىگىت بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بالىلاردىن بىرىنى چاقىرىۋې-
لىپ، قولىدىكى ئۈزۈكنى چىقىرىپ، بالىنىڭ ئاپتۇۋىسىدىكى سۇ-
غا تاشلاپتۇ - دە:

— سەن مۇشۇ چۆگۈندىكى سۇنى ئاز قالغان ۋاقتىدا
ئۈزۈك بىلەن قوشۇپ قاراچاچ مەلىكىنىڭ قولىغا قۇيۇۋەتكىن.
خىزمىتىڭ ئۈچۈن ماۋۇ ئالتۇننى ساڭا بېرىمەن، —
دەپ مۇشتۇمدەك بىر پارچە ئالتۇننى بېرىپتۇ. مۇلازىم بالا
خۇشال بولۇپ، بۇ ئىشنى ئورۇندايدىغانلىقىنى ئېيتىپ كىرىپ
كېتىپتۇ.

كەچمۇ كىرىپتۇ، ھەرەمدىكى كەچلىك بەزمە باشلىنىپتۇ.
داستىخان تارتىلىپ، قولغا سۇ قۇيۇلغاندا، ھېلىقى بالا پەملەپ
تۇرۇپ، ئاپتۇۋىنىڭ تېگىدە قالغان سۇنى بىراقلا قارا چاچ
قىزنىڭ قولىغا قۇيۇپتىكەن، ئۈزۈكمۇ قىزنىڭ ئالىقىنىغا چۈشۈپتۇ.
ئۈزۈكنى كۆرگەن قارا چاچ قىز ئېرىنىڭ بۇ شەھەرگە ئۆزىنى
ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ھەم مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا ئۆزىنى كۈتۈپ
تۇرغانلىقىنى بىلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە تالاغا ھاجەتكە چىققان
بولۇپ، ئەتراپنى كۆزىتىپتۇ. باغنىڭ كەينى تەرىپىدىكى تامدا
يىگىت ئىككى ئاتنى تىزگىنىدىن تۇتۇپ، ئېرىق بويىدا ئۇخلاپ
ياتقۇدەك. قىز تامدىن سەكرەپ چۈشۈپتۇ. بىراق يىگىتنى زادىلا
ئويغىتالماپتۇ. ۋاقىت ئۇزىراپ كەتسە كېنىزەكلەر كەينىدىن
ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ، دەرھال قولىدىكى ئۈزۈكنى
ئېرىنىڭ قولىغا سېلىپ قويۇپتۇ. بىر ئاتنى مىنىپ، قاراڭغۇدا
ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە ئاتنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپتۇ. قاراچاچ
قىز شۇ تەرىقىدە قېچىپ، تاغ - دەريا، چۆل - دەشتلەردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېتىپ، توپتوغرا ئۈچ ئاي يول يۈرۈپتۇ. يىراقتىن بىر چوڭ شەھەرنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ. قىز كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئەرەنچە ياسىنىپ، شەھەرگە كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا پۈتۈن شەھەر خەلقى كوچىلارغا چىقىشىپ، ھەممىسى ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن بىر قۇشقا قارىغۇدەك. ئەسلىدە بۇ شەھەرنىڭ قائىدىسى بويىچە، پادىشاھ ئۆلسە ئورنىدىكى بەخت قۇشىنى قەپەستىن چىقىرىپ ئۇچۇرىدىكەن. قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا، شۇ كىشى پادىشاھ بولىدىكەن. بۈگۈن بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئۆلگەنگە ئۈچ كۈن بولۇپ، شۇ بەخت قۇشىنى قويۇپ بەرگەنىكەن.

قاراچاچ قىز بۇ خەۋەرنى ئۇققان بولسىمۇ، كارى بولماستىن، ئۆز سەپىرىنى داۋاملاشتۇرماقچى بوپتۇ. لېكىن شۇ ئەسنادا بەخت قۇشى ئايلىنىپ كېلىپ، قارا چاچ قىزنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ قاراچاچ قىز ئويلىمىغان يەردىن پادىشاھلىق تەختىگە چىقىپ، دۆلەت سوراپتۇ. ئەمما ئېرىنى ئۇنتۇماپتۇ. ئۇ ۋاپادار ئېرىنىڭ جەزمەن ئۆزىنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. شۇڭا ئۇ بىر ئۇستا رەسسامنى ئوردىغا چاقىرىپ، ئۇنى ئايرىم بىر خانىدا قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئائىلىسى، ئېرىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىدىن ئايرىلغان ۋە ئۆز-ئۆزىنى جەڭگە ئاتلىغان ۋاقتىدىكى ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ رەسىمىدىن بىر قانچە نۇسخا سىزدۇرۇپتۇ. رەسىملەرنى كىشىلەر كۆپ يىغىلىدىغان جايغا چاپلىتىپ، ھەر بىر رەسىمنىڭ قېشىغا بىردىن ياساۋۇل قويۇپتۇ ۋە ئۇلارغا: «كىمكى بۇ رەسىمنى كۆرۈپ يىغلىسا، مېنىڭ ھوزۇرۇمغا ھازىر قىلىسەن!» دەپ پەرمان بېرىپتۇ.

توپتوغرا بىر يىل بولغاندا، شەھەرنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىغا چاپلانغان رەسىمنىڭ ئالدىدا، دەرۋىشلەر سىياقىدىكى بىر ئادەم: «ۋاي خوتۇنۇم، بارمۇ سەن؟ سېنىڭمۇ دىدارىڭنى كۆرىدىكەنمەن»

دەپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ياساۋۇللار ئۇنىڭ پۇت - قو-لىنى يەرگە تەگكۈزمەي، شۇ ھامان ئوردىغا سۆرەپ كىرىپ پادىشاھنىڭ ئالدىدا ھازىر قىپتۇ.

قارا چاچ قىز ئالدىدا تۇرغان ئېرىنى تەسلىكتە تونۇپتۇ. چۈنكى ئۇ بىچارە جۇدالىقتا يۇرت كېزىپ، دەرد چېكىپ، ئۆز-گىرىپ كەتكەنىكەن. قاراچاچ قىز ئۇنىڭ دىۋانىلەرچە تىتىلىپ كەتكەن كىيىم - كېچەكلىرىنى، سولغۇن چىرايىنى، ۋەيران ئەپتىنى كۆرۈپ: «مۇشۇنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن بولغان چەكمىشتۇر» دەپتۇ - دە، ھاياجىنىنى باسالماي يىغلاپ كېتىپتۇ ۋە ئەرلەر-چە كىيىمىنى يېشىپ تاشلاپ، تونۇشلۇق بېرىپتۇ. ئەر - خو-تۇن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ.

كېيىن قارا چاچ قىز پادىشاھلىقنى ئېرىگە ئۆتۈنۈپ بېرىپ-تۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئەنە شۇ يۇرتنى ئادىل باشقۇرۇپ مەڭگۈ خاتىرجەم ئۆتۈپتۇ.

(«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىل 2 - سانىدىن ئېلىندى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## شاھزادىنىڭ خۇلاسىسى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ قىرىق ياشتىن ھالقىغان كۆزگە كۆرۈنگەن يالغۇز ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئىلىم ـ بىلىمگە شۇنداق بېرىلگەن ئىكەنكى، كېچىلىرى كۆز يۇمماي كىتاب كۆرىدىكەن، كۈندۈزلىرى مۇتەپەككۇرلار بىلەن سۆھبەت ۋە مۇتالىئەلەرنى ئېلىپ بارىدىكەن. ئۇ ئون سەككىز يېشىدىلا ئىلىم مۇنبىرىنىڭ شاھىنشاھىغا ئايلىنىپ، ئاتىسىنىڭ تەسەررۇپىدىكى شەھەرلەردىن تارتىپ، يېزا ـ قىشلاق ۋە تاغ ـ جىرالارغىچە ھەرخىل مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىپ، مەملىكەتنى «بىلىملىكلەر خەزىنىسى» — گە ئايلاندۇرغانىكەن، پادىشاھ ئوغلىنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن تولىمۇ مەمنۇن ئىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ئەينەككە قاراپ، چاچ ـ ساقىلىغا قىراۋ قونغانلىقىغا دىققەت قىلىپ قاپتۇ ـ دە، ئاتىلىق بۇرچىدىن يەنە بىر مۇھىم قەرزىنى ئېسىگە ئېلىپ ئوغلىنى يېنىغا چاقىرتىپ:

— بالام، سەن قىران بۈركۈتتەك بولۇپ قالدىڭ، مەن بولسام ئاق چاچلىقلار قاتارىغا ئۆتۈشكە باشلىدىم. كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا سېنىڭ تىرىكلىك گۈلىستانىڭنى ـ تەخت ۋارىسىمنىڭ مىراسخورىنى كۆرۈش ئارزۇيۇم بار. كۆڭلۈڭگە پۈككىنىڭ بولسا، تارتىنماي ئېيت، مۇرادىڭنى ھاسىل قىلاي، بولمىسا لايىق-

نى مەن ئۆزۈم تاپاي، — دەپتۇ.

— ھۆرمەتلىك شاھ ئاتا، — دەپتۇ شاھزادە، — مەن مۇشۇ كوناھەردە ئىنتايىن يۇقىرى تەلەپ ۋە ئىشتىياق بىلەن بىلىم تەھسىل قىلماقتىمەن، سىز ئېيتقان بۇ ئىشقا يەنە بىرنەچچە يىل سەۋر قىلسىڭىز.

پادىشاھنىڭ نەسىھەتلىرى شاھزادىگە كار قىلماپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ خانىشى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شاھزادىنى مەجبۇرىي ئۆيلەش قارارىغا كەپتۇ ـ دە، ئۇنى ئۆز ھۇزۇرلىرىغا چاقىرتىپتۇ.

— ئوغلۇم، — دەپ سۆز باشلاپتۇ خانىش — بۇ يىل يىگىرمە بىرگە تولدۇڭ، شاھ ئاتاڭ كېسەلچان بولۇپ قالدى، مەنمۇ موكچىيىۋاتىمەن. ئىككىمىزنىڭ كۆرگەن بەختىمىز پەقەت سەن — بىرلا ئوغۇل. بىلىم ئۆگىنىشنى تويدىن كېيىن داۋاملاشتۇرساڭمۇ بولۇۋېرىدۇ. بۇ چاغقىچە بىزنىڭ تىلىمىزنى ئەناۋەتسىز قىلىپ كەلدىڭ. ئەمدى خالىساڭمۇ، خالىمىساڭمۇ تويۇڭنى قىلىش قارارىغا كەلدۇق. قودىلىشىدىغان تەرەپمۇ تويى ھازىرلىقىنى قىلىپ بولدى.

— جېنىم ئانا، — دەپتۇ شاھزادە، — مېنىڭ سىلەرنىڭ تىلىڭلارنى ئالماسلىققا ھەددىم ئەمەس. بىراق توي قىلىشقا رازىلىق بېرەلمەيمەن. چۈنكى مەنمۇ توي قىلماسلىق قارارىغا كەلگەن.

— نېمە؟! — دەپتۇ پادىشاھ ئوغلىنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ، ئۇنى ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك شاھزادىگە تىكىلىپ قاراپ، — دۇنيادا مۇنداق ئىشمۇ بولامدۇ، ھازىر ئېلىمىزدە سەندىن كۆپرەك بىلىم تەھسىل قىلغان يەنە بىر كىشىنىڭ بولۇشى ناتايىن. سەن «دىل نۇرلانسا يۇرت گۈللىنىدۇ» دېگەن تەلىماتنى ياراتقان ۋە بۇ يولدا قۇچقان زەپەرلىرىڭنى ئالەمگە تاراتقان بىر بىلىم ئەھلى تۇرۇقلۇق، تەنھالىقنى راۋا كۆرۈشۈڭ ئۆزۈڭنى

ئادانلىق زۇلمىتىگە تاشلىغانلىقىڭ ئەمەسمۇ؟!
شاھزادە يەرگە قارىغان پېتى:
— بەلكىم شۇنداقتۇر، لېكىن ئوقۇغان بەزى ھېكايەت كىتابلىرىمنىڭ قىسسەلىرى ماڭا: «ساپ ھاياتنى ۋاپاسىزلار يۇندىسىدا ناپاك قىلغاندىن، بېھىرىم يۈرەكنى ۋىجدانسىزلار خەنجىرىدە تىلىپ زىبدە قىلغاندىن كۆرە يالغۇز ئۆتۈشنى ھەممىدىن ئەلا بىل!» دېگەندەكلا قىلىپ تۇرىدۇ ئاتا، — دەپتۇ.
— ئېيتقانلىرىڭ بەرھەق، كىتابلاردا بايان قىلغان ئۇ ئىشلارنى ئىنسانىيەت ئالەمدە بولمىغان دەپ ھېچكىم ئېيتالمايدۇ. مەن ئۇنداق شەرمەندىلىكلەرنىڭ ھازىرمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ساقىندىلىرى ئەۋرەزدىكى سىزدەك سېسىق پۇراپ تۇرىدىغانلىقىدىن قىلچە شۇبھىلەنمەيمەن. بىراق ئۇ خىل رەزگىلەرنىڭ موخۇلاردەك ناھايىتى ئازلىقىنى كۆرمەي «ھەممە ئادەم شۇنداق» دەپ قاراش دۇنيادا ئەخلاقلىق ئادەم يوق دېگەنلىك بىلەن باراۋەر بولۇپ، مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان ياخشى ئادەملەر، ۋاپادارلار جامائەسىگە، خىسلەت ـ پەزىلەت ئىگىلىرىگە قىلىنغان تۆھمەت ۋە ھاقارەت بولىدۇ. بىزنى رەنجىتمە، ۋەدە بەرگىن! — دەپتۇ پادىشاھ جىددىي تۇستە قەتئىي قىلىپ. شاھزادە ئويلىنىپ قاپتۇ. ئاخىرى ئۇ:
— بىر شەرتىم بار، شۇنى بەجا كەلتۈرسىڭىز ماقۇل بولاي شاھ ئاتا، — دەپتۇ.
— دېگىن، نېمە شەرت؟
— شەھىرىمىز بويىدىكى ئەزىم دەريانىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدىغان ھاۋا بوشلۇقىغا بىر قەسىر ياساپ بېرىڭ، بۇ سارايغا چىقىپ ـ چۈشىدىغان «شوتا» مەندە تۇرىدىغان بولسۇن، كېلىنىڭىزنى شۇ بىناغىلا كۆچۈرىمەن، بىرلا خىزمەتچى ئالىمەن. باشقا شەرتىم يوق.

— خوپ، — دەپتۇ پادىشاھ ۋە شۇ كۈنىلا تەۋەسىدىكى بارلىق ئالىملارنى يىغىپ، ئۇلارغا ئەھۋاللارنى ئېيتىپتۇ. ئالىملار ئۈچ يىلدا دەريا ئۈستىدىكى ھاۋا بوشلۇقىدا بىر «ئاسمان ساراي» نى مۇئەللەق تۇرغۇزۇپتۇ. شاھزادە ئالىملار بەرگەن «شوتا» بىلەن «ئاسمان ساراي»نى كۆرۈپ چۈشكەندىن كېيىن تويى قىلىشقا رازىلىق بېرىپتۇ. پادىشاھ ئوغلىغا قوشنا پادىشاھلاردىن بىرىنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىپتۇ.

ئەمدى ھېكايىمىزنى شاخلايمىز. پايتەختكە يېڭى كەلگەن بىر سودىگەر زادىنىڭ دۇكانغا سالغان ماللىرى سەرخىللىقى، ئېسىللىقى بىلەن پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىپ، خېرىدارلارنىڭ باس - باس بولۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغان مەلىكە ماللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تاللىۋېلىش ئۈچۈن بىر موماي ۋە ئىككى كېنىزەكنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالتۇن مەپىگە ئولتۇرۇپ دۇكانغا كەپتۇ. ئۇ ماللارنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن پۇلنى ھېسابلىتىپ سودىگەر زادىگە: «پۇلنى ھازىر ئەۋەتىپ بېرىمەن» — دەپتۇ - دە، ماللارنى ئېلىپ قايتىپتۇ. بىرئازدىن كېيىن موماي پۇلنى ئېلىپ كەپتۇ. ئەمما بۇ چاغدا سودىگەر زادە دۇكاننى تاقاپ، دۇكانغا يۆلىنىپ، بىمار بولۇپ قالغان ئادەمدەك ھالسىزلىنىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ مومايىنىڭ «نېمە بولدۇڭ» دېگەن سوئالىغا جاۋاب بېرىش ئورنىغا مومايدىن ئۆزىنى ھۇجرىسىغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئىلتىجا قىپتۇ. موماي بىر مەپە چاقىرىپ سودىگەر زادىنى ھۇجرىسىغا ئاپىرىپتۇ. ئاي - ھاي، ئۇنىڭ ھۇجرىسى شۇنداق كۆركەم ئىكەنكى، ئېسىل يىپەك گىلەملەر بىلەن پۈركەنگەن مۇنداق ياسىداق ھۇجرا شاھ ئوردىسىدىمۇ يوق ئىكەن. سودىگەر زادە بىرئازدىن كېيىن سەل ئۆزىگە كەپتۇ، ئۇ مومايىنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىنىپ قەنت - گېزەكلەر بىلەن مېھمان قىپتۇ. ئاندىن سۆزگە كىرىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— موما، بايىقى گۈزەل سەنەم كىم بولىدۇ؟ ئۇ مال كۆرۈۋاتقاندا شامال يۈزىدىكى رومىلىنىڭ بىر تەرىپىنى قايرىۋەتتى. كۆزۈم ئۇ گۈزەللەر شاھىنىڭ تولۇن ئايدەك نۇرانە جامالىغا چۈشتى. كۆكسۈمگە ئىشق ئوتى تۇتاشتى، ئىختىيارىمنى ئۇ ئېلىپ كەتتى، — دەپ ھالىنى بايان قىپتۇ.

— ئى يىگىت، بۇ خىيالىڭدىن ۋاز كەچ، بىھۇدە ئاۋارە بولما، مانا پۇلۇڭنى ئېلىپ كەلدىم، تاپشۇرۇۋال، — دەپتۇ موماي.

— ئانىجان، بۇ پۇللارنى ساڭا بەردىم، بىر ئامال قىلىپ مېنى ئۇ ساھىب رەنانىڭ مۇبارەك ۋىسالىغا يەتكۈزسەڭ.

— بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

— موما، يۇرتۇم يىراقتا قالدى، بۇ يەرگە مۇساپىرمەن، بۇ جاينىڭ ئەھۋالىنىمۇ بىلمەيمەن، ماڭا رەھىمىڭ كەلسۇن، ھېچ بولمىغاندا مېنى ئاشۇ گۈل رۇخسارىنى بىر كۆرۈۋېلىش بەختىگە ئېرىشتۈرسەڭ، دىگىنىڭنى بەرسەم، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ سودىگەرزادە.

— موماي قولىدىكى بىر خالتا تىللاغا ۋە بايۋەچچىنىڭ «دىگىنىڭنى بەرسەم» دەۋاتقانلىقىغا قاراپ، بۇ نەق ئولجىنى قولدىن چىقىرىۋەتمەسلىك ئۈچۈن:

— ئى بايۋەچچە، گېپىمگە قۇلاق سال، ئۇ قىز مەملىكىتىمىزنىڭ مەلىكىسى — سۇلتانىمىزنىڭ يالغۇز قىزى. ئۇ پات ئارىدا باشقا بىر ئەلنىڭ شاھزادىسىگە ياتلىق قىلىنماقچى، ئۇ سەندىن ئالغان ماللارنى خەيرلىشىش ئالدىدا تۇرغان ۋە ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ بارىدىغان كېنىزەكلەرگە ھەمدە كېلىن بولۇپ بارغۇسى دۆلەتتە قوشۇلىدىغان يېڭى كېنىزەكلەرگە سوۋغات قىلىشقا ئالدى. ئىككى پادىشاھ پۈتۈشكەن بۇ ئۇلۇغ توي ئىشىنى بۇزۇش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن مەن سېنى مەلىكە

بىلەن ئۇچراشتۇرۇشنىڭ چارىسىنى ئويلىنىپ كۆرەي، —
دەپتۇ.
— شۇنداق قىل ئانا، جېنىم، بارلىق ۋەسلىم بۇ يولدا
پىدا، — دەپتۇ بايۋەچچە ۋە شۇئان ئۇنىڭ كاللىسىغا «موماي-
نىڭ ئۆيىدە تۇرسام...» دېگەن خىيال كەپتۇ — دە، — بولسا
ئۆز ئۆيۈڭدىن پاناھلىق بەرگەن بولساڭ، سېنى بۇ يەرگە
كېلىپ كېتىشكە ئاۋارە قىلىپ يول ماڭدۇرمىسام، — دەپتۇ.
بايۋەچچىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان مومايىنىڭ كۆز ئال-
دىدىن ئۆز ئۆيىنىڭ مۇشۇ ھۇجرىدىكى يىپەك گىلەم، ئېسىل
جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن شاھانە مەنزىرىسى لىپ قىلىپ
ئۆتۈپ كېتىپتۇ — دە: «بالام، سېنىڭدىن ئۆي ئايلانسۇن،
ھازىر كۈن كەچ بولۇپ قالدى، مەن ئەتە مەلىكىدىن ئىجازەت
ئېلىپ كېلىپ بۇ ئىشنى جۆندەي» دەپ يېنىپ كېتىپتۇ. دېگەن-
دەك ئەتىسى كېلىپ بايۋەچچىنى سودىگەرلەر سارىيىدىن ئۆز
ئۆيىگە كۆچۈرۈپ ئاپىرىپتۇ. مومايىنىڭ كىچىككىنە بىر ھويلىسى،
ئىككى ئېغىز ئۆيى ۋە بىر يېتىمەك مالىيى بار ئىكەن، موماي
بايۋەچچىگە:
— يىگىت، بۇ ئۆي كىچىك ھەم كونىراق، لېكىن ساڭا
تارلىق قىلمايدۇ، خاتىرجەم تۇرغىن، بىساتلىرىڭ بىلەن كۆڭ-
لۈڭ، ياققۇدەك قىلىپ جابدۇغىن. ھالىڭدىن ئۆيۈمدىكى خىز-
مەتچى خەۋەر ئالىدۇ، مېنىڭ ئۇ يەردە نۇرغۇن ئىشىم بار، —
دەپتۇ — دە، ئوردىغا كېتىپتۇ. بايۋەچچە پىراق ئوتىدا باغرى-
نى داغلاپ، مومايىنىڭ كېلىشىنى ئىشىكتىن ماراپ، ئاھ ئۇرۇپ،
يىغان چېكىپ، كۆزىنى دەرد — ئەلەم يامغۇرىدا ياشلاپ
يېتىپتۇ. ئەمما موماي شۇ كەتكەنچە قارىسىنى كۆرۈنمەپتۇ.
چۈنكى مەلىكىنىڭ تويى باشلىنىپ كېتىپتۇ. توي قىرىق كۈن
داۋام قىپتۇ. بۇ جەرياندا سودىگەرزادە بارا — بارا تاماقتىنمۇ
قاپتۇ. توي تۈگەپ، مەلىكە ئۇزاپ، موماي ئۆيگە كەلگەندە

باغۇچچە مەيدىسىنى يەرگە يېقىپ ياتقان يېرىدە مىدىرلىماي قالغانىكەن.

— يىگىت، مۇنداق ئاھ ئۇرۇپ يېتىش بىلەن مۇراد – نىشانغا يەتكىلى بولمايدۇ. ۋىسال جامىنى كۆتۈرىمەن دېسەڭ، سەندە جان بولۇش كېرەك. ئورنىڭدىن تۇر، يەنە ئۈچ – تۆت ئاي چىداشلىق بەر، بازارغا چىق، ئالغۇ، بەرگۈلىرىڭنى تو-گىتىپ، سەپەر كۆكىگە پەرۋاز قىلىشىڭغا قانات – قۇيرۇقىڭنى راسلاپ تۇر، مەن بىر يول تېپىپ قويدۇم. ۋاقتى كەلگەندە ھە دەيمەن – دە، ئاتلىنىمىز، — دەپتۇ موماي.

بۇ خەۋەردىن روھلانغان باغۇچچە بىردىنلا كۈچ – قۇۋ-ۋەتكە تولۇپ كەتكەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ، مومايىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ، مومايىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەييارلىققا كىرىشىپتۇ.

ئەمدى ئەسلى ھېكايىمىزغا قايتايلى، مەلىكە شاھزادىنىڭ يۇرتىغا يۆتكەپ كېلىنگەن كۈنىلا، شاھزادە مەلىكىنى بىر دېدەك بىلەن «ئاسمان ساراي»غا ئاچىقىپ كېتىپتۇ. شاھزادە ھەپتىدە بىر قېتىم چىقىدىكەن. ئارىدىن ئۈچ – تۆت ئاي ئۆتۈپتۇ. لېكىن مەلىكىنىڭ قايغۇسى ئاسماندا تۇرۇلۇپ يەرگە قارا بولۇتتەك سىلىنىپ زادىلا ئېچىلماپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھزادە بىر كۈنى:

— مەلىكەم مەن سىزگە ئەرشتە ئۆي تۇتۇپ بەردىم، ئاتا – ئانىسىنى، يۇرتىنى سېغىنغاندا كۆرۈپ تۇرسۇن، ئالەمنى سەيلە – تاماشا قىلىپ ئىچ پۇشۇقىدىن خالى بولسۇن دەپ قولىڭىزغا جاھاننەما تۇتقۇزدۇم. ئەمما نېمە ئۈچۈنكى، مۇشۇ سارايغا كەلگەن كۈندىن تا ھازىرغىچە رۇخسارىڭىزنى دائىم كۆيگەن ئايدەك تۇتۇق كۆرىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇلۇغ شاھزادەم، — دەپتۇ مەلىكەم كۆزىگە ھەسرەت-لىك ياش ئېلىپ، مەن يەر – جاھاندىن ئايرىلغان بۇ سارايـ

دا ھەر پەيشەنبە كۈنى سىزنى كۈتۈۋېلىپ، جۈمە كۈنى ئۇزىتىپ قويغاندىن سىرت، بىرلا دېدەك بىلەن گويا قەپەستىكى قۇشتەك ياشاۋاتىمەن. «جاھاننەما» ئەينىكىدە كۆرۈنگەن كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولغىلى بولمايدىكەن.

— سىزنىڭ كىم بىلەن ھەمسۆھبەت بولغىڭىز بار ئىدى؟ مەن بۇ يەرگە سىزنى ۋە بىر دېدەكنى ئېلىپ چىقىشقا شەرت قىلغانىدىم.

— مەن سىز بىلەن ئۇنداق شەرتلەشمىگەنغۇ؟

— توغرا، — دەپتۇ شاھزادە ۋە ئاتا - ئانىسى بىلەن بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مەلىكە ئاغرىنغاندەك بولۇپ:

— سىز ماڭا ئىشەنمەيدىكەنسىز - دە؟! دەپتۇ.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، مەقسىتىم سىزنى يامان كۆزدىن ساقلاش.

— بۇ نىيىتىڭىزگە رەھمەت. مەن پايانسىز چۆللۈكتە ئەركىن تاقلاپ يۈرگەن ئاھۇدەك كەڭ - كۇشادە يۈرۈپ ئۆسكەندىم. شۇڭا ماڭا قانات - قۇيرۇقى بوغۇپ تاشلانغان مېكىياندەك ياشايدىغان مۇنداق ھايات كېرەك ئەمەس.

— ئۇنداق دېمەڭ مەلىكەم، كۆڭلۈمنى چۈشىنىڭ.

— خوپ، شاھزادەم سىزمۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىڭ.

— مەلىكەم، ئېيتىڭا، زادى كۆڭلىڭىزدە نېمە بار؟

مەلىكە شاھزادىنىڭ ئاغزىدىن دەل مۇشۇ سۆزنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن سىزنىڭ مېنى كېنىزەكلىرىمدىنمۇ، زېمىندىنمۇ جۇدا قىلغىنىڭىزدىنمۇ ئاغرىنمايمەن، ئەمما بىر تەلىپىم بار، شۇنى بەجا كەلتۈرسىڭىز.

— تەلىپىڭىزنى ئېيتىڭ.

— مېنىڭ مەرھۇم ئىنىكئانام تېپىپ بەرگەن بىر ھېكا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

يىچى مومام بار ئىدى. ئۇ دۇنيادىكى ھەممە ھېكايىلەرنى بىلەتتى. يەنە كېلىپ شۇنداق قامالاشتۇرۇپ سۆزلەيتتىكى، ئۇ سۆزلەۋاتقاندا بىز مۇشۇ ھېكايىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەندەك بولاتتۇق. ئۇ ھېكايىسىنى تېخى سۆزلەپ بولمىغانىدى، ئۇ تىكەندەك يالغۇز ئىدى، شۇ مومامنى ئەكەلدۇرۇپ بەرسىڭىز، قېرىغاندا ئاخىرقى ئۆمرىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈۋالسۇن.

ھە، سىزمۇ بىز خىزمەتكار ئاچىقماقچى ئىكەنسىز - دە، بوپتۇ، ئىككىمىزنىڭ بىرىدىن خادىمىمىز بولسۇن، مەن ئەتىلا شەھىرىڭىزگە ئادەم ماڭدۇراي.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتە - ئۆتمەيلا شاھزادە ھېكايىچى مومايىنى مەلىكىنىڭ ھۇزۇرىدا پەيدا قىپتۇ. ئۇنىڭ يوغان بىر ساندۇقىنىمۇ بىللە ئاچىقىپتۇ. موماي ئۆزىنى ئۇنتۇمىغان مەلىكىگە ۋە شاھزادىنىڭ خەيرخاھلىقىغا كۆپتىن - كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ. مومايغا ئايرىم بىر خانا راسلاپ بېرىلىپتۇ، ئەتىسى شاھزادە چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا مەلىكە ئۆزىنىڭ تەۋەررۈكتەك ئەتىۋارلىق بىلىپ كەلگەن بۇ ھېكايىچى مومىسىنى شاھزادىگە بىر تونۇتۇپ قويۇش مەقسىتىدە ئۇنى ھېكايە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. موماي مۇنۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ:

«قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بىر ۋەزىرىنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق، زىبا بوي، سۇمبۇل چاچ بىر خوتۇنى بار ئىكەن. بىر مەرىكىدە پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، نىيىتى بۇزۇلۇپ، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەندىن كېيىن، ۋەزىرىنى بىر شەھەرگە ئىشقا بۇيرۇۋېتىپ، ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى پادىشاھنى ھۆرمەت تۆرىگە چىقىرىپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن قىزغىن كۈتۈپتۇ. لېكىن پادىشاھنىڭ غەرىزىنى پەملىگەندىن كېيىن، سەككىز دانە تۇخۇمنى پىشۇرۇپ، شاكىلىنى سەككىز

خىل رەڭدە بوياپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئاچىقىپ قويۇپتۇ، پادىشاھ بۇ تىزخۇمالارنى سويۇپ تېتىپ باققانىكەن، بۇ تىزخۇمىلارنىڭ شاكىلى سەككىز خىل رەڭدە بويالغان بولسىمۇ تەمى بىر خىل تۇرغۇدەك. ھەيران بولغان پادىشاھ بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن، ۋەزىرنىڭ خوتۇنى: «شاھىم بەزىلەر ئۇ ئايالغىمۇ، بۇ ئايالغىمۇ قانات سۆرەيدۇ، ۋەھالەنكى ئاياللارمۇ شاكىلى بويالغان تۇخۇملارغا ئوخشاش خىلمۇ خىل بولسىمۇ، تەمى بىر خىل. شۇڭا ئۇلار ئۆز قويىندىكى ھالال جۈپتى بىلەن قانائەتلەنسە بولمامدىغاندۇ؟» دەپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭدىن ھەم تەسىرلىنىپ ھەم خىجىل بولۇپ قايتىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ۋەزىرنىڭ ئايالى ئۆزىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ قىلىش بىلەن بىللە، شۇ چاغقىچە تومەنلىگەن گۆللەرنى يىرتقۇچ تىرنىقى بىلەن چەيلەپ ئاياغ - ئاستى قىلىپ كەلگەن ۋەھشىي يولۋاستەك ھايۋان تەبىئەتلىك پادىشاھنىمۇ ناكەسلىكتىن چەتنىتىپتۇ. جاھاندا ئەنە شۇنداق بېغى چىلك، ۋۇجۇدىغا كىر قوندۇرمىغان ئاياللارمۇ ئۆتۈپتىكەن» دەپ ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ موماي. شاھزادە بۇ ھېكايىدىن ھەم مومايدىن مەمنۇن بوپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ مەلىكىنىڭ چىرايىمۇ تولغان ئايدەك ئېچىلىپ كېتىپتۇ.

موماي، دېدەك ئۆز ئىشى بىلەن بەند چاغلاردا ياكى ئەپلىك پەيتى كەلگەندە، قولتۇقىغا سېلىۋالغان چۆجىنى قىسىپ مەلىكىنىڭ ئالدىدا قويىندىن چۈك - چۈك قىلغان ئاجايىپ ئاۋاز چىقىرىدىكەن. مەلىكە دەسلەپتە بۇنىڭغا ئېرەن قىلمىغان بولسىمۇ، بۇ ھال تەكرارلىنىۋەرگەندىن كېيىن بۇنى بىلىشكە قىزىقىپ قاپتۇ. ئۇ بىر كۈنى:

— موما، چۈكۈلدىغان نېمە ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قىزىم، بۇ توغرىدا ئادەم بار يەردە ئېغىز ئاچماڭ، مۆرىتى كەلگەندە سۆزلەپ بېرىمەن، — دەپتۇ موماي. بىر كۈنى

ئۇ كەچلىك تاماقتا دېدەكنىڭ تامىقىغا دارى بېھۇش سېلىپ قويۇپتۇ. دېدەك بىر ئازدىن كېيىن ئۇخلاپ قاپتۇ. موماي مەلىكىگە ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋېتىپ، يەنە چۇك - چۇك... قىلغان ئاۋازنى چىقىرىپتۇ. بۇنى بىلىشكە تەقەززا بولۇپ كەتكەن مەلىكە ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سوراپ تۇرۇۋاپتۇ.

— ۋاي ئاپئاق مەلىكەم، بۇ نېمە بولاتتى، چۇك - چۇك كېسىلىم، — دەپتۇ موماي.

— خۇدايا توۋا، ھېلىغىچە چۇك - چۇك كېسەل دېگەننى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، — دەپتۇ مەلىكە تېخىمۇ ھەيران بولۇپ.

— شۇنداق، بۇنداق كېسەل ھەممىلا ئادەمدە بولمايدىكەن، كۆپىنچە خان ئائىلىسىدىكى گۈزەل ئاياللار مۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدىكەن.

— ئۇنداقتا سىزمۇ خان ئائىلىسىدىنمىدىڭىز؟

— ياق مەلىكەم، مەن ھاللىق ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنىدىم، بىراق ياش ۋاقتىمدا بەك چىرايلىق ئىكەنمەن، ئاشۇ گۈزەل چېھرىم ۋە كېلىشكەن قەددىم ئۆزۈمگە دۈشمەن بولۇپ، مۇشۇنداق چۇك - چۇك كېسەلگە دۇچار قىلدى.

— ئانىكا ئادەمنىڭ چىرايىمۇ ئۆزىگە دۈشمەن بولامدىكەن؟

— ھوي قىزىم، — دەپتۇ موماي ئۇھ تارتىپ، رومىلىنىڭ بىر ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى ئېرتقاندەك قىياپەتتە، — يالغۇز قىز بولغىنىم ئۈچۈن ئاتام مېنى بىر ئېسىلزادىگە بەردى. ئېرىم مېنى جېنىدىنمۇ ئەتىۋار كۆرەتتى. ئون يىلغىچە ئېرىمدىن ۋە بىرنەچچە دېدەكتىن باشقا ھېچنەرسىنى كۆرمىدىم. ھەمىشە دېرىزىدىن سىرتقا قارايمەن. كېيىن ئاڭلىسام ئورغۇن يىگىتلەر ماڭا ئاشىق بولۇپ يۈرۈپتۇ. ئۇلار كېچە - كۈندۈز ئەشىق پىراقىمدا يىغلايدىكەن، ئاھ ئۇرىدىكەن لېكىن مەن ئۇلار ماڭا نامە-

ئىشان كىرگۈزسىمۇ پەرۋا قىلمىدىم. يىللار ئۆتتى، «ئاھ ئۇرار-مەن، ئاھ ئۇرارمەن، ئاھلىرىم تۇتقاي سىنى» دېگەندەك ئۇلار-نىڭ قان ياشلىق ئاھى مېنى تۇتتى، — دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، چۇك - چۇك... ئاۋاز چىقىرىپ جىم بوپتۇ.

— كېيىن قانداق بولدى؟

— قانداق بولاتتى جېنىم مەلىكەم، ئۇز چېغىمدا گۈللىمە-سەن، كېسەل بولغاندا كەتمەسەن دېگەندەك بولدى. ئېرىم مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى، شۇنىڭدىن كېيىن مېنى سەرسان-سەرگەردانلىق گىردابى ئۆز قەھرىگە تارتتى، دەرد - ئەلەم بايىۋىنىنى كېزىپ يۈردۈم. ھېلىمۇ ياخشى، ئېرىمنىڭ ئۆيى كى-تابلار كانى ئىدى. مەن ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي ئۇ كىتاب-لارنى ئوقۇپ، نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئۆگىنىۋالغان ئىكەنمەن، ئاخىرى جان بېقىشىمغا شۇ ھېكايىلەر ئەسقاتتى. بىر كۈنى جاھانكەشتىلىك بىلەن سىزنىڭ شەھىرىڭىزگە كېلىپ قاپتىمەن. بىر مەھەللىدە ئۇششاق باللارغا ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋاتقىنىمدا رەھمەتلىك ئىنىكئانىڭىزغا يولۇقۇپ قالدىم. ئۇ مېنى مۇبارەك ئاستانىڭىزگە باشلاپ ھۇزۇرىڭىزغا ئېلىپ باردى. ئۆلتىپاتىڭىز بى-لەن ئاسايىشلىقتا چىقىپ قالدىم.

— توۋا، جاھاندا مۇنداق ئىشلارمۇ بولىدىكەن - ھە؟ خۇداغا شۈكرى، مەن ئۇنداق گۈزەل ئەمەس.

— قىزىم، — دەپتۇ موماي، — سىز ئۆزىڭىزنى گۈزەللەر قاتارىدىن چىقىرىۋەتسىڭىز، بۇ ئۇن سەككىزمىڭ ئالەمدە گۈزەل يوق دېگەن گەپ ئەمەسمۇ؟ سىزنىڭ نۇرانە جامالىڭىز مۇشۇ سۇغا چۈشكەندە، ئۇنىڭدىن ئەكس ئەتكەن شولىدىن دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى گويا قۇياش يەرگە چۈشۈپ قالغاندەك باشقى-چىلا يورۇپ كېتىدىكەن. بۇ نۇر ئۆز شەھىرىڭىزدىمۇ كىملەرنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرمىگەن دەيسىز؟

— موما، مەن ئۆز شەھىرىمدە ئاتا - ئانام، رەھمەتلىك

ئىنكىئانام ۋە خاس كېنىزەكلىرىمدىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمە-
گەن، كېيىن ئىنكىئانام سىزنى ھېكايە سۆزلەپ بېرىشكە ئېلىپ
كەلگەندىلا سىزنى كۆردۈم. بۇ يەردىمۇ شاھزادە، سىز ۋە دې-
دەكتىن بۆلەك ئادەمزاتنى كۆرمىدىم، بەلكىم مەن باشقىلارغا
ئىشق ئوتىنى يېقىشتىن خالىدۇرمەن.

— ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ مەلىكەم، — دەپتۇ موماي
پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، — ئۆز گۈزەللىكىڭىزگە ھوشيار بولمى-
سىڭىز ئۇ سىزگە شۇنداق بىھېساپ دەرد - ئەلەملەرنى كەل-
تۈرگەيكى، رودىپايدەك چاپلىشىۋالغان مېرەز كېسەللىكلەرنى
ھەرقانچە قىلىپمۇ بەدىنىڭىزدىن سىلكىپ چۈشۈرۈۋېتىشكە ئامالسىز
قالغايسىز. مەن بۇ قېتىم خىزمىتىڭىزگە مۇشەررەپ بولۇش
ئىشتىياقىدا يولغا چىقىش ئالدىدا چاربېغىڭىزنىڭ تېمى تۈۋىدە
پېرىسىنىڭ سىنەسىنى يەرگە يېقىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قال-
دىم. بېرىپ قارىسام بىر ياش يىگىت ئىكەن. ئۇنىڭدىن ئەھ-
ۋال سورىغانىدىم، ئۇ ماڭا: «بىر پەرى پەيكەرنىڭ قوشۇمىسى-
دىن ئېتىلغان ئوق مېنى يىقىتتى، مەن ئۇنىڭ ۋىسا-
لىدىن شىپا ئىزدەپ، ئۇنىڭ مۇبارەك قەدەم ئىزى چۈشكەن
تۇپراقنى تاۋاپ قىلىپ يېتىپتىمەن...» دېدى، بۇ سىر ئاندىن
ئايان بولدى.

— قانداق سىر؟

— قانداق سىر بولاتتى قىزىم، ئۇ يىگىتنىڭ چاربېغى-
ڭىزنىڭ تېمى ئاستىدا خاكسار بولۇپ ياتقانلىقىدىن ئۇنىڭغا
ئىشق ئوتىنى ياققان سىزدىن باشقا بىرى ئەمەس دېگەن
قارارغا كەلدىم، — دەپ موماي قولتۇقىنى قاتتىق قىسقانىكەن،
بايىقى «چۇك - چۇك» ئاۋاز «ئاسمان ساراي سەھنىسىنى بىر
ئاپتۇ. مەلىكە ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ بىر ئاز ئويلانغاندىن
كېيىن مومايغا قاراپ:

— قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپتۇ.

— مېنىڭمۇ بېشىم قېتىۋاتىدۇ قىزىم. باشقىچە سىزگە ئاشىق بولغانلار ئاز ئەمەس، بىراق سىزگە بولسىمۇ مەرھەمەت كۆزىڭىز بىلەن قاراپ قويمىسىڭىز سىزنىڭمۇ مەندەك چوڭ - چوڭ بولۇپ قېلىشىڭىز چوقۇم.

مەلىكە تېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا پېتىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— موما، ئۇنداق بولسا، ھېلىقى سىزگە ھال ئېيتقاندىنى خەۋەر ئالساق بولامدىكىن.

— توغرا دېدىڭ جېنىم قىزىم.

— بىراق ئۇنىڭدىن قانداق قىلىپ خەۋەر ئالىمىز — دەپتۇ مەلىكە.

— قىزىم، ئۇ يىگىتنى سېنىڭ قېشىڭغا كېلىپ ئېلىپ چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ ئۆزۈم بىللە ئېلىپ كەلگەنىدىم. كەل ئاپپاق قىزىم، ئۇنىڭ ھالىغا يەت، مۇبارەك جامالىڭ بىلەن دەردىگە دەرمان بول، ئۇنىڭ يۈرەك جاراھىتىگە يۇمشاق تېنىڭنى مەلھەم قىلىپ ياق، لالە لېۋىڭنى لېۋىگە يېپىشتۇرۇپ، ئىسسىق تىنىقىڭ بىلەن ئۇ بىچارىنىڭ نىمجان ۋۇجۇدىغا جان ئاتا قىل!... — دەپ مەلىكىنى ئۆز بۆلمىسىگە باشلاپ كىرىپ، ساندۇقنى ئېچىپتۇ...

ئەمدى باشقا يەردىن ئىككى كەلىمە سۆز ئاڭلايلى. مەلىكىنىڭ ئېرى بولمىش شاھزادە بىر پەيشەنبە كۈنى «ئاسمان قەسرى» گە چىقىپ كېتىۋېتىپ، دەريانىڭ نېرىقى قېتىدىكى ئورمانلىقنىڭ ئىچىكىرىدىرەك بىر جايىدا ئېقىۋاتقان سۇ بويىغا قىلىچ ئاسقان، قالقان كۆتۈرگەن ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن بىر ئاتلىق ئادەمنىڭ كېلىپ توختىغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، كۆڭلىدە: «بىزگە دۈشمەن باستۇرۇپ كېلىۋاتامدۇ، نېمە، - بۇ ئادەم ئالدىن ئەۋەتىلگەن چارلامچى - خەۋەرچى بولمىسۇن يەنە» دەپ ئويلاپ،

دەرھال كەينىگە يېنىپ ئورمانلىقتا چۈشۈپ، ھېلىقى ئاتلىق پەيدا بولغان جايغا يېقىنراق بىر يەرگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئادەم ئاتتىن بىر كۆرپىنى ئېلىپ يەرگە سالغاندىن كېيىن ئات ئۈستىدىكى خۇرجۇننى ئېلىپ، خۇرجۇندىن بىر ساندۇقچىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچقان ئىكەن، ساندۇقتىن ئون يەتتە، ئون سەككىز ياشلاردىكى بىر قىز چىقىپتۇ. قىزنىڭ چىرايلىقلىقىدىن ئورمانلىق يورۇپ كەتكەندەك بوپتۇ. قىز دەرھال سەپەر ئوچىقىنى قۇرۇپ، چۆگۈنگە سۇ ئېلىپ ئېسىپ، ئوتۇن تېرىپ، ئوت قالاپ چاي قاينىتىپتۇ. ئۇلار تۈرلۈك نازنېمەتلەر بىلەن چاي ئىچىشىپتۇ، «بەزمە» قۇرۇپتۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم قىزنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپتۇ. قىز يانچۇقىدىن بىر نېمىنى ئېلىپ ئۇ كىشىنىڭ بۇرنىغا بىردەم تۇتۇپ تۇرغاندىن، كېيىن، ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىدىن ئېلىپ يەرگە قويغانىكەن، ئۇ كىشى ھېچنېمىنى تۇيماي ئۆلۈكتەك قېتىپ يېتىۋېرىپتۇ. قىز ئۆزى چىققان ساندۇقتىكى كىيىمى ئارىسىدىن بىر قۇتىنى ئېلىپ ئاچقانىكەن، قۇتىدىن نەۋقىران بىر يىگىت چىقىپتۇ. قىز ئۇنى ئوزۇقلاندۇرغاندىن كېيىن ئىككىسى ئەتراپنى بىردەم سەيلە - تاماشا قىپتۇ. ئاندىن مۇھەببەت چۈشكىدە ئېغىنىشىپ بىر تەن-بىر جان بولۇپ كېتىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن قىز: «ئۇنىڭ ھوشىغا كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالاي دېدى» دەپ يىگىتنى قۇتىغا كىرگۈزۈپ ساندۇققا جايلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئاۋۋالقىدەك ھېلىقى كىشىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا قويۇپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھزادىدە ھەر خىل خىياللار پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ھېكايىچى موماي، ئۇ ئېلىپ كەلگەن يوغان ساندۇق لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ ــ دە، ئۇنىڭ كاللىسىدا: «مېنىڭ مەلىكەمۇ تەنھا ئەمەس» دېگەن ھۆكۈم چاقماق تېزلىكىدە پەيدا بوپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن ئۇخلاپ ياتقان كىشى بىر چۈشكۈرۈپ ئويغىنىپتۇ ــ دە، سەكرەپ ئورنىدىن

تۈرۈپ، ئالمان ـ تالمان قىزنى ئەسلى جايىغا بەند قىلىپ، لاقا ـ لۇقىسىنى ئاتقا ئارتىپ، ئۆزەڭگىگە پۇتىنى قويۇشىغا تۇيۇقسىز:

— ھەي ئەزىز مېھمان، توختاڭ! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ كىشى ئەندىشىگە چۈشكەندەك ئەتراپقا ساراسىمىلىك بىلەن قاراشقا باشلاپتۇ. شۇچاغدا شاھزادە دەرەخلەر ئارىسىدىن چىقىپ، ئۇ كىشىگە سالام بېرىپتۇ. يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك پەيدا بولغان بۇ ئادەمنى كۆرۈپ ھەيران بولغان يولۇچى:

— سالامەت بول يىگىت، مېنىڭ ئالدىمغا قەيەردىن كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپتۇ.

— كۆڭۈل ـ كۆكسۈمنى ئېچىش ئۈچۈن، ئورمانلىق ئىچىدە ساياھەت قىلىپ يۈرگەنىدىم، مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ساڭا يولۇقۇپ قالدىم.

— مەندە ئىشىڭ بولمىسا يولۇمنى ئېچىۋەت، مەن ماڭاي.

— ئاكا، دەپتۇ شاھزادە، — مەن مۇشۇ مەملىكەت شاھىنىڭ ئوغلى بولىمەن، سېنى قەسرىخانەمگە بىر پىيالە چايغا تەكلىپ قىلماقچىمەن، چۈنكى سەن بۇ يەرلىك ئەمەستەك قىلىسەن، بىزنىڭ تۇپرىقىمىزغا قەدەم قويغانىكەنسەن، سەن بىزگە مېھمان.

—مەن بارالمايمەن، مەنزىلىم يىراق، يولۇمدىن توسما.

— ئادەمگەرچىلىك بىلەن تەكلىپ قىلىنغان چايغا بارماسلىق ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ، ھۆرمەتسىزلىك دوستلۇقنى بۇزىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يولۇچى نائىلاج ماقۇل بوپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ ئېتىنى ئوتلاش ئۈچۈن ئورمانلىققا قويۇپ بېرىپ، ئۇ كىشىنى خۇرجۇنى بىلەن قەسرىگە ئېلىپ چىقىپتۇ ۋە ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈپتۇ. تۈننى قىزىق پاراڭلار بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. تاڭ ئېتىپتۇ. ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن شاھزادە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەلىكىگە چۈشلۈك تاماقنى سەككىز كىشىلىك تەييارلىتىشنى
بۇيرۇپتۇ. تاماق تەييار بولۇپ داستىخانغا سەككىز تەخسە
تاماق قويۇلۇپتۇ. شاھزادە ئۈچ تەخسە تاماقنى مېھمانىنىڭ
ئالدىغا، ئىككى تەخسە تاماقنى مەلىكىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، بىر
تەخسىنى ئۆز ئالدىغا تارتىپتۇ. موماي بىلەن دېدەكنىمۇ ئولتۇرغۇ-
زۇپ، ئىككى تەخسە تاماقنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويغاندىن
كېيىن:

— قېنى قىممەتلىك مېھمانلىرىم، غىزاغا بېقىڭلار! —
دەپ ھەممەيلەننى تاماققا تەكلىپ قىپتۇ. بۇنىڭدىن تەئەججۈپ-
لەنگەن مېھمان:

— شاھزادە بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، قىزىقچىلىق قىلىۋاتام-
سىز، بىر جېنىمغا ئۈچ تەخسە تاماقنى قانداق يەيمەن؟ —
دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— ئىگىسى بار، — دەپتۇ شاھزادە ۋە، — ئەي مېھ-
مىنىم، سەنمۇ مەن ئويلىغاننى ئىكەنسەن، ئەپسۇسكى،
سەن ئۆزۈڭدىنمۇ ئۇستا سېھىرگەرنىڭ بارلىقىنى ئويلىماپسەن،
رەنجىمەي خۇرجۇنۇڭدىكى ساندۇقتا ياتقان مەھبۇبەڭنى چىقار،
ئۇمۇ ماڭا مېھمان، غىزالانسۇن.

بۇنى ئاڭلىغان مېھمانىنىڭ ئەرۋايى ئۇچۇپتۇ. چۈنكى ھېچكىم بۇ
سىردىن خەۋەردار ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە شاھزادىنىڭ
سېھىرگەر توغرىسىدىكى سۆزى ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويۇپتۇ. لې-
كىن ئۇ «شاھزادە ئورمانلىقتا بۇ مەخپىيەتىمدىن خەۋەردار بول-
غانىكەن - دە» دەپ ئويلاپ غىڭ - پىڭ قىلماي خۇرجۇن-
دىن ساندۇقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قىزنى چىقىرىپتۇ.
شاھزادە مېھمانىنىڭ ئالدىدىكى ئۈچ تەخسە تاماقتىن بىر تەخ-
سىسىنى قىزنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئاندىن قىزغا:

— ساندۇقتا سەن بىللە تۇرۇۋاتقان يىگىتنى قو-
يىدىن چىقار! — دەپ ئەمىر قىپتۇ. قىز قورققىنىدىن چىرايى

ساماندەك سارغىيىپ، ئەزايى ـ بەدىنى غال ـ غال تىترەپ
كېتىپتۇ. ئەمما نېمە ئىلاج. ئۇ يىگىتنى چىقىرىپتۇ. بۇنى كۆر-
گەن مېھمان غەرەپتىن قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ، ئورنىدىن
ئىرغىپ تۇرۇپ قىلىچىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ ئۇلارنى چېپىپ
تاشلىماقچى بوپتۇ. شاھزادە ئۇنى توختىتىپ:

— ئەي پالۋان، نامەردلىك قىلما. ئۆزۈڭ كۆتۈرۈپ يۈر-
گەندە گەپ قىلماي، ماڭا مېھمان بولغاندا تىغ كۆتۈرسەڭ
دورۇس بولماس! — دەپتۇ. ئاندىن ئۆز مەلىكىسىگە قاراپ، —
سەنمۇ ئېلىپ چىق! — دەپ خىتاب قىپتۇ. لېكىن مەلىكە مى-
دىر قىلماي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. غەزىپى قايناپ تاشقان شاھزادە، —
مەن ساڭا بۇيرۇق قىلىۋاتىمەن، قوپ ئورنۇڭدىن، دەپ قولى
بىلەن نوقۇغانىكەن، مەلىكە ئولتۇرغان جايىغا يىقىلىپتۇ. چۈنكى
ئۇ مېھماننىڭ ئالدىغا ئۈچ تەخسە تاماق قويۇلغانلىقىنىڭ
سىرى ئېچىلىش بىلەن ئۆز ئالدىغا ئىككى تەخسە تاماق قويۇل-
غانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ، قورقىنىدىن ئاللىقاچان جېنى
قەپىسىدىن يىچقىپ كەتكەنىكەن. شاھزادە قېرى دەللىگە ئىشا-
رەت قىپتۇ، دەللە تەقدىرگە تەن بېرىپ ئۆزىگە بېرىلگەن خا-
نىدا ھېلىقى چوڭ ساندۇقتا ساقلاۋاتقان سودىگەر زادىنى
ئېلىپ چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن دېدەك ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي،
ھەيرانۇ ـ ھەسلىك ئىچىدە:

— ۋاي خۇدايىم، بۇ نېمە ئالامەت، بۇ نېجىس مەخ-
لۇقنى ئەجەب كۆرمەپتىمەنغۇ. بۇ ئىپلاس دەللە مېنىڭ كۆزۈم-
نى باغلاپ قويغانمۇ ـ نېمە؟... — دەپ تەھلىكىگە چۈشۈپ
قاپتۇ. شاھزادە:

— چۆزەم، سەن گۇناھسىز، پەلەكنىڭ مانا مۇشۇنداق
كارامەت ئويۇنلىرى بار، — دەپ ئۇنى تىنچلاندۇرۇپتۇ. دەل
شۇ پەيتتە يولۇچى ئۆز خوتۇنى بىلەن ئۇنىڭ ئوينىشىنى
ئىككى قولتۇقىغا قىسىپ قەسىرنىڭ چۆرىسىگە قويۇلغان تۆمۈر

سالاسۇن تەرەپكە مېڭىپتۇ. شاھزادە:

— مېھمان، ئۇلارنى نەگە ئېلىپ بارىسەن، نېمە قىلماقچىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ مەلئۇنلارنى دەرياغا تاشلىۋەتمەكچىمەن، لەھەڭلەرگە يەم بولسۇن! — دەپتۇ يولۇچى.

— ياق، بولمايدۇ، — دەپتۇ شاھزادە، — بۇ ئىپلاسلارنىڭ ناپاك تېنى بىلەن سۈزۈك، ساپ دەريا سۈيى بۇلغانمىسۇن! — دەپتۇ - دە، يۈگۈرۈپ خانىسىغا كىرىپ زۇلپىقارىنى يالىڭاچلاپ كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ ۋە مېھمانغا قاراپ، — چاپ! — دەپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بەش نائەھلى قىيما - چىيما قىلىنىپ، تاپتىن ئېرىغدالغان «ئاسمان ساراي»دا شاھزادە، مېھمان، دېدەكتىن ئىبارەت ئۈچ جان قاپتۇ. شاھزادە مېھمانغا:

— مەن نازاكەت باغدىن دىيانەت گۈلىنى كۆتكەنىدىم، بىراق بۇنىڭغا «ئاسمان ساراي» بىلەنمۇ، سەن ئىشلەتكەنىدەك سېھىر جادۇ قىلىش بىلەنمۇ ئېرىشكىلى بولمايدىكەن، مەن ھازىر شۇ خاتالىقىمنى تونۇدۇم. سۆيگۈ سۇلتانىنىڭ تەختى بولغان يۈرەك ئەخلاق ئۈنچىسى بىلەن نەقىشلىنىپ، ئۇنىڭغا تەۋە بولغان پۈتۈن زېمىن - ۋۇجۇد ساداقەت بۇلىقىدىن سۇ ئىچىپ، ۋاپا گۈلىستانىغا ئايلىنالىسا، ئاندىن بۇ باغدا تۇزىماس بەخت گۈلى پارلايدىكەن، — دەپتۇ - دە، بۇ سۆزنى نەزمىگە ئايلاندۇرۇپ مۇنۇ قىسمەتنى ئوقۇپتۇ.

سېھىرلەرنى سېھىر يېڭەر، ھىيلىنى مېكرى،
ۋە لېكىن ھېچ يېڭىلمىگەي ۋاپا - دىيانەت.
خۇلاسەم شۇ — مۇھەببەتكە سادىق بولسا دىل،
ئاسمان ساراي، تىلسىم ساندۇق، قۇلۇپ بىھاجەت.

(«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىل 2 - سانىدىن ئېلىندى.)

责任编辑：吉利力·穆罕默德
封面设计：加拉力丁
责任校对：海热尼沙·阿斯木

维吾尔民间故事选（14）（维吾尔文）
萨塔尔·托合提 编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号 邮政编码 830001）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米 32开本 9.75印张
1993年11月第1版 1993年11月第1次印刷
印数：1——5,900

ISBN7—228—02473—7/I·864 定价：2.55元